# قۇتلۇق ئىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# قۇتلۇق ئىز

(شېئىرلار توپلىمى)

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھاجى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
1985 - يىل

قۇتلۇق ئىز

(شېئىرلار توپلىمى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھاجى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168مم، 1/32

باسما تاۋىقى: 11·4375 قىستۇرما ۋارىقى: 1

1985 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

1986 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 5250

---

نومۇرى: M10264·56 باھاسى: 0·93 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## نەشردىياتتىن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلاپ چىقىرىلغان بۇ توپلامغا، بىر قىسىم پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلارنىڭ قىسمەن شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

بۇ شېئىرلاردا ئۇلۇغ پارتىيىمىز، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز، ئۇلۇغ خەلقىمىز، ئۇلۇغ دەۋرىمىز قىزغىن مەدھىيىلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىگىدىكى ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىسلاھات دەۋرىدىكى شانلىق ئىش - ئىزلىرى، يېڭى ھاياتى ھەم جۇشقۇن روھىي - ھالىتى نامايەن قىلىنىدۇ؛ ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل شەھەر - قىشلاقلىرى، گۈزەل تاغۇ - دەريالىرى، دېڭىز - ئوكيانلىرى كۈيلىنىدۇ؛ ساپ ۋىجدان، گۈزەل ئەخلاق، مەرتلىك، جاسارەت، ئىلىم - پەن، ھالال مېھنەت، چىن سۆيگۈ - ساداقەت قاتارلىق ئالىيجاناپ خىسلەتلەر چوڭقۇر شېئىرىي پىكىرلەر ئارقىلىق مەدھىيىلىنىدۇ؛ قارا نىيەتلىك، پەس ئارزۇ - ھەۋەس، ئاچكۆزلۈك. تەييارتاپلىق ۋە ھورۇنلۇق، ساختىپەزلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەر ئۆتكۈر تەنقىد قىلىنىدۇ.

شېئىرلار ئۆزىنىڭ رېئاللىغى، سېزىمىنىڭ نوزۇك، ھېسسىيا-
تىنىڭ كۈچلۈك، شېئىرىي زىبۇ-زىننەتلىرىنىڭ نەپىس، تىلىنىڭ
يارقىن ۋە چۈشىنىشلىكلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇغى بىلەن
كىشىلەرنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن
شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى مۇۋاپىق تاللانمىغان بولۇشى مۈمكىن،
شۇڭا، بۇ توپلامنى بەزى خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەردىن خالى
دەپ ئېيتالمايمىز. كىتابخانلار ۋە ئاپتورلارنىڭ تەنقىدىي
پىكىرلەر بېرىشىنى سەمىمى ئۈمىت قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

**تۇمۇر داۋامەت** ....................

ۋەتەن تويىغا .............................. 1

كۆيلەيمەن سېنى شىنجاڭ ........................ 2

سالام ساڭا، قىزىلسۇ .............................. 4

كورلىغا بارغىچە ئۆيلىغانلىرىم .................. 6

پايتەختتە مەدھىيە .............................. 8

**توختى سابىر** ....................

«تۆت چوڭ» نىڭ سىرى .............................. 11

ئەمەلپەرەسلەرگە .............................. 13

**ئەھمەد زىيائى** ....................

شۇم مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن شىكايەت .............. 14

ۋەتەن — تەن ئىرور، ئىتتىپاقلىق جېنى، يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى .............................. 15

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر**

قەشقەر قىزى .............................. 20

روبائىلار .............................. 21

**قۇربان ئىمىن**

ياشلىققا خىتاب .............................. 28

مۇناسىپ .............................. 29

تارىخقا نەزەر .............................. 30

روبائىلار .............................. 31

ئەرشىدىن تاتلىق
كەلدى كۆكلەم ................................ 33
ئۈژمە ........................................ 35
ئوبدان كەلدى ................................ 36
رەھمەتۇللا جارى
سېغىنىپ كەلدىم .............................. 38
كېۋىر نىياز
ھېچبىر جەڭدىن قالمىغىم يوق .................. 40
ئۈنى كۈيلىسەڭ ................................ 40
ئابدۇرېھىم توختى
مەن بۈگۈن كۈلمەمدىغان ........................ 42
ئالغا باراي .................................. 43
سۆيدۈم دېگەندە ............................... 44
سەن بىلەن .................................... 46
تەبىئەت ھەققىدە لىرىكا ....................... 47
پەرۋانە بىلەن شەپەرەڭ ........................ 48
سوزۇك
سۆيگۈ ۋە ئىجات ............................... 50
تۇرمۇش — ئىبرەت ئايىنەسى ..................... 51
كېلۇر ........................................ 52
ئەيلە باغ ئۆمرىڭنى ........................... 53
ياش ئىرور كۆڭلۈم ھامان ...................... 54
مۇھەممەتجان سادىق ........................... 55
شېئىر ۋە گۈزەللىك
قايتىدىن ياشارغان ............................ 56
ئۇيغۇر ئايالى ................................ 57

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەشرەپ ........................ 62

**مۆمىن سەپىرى**

بار ساڭا ........................ 66

توي ئۈستىگە توي ........................ 67

شېئىر — ئانا، شېئىر — ئوت ........................ 70

**ئابدۇسالام توختى**

سالام قەشقەر ........................ 74

خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا ........................ 76

**مەتتىلى زۇنۇن**

خوش، ئۈرۈمچى ........................ 79

كەلدى ........................ 83

**تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن**

يېڭى رەسىم ........................ 88

ئارزۇ ........................ 89

تېلېۋىزور ئالدىدا ........................ 90

بىز ئامراق ........................ 91

**ئېزىز نىيازى**

بوغدا كۆلىگە سەيلە ........................ 93

شائىرغا ........................ 94

گۈزەل تاشقورغان ........................ 95

**ھوشۇر ئىبراھىم**

ساتىرىلار ........................ 97

ۋەتەن — ئانا ........................ 100

**ئابلىمىت ھاجى**

ئالتۇن مۇنار ........................ 103

سەھرالىقمەن ........................ 113

ئابدۇسەمەت خېلىل
خىش ........................................ 119
ۋاپادارلىق ناخشىسى ........................... 119
جاپانىڭ كەينىدە راھەت ........................ 120
مىرزاھىد كېرىمى
يول خاتىرىلىرى ............................... 121
مىركامىل ياقۇبى
قۇتلۇق ئىز .................................. 132
مامۇت زايىت
خالىس ...................................... 144
ئاي ........................................ 145
ياماشسىمۇ .................................. 145
مەزمۇت ..................................... 146
تاتلىق ..................................... 147
ئالىم ...................................... 148
تۆھپە ...................................... 149
مۇھەممەت شاۋدۇن
ئائىلە لېرىكىلىرى ............................. 151
تۇرغان شاۋدۇن
خوشال ئۇچرىشىش .............................. 156
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
توز ھەققىدە .................................. 161
ئۈمىت توغرىسىدا ............................. 162
تۇرسۇنئاي ھۈسىين
ئۈچ شائىرەگە ................................ 164

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر قىز ........................................ 168
شۈندىن بىرى .................................. 170
هاجى ئەخمەت
خانتەڭرى ...................................... 173
ئانامغا ........................................ 174
گۈل ........................................... 176
ئۆتكۈرنىڭ غەزىلىگە مۇخەممەس ................. 177
ياشلىقىم ....................................... 179
گۈل بىلەن كېپىنەك ............................. 180
سادىر سادىرى
ئىلىم - پەن جەڭچىسىگە ......................... 182
بوستان ئىلى .................................... 183
شەرەپلىكمەن .................................... 184
ئەدەپ - ئەخلاقنى يار ئەيلە ...................... 184
باغۋەن قىز ..................................... 185
مېھرىم رىشتى ئۈزۈلمەس ........................ 187
زەينۇرە ئەيسا
بۇ سىرلارنى كىم يېشەر، سېنىڭ بىلەن مەن يەشمەي ........ 188
مۇھەممەتجان راشىدىن
قەشقەرغە خەت ................................... 192
پاكلىق ......................................... 197
سەمەت دوگايلى
دېگىنىز بولۇپ شاۋقۇنلار دىلىم (سېكىل) ........ 199
ئابلىز ھوشۇر
باغدا تۇغۇلغان نەزمىلەر ........................ 204

مۆيدىن سايىت

يۇرتۇم باغلىرى (سېكىل) ........................ 207

مۇتەللا ئىبراھىم

دۇتارىم ........................ 217

ئىزىڭدىن خەلق ئۈچۈن ئۈنسۈن گۈل - چېچەك ...... 218

باھار ھەققىدە غەزەل ........................ 219

«ئوۋچى» غا ........................ 221

ئارسلان

كۈلۈپ يۈرەرمەن ........................ 222

يۈرەك ناخشام ........................ 222

ئەركىنلىك ........................ 225

تارىم دولقۇنى ........................ 227

ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

غەزەللەر ........................ 231

جېلالى

ئانام ناخشا توقۇتقان ماقا ........................ 235

يىگىت لېرىكىسى ........................ 237

مۇھەممەت سىدىق تۆرى

گۈزەل ئارزۇلار ........................ 241

قەييۇم سوپى

خەتلەر ........................ 246

ئورۇمچى ........................ 248

مەخمۇتجان ئىسلام

تۇنجى قار ........................ 251

ئويغاق دەريا ........................ 252

ئاق كېچە ........................ 253

روزى سايىت


تاك لىرىكىسى ........................................ 255
بىلسەڭ ........................................ 256
جاھاندىن بەختىيار ئۆتكەي ........................................ 258
باھارغا مەدھىيە ........................................ 259
كۆكۆل ئىزھارى ........................................ 260


ئابدۇللا سۇلايمان


خىسلەت ھەققىدە مۇخەممەس ........................................ 262
كۆلدۈرۈپ ........................................ 264
ئوغلاق تارتىشىش ........................................ 265


نۇردۇن مۇسا


قىزىلگۈل ........................................ 268
ۋەتەن باھارى ........................................ 268


ئۇچقۇنجان ئۆمەر


يولداش ........................................ 271
تارازا ھەققىدە ........................................ 273


تۇرسۇن نىياز


كۆمۈلگەن ئەنجۈر ........................................ 274
جىگدە بىلەن ئازغان ........................................ 275
ئىشەك بىلەن ئۆكۈز ........................................ 276


ياسىن ھاۋازى


قانماسمەن ........................................ 277
يولىمىزمۇ بىر ئىكەن بىزنىڭ ........................................ 279


قاسىم سىدىق


پەندىيات ........................................ 281
يار ھەققىدە مۇخەممەس ........................................ 282

شېئىر بىلەن سۆھبەت ........................ 284
**ئابدۇكېرىم مەخسۇت**
نېفىت ئىشچىسىغا ........................ 288
كۆل، قىزىم ........................ 289
جۇڭغارنىڭ باغرىدا كېلىمەن ئۇيىچان ........................ 291
غەزەللەر ........................ 293
**ۋاھىتجان غوپۇر**
بۇلاق ۋە ئاي ........................ 295
كۆچەت تىكىش قوشىقى ........................ 296
ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ پاجىئەسى (مەسەل) ........................ 298
ھەسەتخور قاغا (مەسەل) ........................ 300
**دىلبەر قەييۇم**
رىزۋانگۈل ........................ 303
**نەسرۇللا ئابلەت**
تىيانشان، تويۇڭغا كۆيلىرىم بۇلاق ........................ 317
يېڭى يىل كۈيى ........................ 319
دوست ........................ 321
**ئابدۇللا ساۋۇت**
ۋەتەن ھەققىدە غەزەللەر ........................ 322
**ئابلىكىم باقى** ........................ 327
كۆردۈم ........................ 327
مەن كەلدىم ........................ 328
**تاھىر تالىپ**
يۇرتۇمنىڭ سۈيى ........................ 330
ئامرىغىم ........................ 331
**يۇسۇپجان ھېيت**

غەزەللەر ........................................ 333
ئانا تىيانشان .................................... 335
ئالىم مەخمۇت
قىيا تـاش .......................................... 339
ئابلىز ھەسەن
ئايدىڭ كېچە ...................................... 341
ئابدۇقادىر ھەسەن
كىتاپ ................................................ 343
ئەجىر ئەزدىم ...................................... 344
غولام ئەبەيدۇللا
تىيانشـان مۇھەببىتى ............................. 346

## تۆمۈر داۋامەت

# ۋەتەن تويىغا

ۋەتەن قوينى ياپ - يېشىل دۇنيا
يېشىل دۇنيا تويلار تارتىپتۇ.
بۇ — دەۋرنىڭ بەركىتىمىكىن،
ۋەتىنىمنىڭ شەۋكىتىمىكىن.
توي ئەلىدە شاتلىق ئارتىپتۇ.

قولنى - قولغا تۇتقان ھەر مىللەت
گۈزەل، پارلاق ئەتىمىز ئۈچۈن.
ھەر چېھرىدىن تال - تال نۇر ياغار،
گىرەلەشكەن دىللار بىغۇبار،
سۆيۈنىدۇ دەۋرىمىز ئۈچۈن.

ئاتا كەبى ۋە ئانا كەبى
مېھرىۋاندۇر بىزگە پارتىيە.
كۈن نۇرىنى بېرىپ ئۇ بىزگە،
بەخت يولىنى بەخش ئەتكەن بىزگە،
شۇڭا دىلدا پۈتمەس مەدھىيە.

يوللار داغدام، نىشانە نۇرلۇق،
تۆتلەشتۈرۈش يۈكسىلەر ئالغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلار بارار ئەمدى رىتىملىق،
ساۋاقلاردىن بولدۇق ئەقىللىق.
جان تەسەددۇق بۇ توغرا يولغا.

دەۋرىمىزنىڭ شانلىق نىشانى
بىزنى باشلار غالىپ كۈرەشكە.
قەھرىمانلىق شىجائەت بىلەن،
ئىلىم بىلەن، پاراسەت بىلەن
تەر تۆكىمىز ئەلنى گۈللەشكە.

1982 - يىل، ئۆكتەبىر.

## كۈيلەيمەن سىنى شىنجاڭ

ئەلمىساقتىن —
تا بۈگۈنگىچە،
تالاي شائىر تەۋرەتكەن قەلەم.
گۈزەل تاغ ۋە دەريالىرىڭغا
سۆيۈنۈش ئىلكىدە باسقاندا قەدەم.
ھاياجاندا نەزمىلەر توقۇپ،
سىنى ئۇلۇغلاپ كېلىشكەن ھەردەم.
تالاي رەسسام پەلكۈش ئويىنىتىپ،
سىزغان توزدەك رەڭدار ھۆسنۈڭنى.
تالاي كېيۈلوگلار كېزىپ قوينۇڭنى،
قالدۇرۇپ كەتتى،
زادى ئۆچمەس ئىز.
پىداكار ئەزىمەتلەر ساڭا جان تىكىپ،

كۆرەش قىلغان سېنى قۇرۇشقا،
كۆمۈش تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ سانسىز.
تالاي ناخشىچىلار كۈيلىگەن سېنى.
ئەڭ ياخشى ئاھاڭنى ساڭا بېغىشلاپ.
شۇنداق،

مەيلى كىم،

سېنى بىر كۆرسە،
بولار ساڭا قەلبىدىن ئامراق.
چۈنكى،

گۈزەلسەن،

بايسەن،
ئەي، خاسىيەتلىك. مۇقەددەس تۇپراق.
سۆيۈملۈك ماكانسەن، ئەي گۈزەل شىنجاڭ.
يوشۇرۇن كۈچ كۆپتۇر ئەزىز قوينۇڭدا.
ئىقبالىڭغا باقسام،

جۇشقۇن ئۈمىتلەر

ئويغىنىدۇ باغرىمدا.
ئېخ، شىنجاڭ.
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىللىق ماكانى.
«ئىككى ئايرىلماسلىق» كۈيىنى كۈيلەپ،
ياشنىماقتا خەلقىمىزنىڭ بەخت باھارى.
ئىناقلىق گۈللىرى ئېچىلدى تەكشى.
شۇنچىلىك رەڭدار، گۈلزارىمىزنىڭ يوقتۇر پايانى.
خەلقىمىز تىكلىدى يۈكسەك ئىرادە،
سېنى ئېچىشقا.

ئەتىمىز ئۈچۈن،

سېخى قوينۇڭدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرلۇك ــ تۈمەن بايلىقلارنى ئېلىشقا.
قوشۇنلار تەقمۇ ــ تەق،
كۆتمەكتە بۇيرۇق،
جەڭگە مېڭىشقا.
ئېخ، شىنجاڭ،
سېنىڭ ئەتەڭ،
رەڭدار رەسىمدەك كۆرۈنەر ماڭا.
سېنى كۈيلەيمەن،
ئەڭ گۈزەل ناخشامنى بېغىشلاپ ساڭا.
ئۇچقىن، قاناتلان،
«تۆتلەشتۈرۈش» نىڭ كەڭ ئاسمىنىدا.
تۆھپە قوش مۇقەددەس ئىشىمىز ئۈچۈن،
پارتىيە باشلىغان كەڭ داغدام يولدا.

1984 - يىل، فېۋرال.

## سالام ساڭا قىزىلسۇ

(قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
30 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن)

سالام بېرىپ تويۇڭدا باقتىم ساڭا قىزىلسۇ،
كۈلدى نۇرلۇق چېھرەڭدىن يەرۇ ــ ساما قىزىلسۇ.
ئۇرغۇپ تاشتى قەلبىمدىن شاتلىق سادا قىزىلسۇ،
بۇنى مېھمان ئوغلۇڭدىن سوغات سانا قىزىلسۇ.

ساليوت بەردى زەمبىرەك مەيداندىكى گۈلباغدا،
ئېخ، تەبرىكلەش يىغىنى باشلاندى دىگەن چاغدا.

شاتلىغىمىز قاناتلىنىپ ئۇچتى چەكسىز ئاسماندا،
سۆيدى مىسلى دىللارنى ئىللىق سابا قىزىلسۇ.

ئوتتۇز يىللىك ئۆتۈپتۇ شۇنچىلىك تېز سۈرئەتتە،
باتۇر خەلقىڭ قۇرۇپتۇ سېنى يېڭى جۇرئەتتە.
سان - ساناقسىز مۆجىزە يارىلىپتۇ ھەر سەپتە،
بولدى ساڭا ھەر ياندىن ئالقىش ئاتا قىزىلسۇ.

زېرەك، باتۇر، يېڭىلمەس ئەلگە مەشھۇر خەلقىڭ بار،
گۈزەل، چەكسىز يايلىغىڭ، بايلىق كانى تېغىڭ بار،
ساڭا ئىلھام، كۈچ بەرگەن ھۆر - بەختىيار چېغىڭ بار،
ۋەتەن كۈتكەن ھەر ئۈمىت سەندە ئادا قىزىلسۇ.

مۇھەببىتىم بار ئەدى ساڭا بۇرۇن - بۇرۇندىن،
سېنى چەكسىز سېغىندىم ۋە تەلپۈندۇم ئۇزۇندىن،
سېنىڭ تويۇڭ بىر ئۇرۇن بەردى كاتتا سورۇندىن،
راھەت ماڭا سەن ئۈچۈن چەكسەم جاپا قىزىلسۇ.

كەتتى ئەمدى كەلمەسكە شۇم ئۆتمۈش قارا تۈنلەر،
پارتىيىمىز بولمىسا بولارمىدى شات كۈنلەر.
كۈندىن - كۈنگە شان قۇچۇپ دائىم ئالغا ئىلگىرىلە،
يوروق ئىقبال ئەبەتلىك ياردۇر ساڭا قىزىلسۇ.

1984 - يىل، سېنتەبىر.

# كورلىغا بارغىنچە ئويلىغانلىرىم

تۇرپاندىن يولغا چىققان پولات يورغا،
پۇشقۇرۇپ كورلا تامان ئۇچۇپ بارار.
چايقالماس پىيالىگە قويغان چېيىم،
بىر شەھەر خۇددى شۇتاپ كۆچۈپ بارار.

كۆڭلۈمدە رەھمىتىم جىق بۇ يول ئۈچۈن،
جان تىكىپ تەر ئاققۇزغان باتۇرلارغا.
باتۇرلۇق داستانىدۇر ئىش - ئىزلىرى،
مۆجىزە پۈتۈلگەندۇر قۇر - قۇرلارغا.

كونىلار «يول ئازاۋى گۆر ئازاۋى»
دەپ تەمسىل قىلغانلىرى چىقماس ئېسىتىن.
بۇ تەمسىل كونا زامان ئۈچۈن ئەينەك،
ئەمدىچۇ، چۈشۈپ قالدى ئۇ، لۇغەتتىن.

ھەش - پەش دەپ بولغىچىلىك مانا ئالغۇي،
ئالدىمدا چىراي ئاچتى كۈلۈپ تاتلىق.
بىر چاغلار چۈشتى ئېسكە خۇنۇك چۈشتەك،
قەلبىمدە كىرەلەشتى ئەلەم، شاتلىق.

ئىشەككە كۆمۈر ئارتىپ، ئوتۇن ئارتىپ،
ئۆتكەنمەن جىم يول بىلەن بۇندىن تالاي.
ئۆتكەنمەن بوران ھۇۋلاپ تۇرغان چاغدا،
قىش كۈنى سىرداش بولغان ماڭا بۇ ساي.

لەك توشۇپ زار قاخشايتتى يۇرتۇم خەلقى،
چىقاتتىم مەنمۇ كالا هارۋاسىدا.
قوملۇقتا، سازلىقلاردا چاق يۆلەيتتىم،
تۇرپاننىڭ تونۇر بولغان هاۋاسىدا.

ئاشۇنداق مىڭ بىر ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ،
يەتكۈزسەك ئۆز جايىغا لەگنى ئاران.
بۇقىدەك بوينى قات - قات ئايغاقچىلار،
كېچىكتىڭ، دەپ سوراقلاپ زۇلۇم سالغان.

ئېخ، بۈگۈن ئىلىم - پەننىڭ كۈچى بىلەن،
بۇ سايلار كۆمۈش يولغا يول بوشاتتى.
كەلمەسكە كەتتى ئەبەت «گۆر ئازاۋى»،
ئارزۇلار سۇلمايدىغان چېچەك ئاتتى.

تاغ تېشىپ، چۆللەر ئېشىپ كەلدى پويىز،
يۇرتۇمنىڭ نەشپۈتزارلىق ۋادىسىغا.
بۇ ۋادا سېۋەت - سېۋەت نەشپۈت تۇتتى،
تۆمۈر يول ياسىغۇچى بالىسىغا.

داپ - دۇتار نەغمە قىلدى شادىيانە،
ئۇسۇلغا چۈشتى هەممە كۈلۈپ يايراپ.
نەشپۈتلۈك باغلار ئارا شات تەنتەنە،
پەيزى قىپ قۇش - قاناتلار كەتتى سايراپ.

كىم كۈلمەس، كىم خۇشال بولماس بۈگۈن شۇنچە،
بەختىگە قات - قات بەخت كېپ قوشۇلسا؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۆجىزە، كەشپىياتقا باي دەۋردە،
ھەر كۈنى تالاي يېڭى ئىش تۇغۇلسا؟!

كورلىدا پويىز ئۈچۈن بۈگۈن لېنتا —
كېسىلدى، گۈدۈك بەردى پاراۋوزلار.
ئەتىلا فەشقەر، خوتەن بۈگۈنكىدەك،
شاتلىنىپ بۇ تۇلپارنى كۈتتۈۋالار.

خىياللار — تاتلىق ئارزۇ ئەنە شۇنداق،
بىرمۇ بىر ئىشقا ئاشار دەۋرىمىزدە.
بېيجىڭدىن چىن كاپالەت، تېخىمۇ چوڭ،
تويلارنى ئوينايمىز بىز ئەتىمىزدە.

1984 - يىل، سېنتەبىر.

## پايتەختكە مەدھىيە

سۈرەت كەبى چىرايلىق، كۆركەم،
پايتەختىمىز ئۇلۇغۋار بېيجىڭ.
پورەكلىگەن گۈللەرگە ئوخشاش،
شۇنچىلىك ئۈز، بىغۇبار بېيجىڭ.

ئۈزاقلارغا سوزۇلغان رەستە،
باغچىلاردەك رەڭدار ۋە گۈزەل.
تۆت پەسىلنىڭ بەرى يېشىللىق،
يىللار بويى گۈلزار ئۇ تۈگەل.

بىيجىڭ شۇنداق گۈللەر دېگىزى،
رەڭ ۋە خۇشبۇي ھىدلار دۇنياسى.
بەس - بەس بىلەن ئېچىلغان گۈللەر،
بەختىمىزنىڭ سۇلماس رەناسى.

قەد كۆتەرگەن يۈكسەك بىنالار،
ئەسلىتىدۇ سەۋرى - چىنارنى.
قۇياش بىلەن ئاشىق - مەشۇق بوپ،
ئوينىتىدۇ ئاسماندا ئاينى.

رەڭدار چىراق نۇرى ئويناي‌دۇ،
كۆل سۇيىدە جىمىرلاپ، پارلاپ.
پۈتكۈل بىيجىڭ كىرىستال ئوردا،
سەيلە ئەھلى ئوينىشار قايناپ.

زاۋۇتلارنىڭ قوينى گۈلشەنلىك،
سۇجۇ بىلەن خاڭجۇدەك گۈزەل.
ئەمگەك گويا قايناق بىر بايرام،
ئەمگەكچىلەر ئوقۇشار غەزەل.

قاتناش بۇندا قولاي شۇنچىلىك،
رەت - رەت يوللار تارتىلغان ھەريان.
يەر، ھاۋا ۋە يەر ئاستىدىمۇ،
قاتناش شۇنچە تەرتىپلىك، راۋان.

سەنيۈەن سىترو كۆۋرۈك،
كىندىگى بوپ قاپتۇ بىيجىڭنىڭ.

رېستورانلار، مېھمانخانىلار،
مېڭى بولۇپ قاپتۇ بېيجىڭنىڭ.

بەشيۈلتۈزلۈق قىپ - قىزىل بايراق،
تيەنئەنمىندە تۇرار يەلپۈنۈپ.
مەيدان شۇنچە ئۇلۇغۋار، كۆركەم،
تۇرغاچ تۇغدىن نۇرلار تۆكۈلۈپ.

كونا بېيجىڭ كىرگەن تارىخنىڭ،
موزېيىغا كۆرگەزمە بولۇپ.
يېڭى بېيجىڭ مېھنەت، نەجرىبە،
يۈز ئېچىپتۇ ھۆسنىگە تولۇپ.

ئىسلاھاتنىڭ نۇرنەك، ئۈلگىسى —
بولۇپ قالدى پايتەختىم بېيجىڭ.
پايتەختىمىز ئالغان چوڭ قەدەم،
شىجائىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ.

غورۇرىمىز، پەخرىمىز بېيجىڭ،
شەرىپىمىز، ئىقبال بەختىمىز.
ئالتۇن ئۈزۈك دىسەك ۋەتەننى،
ياقۇت كۆزى شۇ پايتەختىمىز.

1984 - يىل، ئۆكتەبىر، بېيجىڭ.

توختى سابىر

## «تۆت چوڭ» نىڭ سىرى

كۆلكىلىك ئىشلارمۇ ئۆتتى بىر مەھەل،
«ئىنقىلاپ» نامىدا بولدى چوڭ جىدەل.
بارچىغا «روھ» تىن «شىپا» تاپماق بولۇپ،
كەتتى يامراپ «تۆت چوڭ» ئاتالىق بىر كېسەل.

ئالدى مەيداننى بىشەملەر ۋاقىراپ:
«ئەسلىدىنلا ئىنقىلاپچى مەن ئىدىم.
سەن ھوقۇقدارلار ماڭا پەيت بەرمىگەن،
مانا ئەمدى مەن يۈرۈشنى باشلىدىم.

مەن ئۈچۈن قورال — قەلەم، قەغەز، سىيا،
سەن ھوقۇقدارلارنى توپقا تۇتىمەن.
ماڭا بەرگەن تەنقىدىڭگە تويغۇزۇپ،
توقى - لەنەتنى بېشىڭغا ئاتىمەن.

باشقۇرۇش دەۋرىنىڭ ئاياقلاشتى سېنىڭ،
ئىش قىلىشقا يولمۇ بەرمەيمەن ساڭا.
ئۇپا سۈرتكەنلىك ساڭا — مەن ئىشلىسەم،
قىلما دەۋەت كونا بۇ ئىشنى ماڭا.

www.uyghurkitap.com

قورقۇتالمايسەن ئىزام ـ قانۇن بىلەن،
ساقچى، سوت، تەپتىشلىرىڭمۇ بىر باماق.
مەيلى ئۇرساق، مەيلى چاقساق ئىختىيار،
چۈنكى ئىسيانچىغا كەلمەيدۇ سوراق.

ئىشلىرىمدىن ئىزلىمە ھەرگىز قۇسۇر،
سەن شۇنى بىلگىنكى بىگى شەيئى مەن.
كۆز ئالايتما، ئاشتى ھەددىدىن دىبان،
ئامىنىڭ توغرا ھەمىشە، ئاما ـ مەن»

×

شۇ جىدەلخورلار ئەجەپ چالۋاقىدى،
پەش قىلىپ «تۆت چوك» نى ھەرخىل گەپ توقۇپ.
قىلغۇلۇق بولسىلا قىلدى توختىماي،
خام خىيال، شۇم قەست ئۈچۈن سەنپەن سوقۇپ.

نامى پۇر كەتكەن ئەشۇ «تۆت چوك» ھوقۇق،
ياخشىنى قىلدى يامان، ئاقنى قارا.
يانتاياق بولدى يامانغا يەل بىرىپ،
پاك ۋۇجۇتلار باغرىنى قىلدى يارا.

قىلدى مىڭ بىزار ئۆزىدىن بارچىنى،
ئۇ بولۇپ ئەخلاق ـ پەزىلەت دۈشمىنى.
پىتنىلەر دەسمايىسى بولغان ئۈچۈن،
ئىپتىقۇسىز كۆپ بولدى ئۇنىڭ زىيىنى.

×

چەقتى كاردىن، چۈشتى ئاتتىن ئۇ بۇگۈن،
رەھىمسىز تارىخ قىلىپ دانا ھۆكۈم.
بۇ ھۆكۈمدىن بارچە كۆلدى شاتلىنىپ،
تىنچلىنىپ ئەل ئەمدى گۈللەيدۇ چوقۇم.

## ئەمەلپەرەسلەرگە

گۈل قىسىپ تاجى دىمە — بولسا گۈل تاجى سۈپەت،
تون كىيىپ ھاجى دىمە، تون كىلەر قىلسا نىيەت.
تاجى قىسقان چاغلىرىڭدا ئويىنىدىڭ گۈل دەپ ئۇنى،
بىر قىسىپ ئالغان بىلەن ئۆلگىچە بەرمەي پەقەت.
قانچە قالسائمۇ ئىزاغا — سالمىدىڭ سەن زەڭ ئاڭا،
ھەر كۈنى قىلغان ئىشىڭنىڭ سىرىنى بىلمەي پەقەت.
تاجى قىسقان كىشىدە ئۆزگىچە خىسلەت بولۇر،
گۈل ئەمەس ئويىنايدىغان ئۇ، قىسمىتى بار مىڭ قەۋەت.

1980 - يىل، ئۆكتەبىر، گۇاڭجۇ - شياڭگاڭ.

www.uyghurkitap.com

ئەھمەد زىيائى

## شۇم مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدىن شىكايەت...

(كۆڭلۈمگە خىتاپ)

ساڭا ئاز، ئى كۆڭۈل، نىچۈن بۇ يولنى ئىختىيار ئەتتىڭ،
قەلەمدەك دەردى سەرنى دائىما ئۆزۈڭگە يار ئەتتىڭ!

يۈرەك سىرىنى تاپشۇردۇق ئۇنىڭغا ياخشى مەھرەم دەپ،
تەپەككۇر غەزنىسىدىن قانچە گۆھەرلەر نىسار ئەتتىڭ.

قەلەم ھەر نەرسىدىن ئەلا دىدىڭ، قويدۇڭ ئۇنىڭغا ئىشق،
قەلەم ئىلكى بىلەن دىل ئەينىگىنى بىغۇبار ئەتتىڭ.

ئۇنىڭ ئاۋازىنى سۆيدۈڭ، مۇھەببەت بىرلە باغلاندىڭ،
پۈتۈن زىھنى - ۋۇجۇدۇڭنى قەلەم سازىغا تار ئەتتىڭ.

نەتىجە بولدى شۇ ئاخىر كى ئۆتكەن شۇنچە ئۆمرۈڭدىن،
جاھانىڭ سەفھەسىگە دەرت - ئەلەمنى يادىكار ئەتتىڭ.

شىكايەت قىلدى مەندىن دەپ، مېنىڭدىن رەنجىمە كۆڭلۈم!
زىيائىنى نەپەس خوشلۇق ھاياتقا بەكمۇ زار ئەتتىڭ.

1968 - يىل، ئاۋغۇست، قەشقەر.

ۋەتەن — تەن ئىرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى

(تەرجىئى بەند)

ئىناقلىق گۈلى، كىمنۇ سۆيمەس سېنى!
ئى بەختلىك ھاياتنىڭ گۈزەل گۈلشىنى!
كېتەلمەس ساڭا ئوخشىشىپ ھېچقاچان،
قۇياش، ئاي ۋە يا سۇبھىنىڭ كۈلگىنى.
تەرەققىيات ۋە شەۋكەت پۈتۈن سەن بىلەن،
ئى بىرلىك سائادەت دۇرنىڭ كېنى!
كىمكى سېنى كۆڭلىدىن سۆيمەسە،
مۇقەررەر ئۇدۇر ئەل، ۋەتەن دۈشمىنى.
ئۇپۇقتا شەپەق بىرلە ھەر سۇبھى، شام
يېزىلماقتا خەتكىم شۇدۇر مەزمۇنى:
ۋەتەن — تەن ئىرۇر ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

خىيال، ئەقىل، تەپەككۇر بولار ھەر بىرى
يېپىشتى قاناتىنى ئۆتمۈش سېرى.
چېكى يوق ئۇ بوشلۇقتا جەۋلان قىلىپ،
كېتىشتى ئۇچۇشۇپ ناھايەت نېرى.
تەسەۋۋۇردىن ئارتۇقچە تېزلىك بىلەن،
قېقىلدى ناھايەت ئىنگىزدە پەرى.
فەزانى مۇشۇنداق ساھايەت قىلىپ،
گۈزەل نەرسىگە چۈشتى كۆزنىڭ قىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئۇ زاماننىڭ تەۋارىخ تومى،
ۋاراقلاندى ئەتلىرىنىڭ ھەر بىرى.
ئۇلار كۆزى ئالدىدا بولدى ئايان.
ھاياتنىڭ سىنالغان مۇشۇنداق قۇرى:
ۋەتەن — تەن ئىرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

بۇلار قىلدى سەير ئۆگدىشىپ ئۆزئارا،
دىدى ئەقىل بولداشلىرىغا: قارا!
ئىناقلىق گۈلىدىن زەۋق ئالمىغان —
كىشىنىڭ ئىچىدۇر قازاندىن قارا.
ئىرۇر بىرلىك ئۇ، بىر خازانسىز باھار،
ئۇنىڭ بىرلە ياشنار شەھەر، تاغ - دارا.
چېچىلاڭغۇلۇق، ئىختىلاپ بىر بالا،
ئۇنىڭ ياراسىدۇر ساقايماس يارا.
گۈزەل بىر ھاياتنىڭ خۇشھال سىرىنى
يېزىلغان مۇشۇ قۇر ئىچىدىن ئارا:
ۋەتەن — تەن ئىرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

بۇ بىرلىك، ھايات بەخش قۇياشتۇر ھامان،
ئىرۇر چېچىلىش، قارا زۇلمەت تۇمان.
بۇ ئۆتكەن زامانغا قارالسا ئەگەر،
ئىناقسىز بولۇشتۇر ياماندىن يامان.
راۋاج ياكى روناق تېپىپ ئۆتمىگەن،
ئىناق بولمىغان ئەل ئىشى ھېچقاچان.
تىلى، كۆڭلى بىر بولمىغان خەلق توپى،
ھەمىشە كۆرۈپ كەلدى قاتتىق زىيان،
ئىناقلىق ئاساسىدا دەۋر ئەيلەگەچ،

تىنچ ئايلىنار يەر، قۇياش، ئاسمان.
سىلىنسا ئەگەر مەنىۋى بىر قۇلاق،
جارائلاپ كېلۇر شۇ سادا ھەر زامان:
ۋەتەن — تەن ئىرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

يار ئۇ بولمىسا — يار بىلەن ئىتتىپاق.
قاچاندا بېرەلەيدۇ زەۋق، ئىشتىياق،
ئىناقلىق سۈيىدىن سىراپ بولمىسا،
ئاخىر چۈشىدۇ باشقا دەردى پىراق.
گۈزەل يارنىڭ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ،
جۇدالىق ئوتىدا كۆيەر ئۇ بىراق.
نە ئىشرەت. نە تۇرمۇش، نە ئارام ئۇڭا،
قارا تۈنلىرى ھەرگىز بولمايدۇ ئاق.
يۈكسەك غايىلەرگە بولار يەتكىلى،
ھەقىقەتتە بولغاندا چىن ئىتتىپاق.
سائادەت، ئىناقلىقتا باغلىق ئىرۇر،
ئۇپۇققا يېزىلغان مۇشۇ قۇرغا باق:
ۋەتەن — تەن ئىرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

دىدى پىكىر - خىيالغا خىتابەن ئەقىل:
بولۇر ئىتتىپاق نىمە قىلسا ھاسىل؟
ئىرۇر ئىتتىپاق ئىككى نەرسە ئارا،
ئەگەر ئىككىسى بولسا ئۇ ئىككى خىل،
بۇ چاغدا ئىناقلىق ئۆزى يوق بولۇر،
بۇڭا تۈز بىلەن ئەگىر ئوبدان دەلىل.
ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ تىرىشقاندىلا،
ئۈزۈلمەس بۇ ئىككى ئارادىكى قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«قۇتادغۇ بىلىك» ئىگى شۇ بېيىتلىنى
ئوقۇپ ئۈستىدە بىر پىكىر ئەيلىگىل:
«سەنى سىز تەسەلەر ئانى سىز تىگىل،
تاقى ئاندا يەگرەك يانۇت سۆزلىگىل.
قىيا ياڭقوسىدىن قوزى بولمىغىل،
سىنى سەن تەسەلەر ئانى سەن تىگىل»
يەشمىسى:
«سېنى سىز دېسىلەر ئانى سىز دېگىل،
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاپ سۆزلىگىل.
قىيا ياڭقوسىدىن تۆۋەن بولمىغىل،
سېنى سەن دېسەلەر ئۇنى سەنلىگىل.»
بۇۋاڭنىڭ ئادالەت بۇ ھەق سۆزىنى،
مۇھىم ئىتتىپاقلىق تارازىسى قىل.
مۇشۇ شەرت ئاساسىدا سەن ئەرتە ـ كەچ،
تۆۋەندىكى مىسرالىنى ئوقىغىل:
ۋەتەن ـــ تەن ئىرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

تەپەككۇر، خىيال ئەقلىغا قويدى قول،
دېيىشتى ئىناقلىق يولى مۇشۇ يول.
ئادالەت سۈيىدىن بېرىلمىسە سۇ،
ئىناقلىق بېغىدا ئېچىلمايدۇ گۈل.
ئىناقلىق يوقىلىپ چىقسا ئىختىلاپ،
يېتىم بولغۇسى پاللار، خوتۇنلار تۇل.

لەچە دىسمۇ ئاغزىدا ئىتتىپاق،
ئىپادە قىلالمايدۇ مەنانى ئۇل.
تاۋارىخ بىتىگە قارالسا ئەگەر،
يېزىلغان شۇ شەرت بىرلە. شۇ سۆز نوقۇل:
ۋەتەن — تەن ئىرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

1984 - يىل، فېۋرال، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## قەشقەر قىزى

ئاي جامالىڭنى كۆرۈپ، ئاينىڭ قىزىكەنغۇ دېدىم،
نۇر چېچىپ تۇرسا يۈزۈڭ، كۈننىڭ ئۆزىكەنغۇ دېدىم.

مىڭ جېنىم بولسۇن تەسەددۇق بىر قاراشىڭغا سېنىڭ،
كۆزلىرىڭنى تاڭ سەھەرنىڭ يۇلتۇزىكەنغۇ دېدىم.

يەلپۈنۈپ تۇرسا چېچىڭ گۈلشەن ئارا كەزگەندە سەن،
قايىنغان ئالتۇن بۇلاقنىڭ قۇندۇزىكەنغۇ دېدىم.

سۆزلىرىڭ ئاندىن لەزىز ئەنجۈر مىسالى شىرىنلىك،
نامۇس - ئىپپەت بىلەن ۋىجدان سۆزىكەنغۇ دېدىم.

ھەر سەھەر باسقان ئىزىڭدا كۈلسە يۈمران مايسىلار،
پاھ، بۇ قىزنىڭ ئىزلىرى بەركەت ئىزىكەنغۇ دېدىم.

ئاخشىمى تالدەك ئېگىلسەڭ كىتىۋىڭنىڭ ئۈستىگە،
دەۋرىمىزنىڭ قىزلىرىنىڭ زەپ ئۆزىكەنغۇ دېدىم.

ھەر ئىشتىكەندە سېنىڭ تارىڭ بىلەن ناخشاڭنى مەن،
سورىماي تاپتىم ئېتىڭ قەشقەر قىزىكەنغۇ دېدىم.

1984 - يىل، ئاۋغۇست، قەشقەر.

## روبائىلار

1

ۋەتەن يادى مېنىڭ سۈبھىگاھىمدۇر،
ئۇ كۈندۈر ئاپتىۋىم، تۈندە ماھىمدۇر.
ئەگەرچە ئەيلىسە رەشىك مەيلى كەئبە،
ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

2

ئۆستۈردى قوينىدا مېنى شۇ تۇپراق،
ئۆلسەممۇ ماڭا ئۇ بولغۇسى يۇمشاق.
شۇ ۋەتەن ئىشقىدىن ئۇلۇغ نىمە بار،
سىغمايدۇ كۆكسۈمگە بۆلەك ئىشتىياق.

3

مەجنۇن تال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلىدۇ تازىم.
سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا —
بۇرچىمىز قانچىلىك ئويلايلى دائىم!

4

ئانا سۈتى ئاقارتقاي دىلىڭنى سېنىڭ،
مەرىپەت يورۇتقاي يولۇڭنى سېنىڭ.

ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى كۈچ، ئۈمىت بېرىپ،
پەلەككە يەتكۈزگەي قولۇڭنى سېنىڭ.

5

ھەر قانچە ئېگىزدە قۇش پەرۋاز قىلار،
ئۇزۇغى، ئۇۋىسى يەر ئۈزرە بولار.
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،
پۇتلىرىڭ ھامان شۇ تۇپراقتا تۇرار.

6

تاھىرغا ئۆزىنىڭ زوھراسى ياخشى،
مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى.
مېنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىمغا،
ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

7

باھار كەتسە توزار گۈلشەندە غۇنچە.
تىرىكنىڭ قەدرىمۇ كۆز يۇمغۇلغۇنچە.
لېكىن ئۆلمەس كىشىلەر ھەم بار جاھاندا،
قۇياشنىڭ ئۆمرى قانچە، ياشار شۇنچە.

8

ئاقار دەريا يۈزىمۇ قىشتا مۇزلار،
قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.

ئۇلۇغ غايە بىلەن سۇغۇرۇلسا دىل،
ئۇنىڭدا ھەممىشە تۆت پەسىل باھار.

9

بىراۋلار ئەلگە قىلدى جانىنى قۇربان،
بىراۋلار تەر بىلەن گۈللەتتى بوستان.
ئالار قۇش تۈلكىنى ئۇنىسىز - تاۋۇشسىز،
قاقاقلار بىر تۇخۇم تۇققانىغا مىكىيان ①.

10

مېنى باغدىن ئەمەس چۆلدىن ئىزلەڭلار،
ۋە يا باغراش دىگەن كۆلدىن ئىزلەڭلار؛
ئۇنىڭدىن ياخشىسى ئۇزۇن سەپەردە -
يېقىلغان گۈلخاندىكى كۆلدىن ئىزلەڭلار.

11

بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما،
لاچىن ئېيتۇر: قاناتىمنى قايرىما.
مەن ئېيتۇرمەن: بىلىق سۇسىز نە قىلغاي،
مېنى خەلقىم قۇچاغىدىن ئايرىما.

---

① ئاخىرقى ئىككى مىسرا كىلاسسىكلاردىن ئىقتىباس.

12

شاتلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك ئىمىش،
مۆلدۈرگە باھارۇ - كۈز بىردەك ئىمىش.
ئۇتۇقتا يوق دىمە ئوكۇشسىزلىقنى.
كىشىلىك ھاياتى شۇ دىمەك ئىمىش.

13

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،
ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزىڭ قالار.
يا ماختان، يا ئۆكۈن، ئۆزەڭنىڭ ئىشى،
ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

14

ئالتۇن جام ئىچرە مەي قوزغاتسا ھەۋەس،
گۈزەلنىڭ كۆزلەرى سېنى قىلسا مەس.
كۈنۈڭ ئۆتسە ئالقىش - ماختاشلار ئارا،
ئاگاھ بول، ھاياتىڭ بۇ ئۆزى ئەمەس!

15

قارىغاينىڭ كۆكلىگى - ئۇنىڭ زىننىتى،
تۈزلىگى — ئۇنىڭكى قەدىر - قىممىتى.
ھەر كىشى قارىغايدەك بولالىسا تۈز،
ئەل ئىچرە ساقلىنار ئىززەت - ھۆرمىتى.

16

ئەل غېمى، شاتلىغى ئىلهامغا بۇلاق،
ئۇنىڭسىز شېئىردا بولماس خۇشپۇراق.
كۆر، ئالتۇن قاچىغا چېلىنسىمۇ گۈل.
سولىشىپ كېتەر تېز بولمىغاچ تۇپراق.

17

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياغا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ چېكەرسەن ئەلەم.

18

شېئىر يازماق ئاسان، ھەق سۆزلىمەك تەس.
شائىرغا ھېرىس - تاما بولمىغاي ھەۋەس.
يازغاننى قەدىرلە ئاۋال سەن ئۆزەڭ،
سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

19

قەددىڭنى پۈكۈپ سەن قىلمىغۇنچە با،
ئاقمىسا تەرىڭدىن ۋە ياكى دەريا.
ئىندەككە كەلمەيدۇ بىلىمنىڭ قىزشى،
قەلبىڭدە گەر بولسا تېرىقچە رىيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

20

بىلىم ئۇ، خۇددى چىن سۆيگۈ مىسالى،
پەرھاتقىلا مەنسۇپ شىرىن ۋىسالى؛
كىمكى ساختىلىق قىلسا خىسراۋدەك،
ۋىسالغا ئېرىشمەك ئۇنىڭ خىيالى.

21

بىلمەكتىن مۇرات — نام - شۆھرەت ئەمەستۇر،
شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.
بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساڭ،
ھوسۇلى ئەلگە بولسا، ئۇشبۇ بەستۇر.

22

ئالدىڭدا يېقىلغىلىق شام - چىراققا باق،
كېچىنى قىلىدۇ كۈندۈزدەك ئاپپاق.
تەپەككۇر كۆزىلە ئۇنى بىر كۆزەت،
ئۆزىچۈن يانامدۇ ئۇشبۇ شام - چىراق.

23

كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،
جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.
مۇبادا رەشىك - ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسىرىغىمۇ ئاران سىغىدۇ.

24

ئاسمانغا نەزەر سال، يۇلتۇز بىساناق،
ئۇسۇشمەي ئۆتىدۇ ئەزەلدىن ئىناق.
جاھان كەڭرى، دوستۇم، يېتەر ھەممىگە،
ئادەمگە ياراشماس سۆڭەك تالاشماق.

25

ئەجەپ بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دىگەن،
ھەر تەندە ئۇ ھەرخىل ھىس قىلار ئىكەن.
ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابىن،
ئىلغىدا ئېسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.

قۇربان ئىمىن

## ياشلىققا خىتاپ

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، يىلمۇ توشتى،
قارىساڭ تارىخ ھەر يىلدا ساڭا بىر ياش قوشتى.
بىلمەي قالىسەن شاتلىق، قايغۇنى ئاشۇ چاغلاردا،
كۈنلەردە بىر كۈن ياشلىق باھارىڭ كۆزگە كۆچتى.

كۈزدە قىزىرىپ - تولۇپ ھۆسنىگە ئالما پىشتى،
كۆر ئالمىسىدەك بىر خىل تۈرىمەن دىمە — ئالدانما!
ئويلاپ باققىنا، قايتىپ كېلەمدۇ دەريانىڭ سۈيى؟
خۇدۇڭنى بىلمەي خالتا كوچىدا يۈرمە - ئايلانما!

«مۇھەببەت» بىلەن مەستۇ - مۇستەغرەق بولساڭ ئەگەردە،
بولالمىغايسەن خەلقىڭ ئىشىغا ئۈلگە - سەركەردە.
رەڭگىڭ سارغىيار، بېلىڭ مۈكچىيەر، چىشلىرىڭ چۈشەر...
يۈزلىنەر قات - قات ھەسرەت - پۇشمان قايناپ جىگەردە.

ئۆزەڭنى ئۆزەڭ رەنجىتمە ھەرگىز، پۇشايمان قىلىپ،
ئۆگەن تىرىشىپ، ئىشلە جان تىكىپ — قەدرىڭنى بىلىپ؛
قىزىل ئالمىدەك گۈزەل چىرايىڭ قورۇلماس چاغدا،
گۈلزارغا باشلا يىل كارۋىنىنى ئالدىدا مېڭىپ!

دۇنيادا يوقتۇر ئادەمدىن ئۇلۇغ، قابىل، زېرەك كۈچ.
پېسەنت قىلمايدۇ كەلسە ئالدىغا تاغ - دېڭىزلار دوچ.
كىم قەدىرلىسە ئالتۇندەك ياشلىق ۋاقتىنى ئەگەر،
شۇنىڭ قولىدا بەللار تىزگىنى — ئەما ئاچقۇچ.

ئۇچار دۇلدۇلدەك ئالغا ئۇچ، زادى توختىماي!
قىزىل قۇياشلىق مەنزىلنى كۆزلە بويۇن تولغىماي!
يەللار ئالدىدا ئۇزۇن سەپەرنىڭ زەربدارى بول.
ياشلىق ئەجرىڭدىن ئۆمرۈڭ بېغى ئاچسۇن گۈلچىراي!

1981 - يىل، دېكابىر، قەشقەر.

## مۇناسىپ

سەنمۇ ماڭا مۇناسىپ، مەنمۇ ساڭا مۇناسىپ،
بولغان كەبى چىمەنگە بۇلبۇلگويا مۇناسىپ.

گۈلزار ئارا گۈلۈم سەن، مەڭگۈ ئاشىق قۇلۇڭمەن،
شەرەپ ماڭا سەن ئۈچۈن تارتسام جاپا مۇناسىپ.

كۆكرەك كېرىپ جان بېرىش ئاشىق ئۈچۈن ئىمتىھان،
بەختىيارمەن نىگارىم، بولساڭ رىزا، مۇناسىپ.

تەقدىم قىلغان مەن ساڭا چىن دىلىمدىن ئەزەلدىن،
خۇددى «تاھىر - زۆھرا» دەك ئەھدۇ - ۋاپا، مۇناسىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن بىخەۋەر يۈرەرسەن، ھالىڭ نىچۈك دىمەيسەن،
كۆڭلى تۈزۈك نىگارا، نازىڭ ئەجەپ مۇناسىپ؟!

ھىجرىڭدە داغ يۈرەگىم، يوقتۇر شۇڭا ئارامىم،
باغرىمدا نۇر چىراغدەك بەرگەچ زىيا مۇناسىپ.

قۇربان دىدىم ئۆزۈمنى، ئەمدى يانغا قاراش يوق،
سەندىن شەپقەت مۇناسىپ، مەندىن ۋاپا مۇناسىپ.

1984 - يىل، ئاۋغۇست، قەشقەر.

## تارىخقا نەزەر

ھايات گوياكى بىر پويىزغا ئوخشاش،
چاپار ئالغا قاراپ كۈن، تۈن دىمەستىن.
ئۆتەر تۈزدىن ۋە دەريا، تاغ - تونىلدىن،
كىشىلەر غەم يىسە، ئۇ غەم يىمەستىن.

كىشىلەر بەزىدە ئاپتاپنى كۆرسە،
قىلار جەۋلان جۇدۇن - چاپقۇن ۋە بەزەن.
يىگىت ئۇچراشسا بەختلىك ھالدا قىزغا،
ياقار ھىجران ئوتىنى دەۋر قەستەن.

شۇڭا ئەل تەقدىرىدىن قىلدى نالە،
مۇرادى توزىغان گۈل — خۇددى لالە.
تۈمەن كۆز تەلمۈرۈپ تۇرغاندا يانغا،
ئاچكۆزلەر قولىدا ئالتۇن پىيالە.

كىشىگە بەردى تارىخ كۆپ ساۋاقنى ـ
كۈرەش، مېھنەت، ئىلىم ـ پەن — ئالتۇن ئاچقۇچ.
ئۇنىڭدىن ئالسا قۇۋۋەت ھەر كىشىكىم،
پەقەت بولماس ھاياتى مەۋسىز — پۇچ.

قېرىنداش، سەنمۇ پويىز شوپۇرى بول،
كىشىلىك بەخت گۈلىنى پەرۋىش قىل!
ساڭا ئۇنىۋان بېرەر تارىخ مۇناسىپ،
ھاياتىڭدا پۈتۈنلەي ياخشى ئىش قىل.

1984 ـ يىل، نويابىر، قەشقەر.

## روبائىيلار

كىشىلىك تۇرمۇشى نازۇك ئاجايىپ،
ئاجايىپقا قوشۇلغاندۇر غارايىپ.
ئەقىل دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى بىل،
كارامەتنى ئېچىشتا پەن ـ مائارىپ.

×

قىلالمايسەن تەسەۋۋۇر بەزى ئىشنى،
شۇ ئىشنىڭ تەھتىنى ئادەم قىلىشنى.
كىشىدە بولسا جۈرئەت، پەم ـ پاراسەت،
بىلەر قۇمدىن ئىسىل ئالتۇن ئېلىشنى.

×

كىشىلىك تۇرمۇشى پۈتمەس بولاقتۇر،
بولاقتا سۈپ - سۈزۈك شەرۋەت تولۇقتۇر.
ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆتكەن كىشىنىڭ،
دىلى شورتاڭ باياۋاندەك قۇرۇقتۇر.

×

سۆزلىسەڭ سۆزلە، لېكىن يالغان دىمە،
ئىككى تىللىق كىشىنىڭ ھالى نىمە؟
سەن ھەقىقى جەڭچى بولساڭ سۆزلە راست،
ۋەدىسى يالغاننى جىڭ ئادەم دىمە!

×

يولۇڭ بار گاھى سايە، گاھى ئاپتاپ،
ئەمەس تۈز، ئاسفالىتلىق ھەممە ئەتراپ.
يىراق مەنزىل قارايدۇ غەيرىتىڭگە،
يېتەلەيسەن مۇراتقا تاغلار ئاتلاپ.

ئەرشىدىن تاتلىق

## كەلدى كۆكلەم

كەلدى كۆكلەم ئاجايىپ ئىللىق ھاۋاسى بىلەن،
گۈللەر ھىدىنى چاچتى خۇشبۇي داۋاسى بىلەن.

تاغلارنى جاراڭلاتقان، جىلغىلارنى توڭلاتقان،
قىش دوۋاي كېتىپ قالدى جۇدۇن - جاپاسى بىلەن.

چىللاردىن شىلقىراپ ئېقىنلارغا چۈشكەن سۇ،
ئاقتى ئېتىز - باغلارغا ئۆستەڭ، دەرياسى بىلەن.

تەبىئەت ئۇيقۇدىن تۇردى، ھاياتقا كۆزىنى ئاچتى،
تەبەسسۇم قىلدى ئەلگە گۈللۈك دالاسى بىلەن.

قاراسالىڭ كەڭ ئېتىزغا يېشىل مەخمەل كىيىپ دوپتۇ،
تونىغا جىيەك تارتىپ كىمخاپ - تاۋاسى بىلەن.

دەل - دەرەخلەر يېشىللىپ چىچەك - چوكان كۆلۈپتۇ،
سايە تاشلار بېشىغا سۇمبۇل - تالاسى بىلەن.

شاتلىقتىن باللارمۇ چۇقان - سۈرەن سېلىشار،
تال - چىۋىقنى ئات ئېتىپ تۇلپار قىياسى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

سېغىنىپ گۈزەل يەرنى، تۇرنىلار يېيىپ پەرنى،
سەپ - سەپ بولۇپ كەلمەكتە كۆكتە قاتاسى بىلەن.

كۆكلەم ئەلچىسى بۇلبۇل، سايرىدى ئەجەپ مەرغۇل،
كاككۇك بىلەن زەينەپ مەس سۆيگۈ نىداسى بىلەن.

تېرەك ھەم سۆگەتلەردە سايرايدۇ قارا قۇشقاچ،
ماختىنىدۇ قالىغاچ تىزغان ئۇۋاسى بىلەن.

تاغنىڭ يورغىسى كەكلىك، سايرايدۇ يەنە ئەپلىك،
يايلاقتا يايرىشار چارۋا ئويرە - پاداسى بىلەن.

كۆر دىخاننى ئېتىزدا پۈتۈن زېھنى ئىش بىلەن،
كۆڭلىدە ۋەتەن ئىشقى ئەمگەك ئىشتىھاسى بىلەن.

ھۆددە ئېلىپ يەرلەرنى، تۆكەر ھالال تەرلەرنى،
«ئىشنىڭ بېشى كۆكلەمدە...» دىگەن مۇددىئاسى بىلەن.

ئىشىدىن يېنىپ مۇڭداشسا ئىلغارلار يارى بىلەن،
قېرىلارمۇ ماختىنار ئىناق قۇداسى بىلەن.

كەچلەردە قىلىپ بەزمە، ئوقۇشۇپ راۋان نەزمە،
قىزىتىدۇ مەشرەپنى نەغمە - ناۋاسى بىلەن.

كۆكلەمدە كۆپ ئىشلىگەن، ياز ۋە كۈزنى كۆزلىگەن،
ھەر بىر كىشى سۆيۈنەر ئىشنىڭ ساپاسى بىلەن.

ئۇلمۇ - بەنى ئىگەللەپ. تېخنىكىنى بوگەنلەپ،
مۇشكۇللەرنى يېڭىشكە كىرىشتى ئىخلاسى بىلەن.

مەنمۇ ھەم ئەل قاتارى، بولۇپ كۆكلەم خۇمارى،
بىر پارچە غەزەل يازدىم ئىلھام ئاتاسى بىلەن.

1982 يىل، ئاپرېل، قەشقەر.

## ئۈژمە

ئۈژمىنى تەرىپلىدى فانچە سەنەم،
مەنمۇ ھەم تەرىپىگە ئالدىم قەلەم.

تارىختىن بېرى يار بىزگە بۇ ئۈژمە،
شىرنىسى لەززەتلىك بەك تەملىك مىۋە.

ئاق، قارا، چېقىر ئۈژمە شاھ تۈتىسى،
ئەزەلدىن بولۇپ كەلدى ئەل ئۇزۇغى.

داستىخاندىن ئاشقىنىنى قىلساڭ شاراپ،
جانانىنى كۆرسەن جامىڭغا قاراپ.

يۈرىگىڭ شىپا تاپار قايغۇ - غەمدىن،
بەدىنىڭ يېنىكلىگەي دەرت - ئەلەمدىن.

قوۋۇزىدىن قىلادى سەيلىگەن قەغەز ئىجات،
ئۇي - پىكىرلەر يوقىلىشتىن تاپتى نىجات.

يوپۇرمىقى پەلەرگە بولدى ئۇزۇق،
خان قىزىمۇ ئېلىپ كەتكەن بىزدىن تۇرۇق.

داڭ چىقاردى سېنىڭ بىلەن يىپەك قۇرۇتى،
شايى - ئەتلەس مەنبەسى يىپەك يۇرتى.

گەۋدەڭدىن فارابى قالۇن ياسىدى،
كۆيلىرى دىللارغا لەززەت ئاتىدى.

راۋابۇ - تەنبۇر بىلەن غىجەك ۋە دۇتار،
سېنىڭدىن تۆرەلدى ساتارۇ - خۇشتار.

شېخىڭ بولدى داپلارغا چەرايلىق گەردىش،
سەن بىلەن سەنئەتتە جانلاندى ھەر ئىش.

ئەجادىي ئەمگەكنىڭ شانلىق مەھسۇلى،
باھادىر خەلقىمنىڭ تەڭداش سىمۋولى.

روھلاندى ۋۇجۇدۇم مۆھەڭنى تېتىپ،
تەنتەنە قىلدىم شۇڭا نەزمىگە قېتىپ.

1982 - يىل، ماي، خوتەن.

## ئوبدان كەلدى

بۇ يىلقى ياز ھەر يىلقىدىن ئوبدان كەلدى،
ھاۋا سۈزۈك، ئېقىن سۇلار فونتان كەلدى.

ھۆددە ئالغان يەرگە دىخان تەر سىڭدۈرگەچ،
بوغدايلىرى قوش باشاقلىق توق دان كەلدى.

قوناقلىرى تەكشى ئۆسكەن بوي تارتىشىپ،
كېۋەزلەرنىڭ كۈمۈش بەرگى يۇمران كەلدى.

ئۈزمە - ئۈرۈك شاخ - شېخىدا مەي باغلىشىپ،
زەۋقىنى قوزغاپ دەيدۇ بىزگە:
— مېھمان كەلدى.

نەشپۈت، بېھى، ئەنجۈر - ئانار، ئامۇت، گىلاس،
ئالمىلارنىڭ مەغزى قىزىل چولپان كەلدى.

چىلگە - تاۋۇز تەشنالىقنى قاندۇرغىدەك،
شەرۋەتكە مول — ئۇسسۇزلارغا دەرمان كەلدى.

دىخانلارنىڭ ئۆيلىرىدە قېتىق - قايماق،
«قازانمۇ ياغ - چۆمۈچمۇ ياغ» زامان كەلدى.

توقچىلىقنىڭ بەلگىسى بۇ ئالامەتلەر،
ھوزۇرۇڭغا داستىخاندا ئاش، گۆش، نان كەلدى.

ئىشلە دىخان، يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن،
«ئىشلىگەنلەر چىشلەيدىغان» دەۋران كەلدى.

1982 - يىل. ئىيۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سېغىنىپ كەلدىم

سېغىنىپ كەلدىممەن يەنە، ئەي قەشقەر،
قەلبىمدە ئۇركەشلەر چەكسىز ھاياجان.
جامالىڭ ئاپتاپتەك ھامان جىلۋىگەر،
كۆرىمەن: مەنزىرەڭ بىر پولات قورغان.

ھىدىڭنى سېزىپلا مېھرىڭدە ئاقتىم،
تەشنا كۆزلىرىمدە ھۆسنۈڭگە باقتىم.
تەنلىرىم يايرىدى، شوخ قانات قاقتىم،
بىز يەنە كۆرۈشتۇق، چىققتى بىر ئارمان.

قۇتلىدى يىراقتىن ئاقۋاش تاغلىرىڭ،
قورشىدى يېنىمدىن گۈلشەن باغلىرىڭ.
بىر راھەت بەخش ئەتتى كەڭ قۇچاقلىرىڭ،
يۈز ئاچتى ئۈستۈمدە مۇسەپپا ئاسمان.

باغرىڭدا يەنىلا ھايات جۇشقۇنلۇق،
ھەر كوچاڭ دېڭىزدەك قاينام تاشقۇنلۇق.
ھەر يېقىڭ كۆڭۈللۈك، قوينۇڭ شاۋقۇنلۇق،
باقىمەن: قىز - ئوغلان ئۆتەر شادىمان.

ئەنە نەۋ جۇۋاندەك تۇرۇپتۇ ھېيتكا،
مۇنارلار كۆزۈمگە چاچتى نۇر - زىيا،
بۇ جايكى مىڭ يىللىق تارىخقا گۇۋا،
قەدىمدىن مەرىپەت تاراتقان ماكان.

باغچاڭدا يېتىپتۇ ھەزرىتى مەۋلام①،
نامىنى ئالەمگە چاتقان شۇ بوۋام.
ئۇ ئاچقان ئەزىنە نۇر چاچار مۇدام،
ئۇ ھايات، مىڭ يىللار سۈرىدۇ دەۋران.

داڭقىڭنى جاھانغا يايغان تۇپراقسەن،
بىر باغسەن، ئېرەمدىن مىڭ ئەسلىراقسەن.
خازاننى بىلمەيسەن، ئۇندىن يىراقسەن،
گوياكى تۆت پەسىل قوينۇڭ گۈلىستان.

ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئۆچمەس شۆھرىتىڭ،
چاقنىغان يۇلتۇزدۇر شېئىرىڭ - سەنئىتىڭ،
يىللارغا ئىز سالغان ئىلمۇ - ھېكمىتىڭ،
شاھ ئەسەرلىرىڭدۇر تىللاردا داستان.

يۈرىگىم تەلپۈندى كۆپ يىل يىراقتىن،
باغرىڭغا بىر قاناي چىقاي پىراقتىن.
مەن ئۆستۈم سەن ئەزىز ئانا تۇپراقتىن،
كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدە تۇردۇڭ ھەر زامان.

1984 يىل، دېكابىر، قەشقەر.

① ...زرىتى مەۋلام — مەھمۇت قەشقەرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## كېۋىر نىياز

# ھېچبىر جەڭدىن قالمىغىم يوق

تىيانشاننىڭ باغرى گۈلشەن، شۇ گۈلشەننىڭ شەيداسىمەن،
قولى چىن گۈل، مىسلى پەرھات ئەمگەكچىنىڭ پىداسىمەن.

ھايات قايناق گۈلىستاندا ياڭرار دۇتار - راۋابىمىز،
قولىمىزدا ئالتۇن قەدەھ، تولدۇرۇلغان شارابىمىز.

چۆلنى بوستان قىلىپ خەلقىم، كۆرسەتتى دەل كارامەتنى،
باتۇرلارچە يۇرۇشلەردە ئايان قىلدى جاسارەتنى.

ئىشچى بولغا، دىخان تۇغاق تۇتۇپ ماڭدى بىردەك ئالغا،
غەيۇرانە ئەمگەك بىلەن يېتىش ئۈچۈن كەڭ ئىقبالغا.

بۇلبۇلى مەن گۈزەل ئېلىنىڭ مەڭگۈ سايراپ ھارمىغىم يوق،
پارتىيەم بار پەرۋەرىشكار ھېچبىر جەڭدىن قالمىغىم يوق.

## ئۇنى كۈيلىسەڭ...!

بېغىمدا بىر توپ ئەتىر گۈلۈم بار،
ئۇنىڭ گۈللىرى مېھرىمگە گۇۋا.

هەر يىلى تۇنجى ئېچىلغىنىنى،
قانغىچە پۇراش بەختىمدۇر گويا.

گۈلنىڭ ئاينىشى ئاجايىپ كۆركەم،
غۇنچە - پورەككە كۆزۈڭ يەتمەيدۇ.
توپىسى ئۇنىڭ ئىساغۇ، نەركەم،
ئۇنى كۈيلەسەڭ سۆزۈڭ يەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم توختى

## مەن بۈگۈن كۈلمەمدىغان

كۈلكە بار دەيدۇ يۈزۈڭدە مەن بۈگۈن كۈلمەمدىغان،
ۋەتىنىم گۈللەنسە، كۈلسە، كىم ئىكەن كۈلمەيدىغان؟

پارتىيەم بەرگەن گۈزەل كۆكلەم باھارنىڭ شەنىگە،
كۆيلىرىم ئۇرغۇپ گويا دەريا بولۇپ ئاقمامدىغان.

سۇسىراپ قالغان ئېلىم - پەن بېغىغا دەۋرانىمىز -
مېھرىدىن شەربەت ئېقىتسا مەن ئىچىپ قانمامدىغان.

بار جاھان قامۇسىدا زور كەشپىيات - ئىجادىمىز،
بۇ ئېلىم - پەن دەۋرىگە زور تۆھپىلەر قاتمامدىغان.

بىز ئېلىم -پەن ۋارىسى، شۇنداقلا ھەقدارى تۇرۇپ،
يۈز نەچچە يىل دۇمبا يېدۇق، بۇ دەرتنى بىز ئۇنتامدىغان!

تىلىدى ئەلگە نادانلىق تۆت قاباھەت — شۇم نىجىس،
ئەسرىمىز قەي قىلغۇدەك شۇم پەيلىنى دىمەمدىغان.

مەرپيەتنىڭ دۈشمىنى بۇ بەدنىيەت قوزغۇنلىغا،
دەمدە لەنەت ئوقىنى «مىڭ ئاتسا ئاز» بىر دەمدىغان.

ئەدىكى گەپنى قىلىپ ئەل باشىنى قايمۇقتۇرۇپ،
ھەر قەدەم «ساۋ» ياندۇرۇپ جان قالمىدى قاخشاتمىغان.

ئاقىۋەت شۇم پەيلى بىرلە كەتتى دوزاخ قەھرىگە،
ئەمدى داغدام يول ئېچىلدى كەڭتاشا. ماڭمامدىغان.

قايسى تارىخ، قايسى دۆلەت پەن - بىلىمسىز گۈللىگەن؟
بوپمۇ ھازىرقى زاماننى كۆز تۇرۇپ كۆرمەمدىغان.

يۇرتىمغا — ئەۋلادىغا چىن قەلبىدىن كۆيگەن كىشى،
ئىلمۇ - پەن، ئەمگەك بىلەن ئەل - يۇرتنى گۈللەتمەمدىغان.

قىل ھۇجۇم قورغانغا دەپ قىلغان ئىدى يې لاۋ① خىتاپ،
ئۇرغىدى غەيرەت، نىشانغا ئوق بولۇپ ئۇچمامدىغان.

پارتىيەم چالدى سەپەرگە ئاتلىنىش دۇمباغىنى،
ئەل بىلەن بىللە سەپەردە ئا. توختى دەم توختامدىغان.

1978 - يىل

## ئالغا باراي

ۋەتىنىم، گۈلدەك يۈزۈڭگە زوق بىلەن كۈلۈپ قاراي،
چىن ۋىسال شارابىنى ئوغلۇڭغا سۇن ئىچىپ قاناي.

---

① يې لاۋ — يولداش يې جيەنيىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەيلىدىم جاننى تەسەددۇق، گەر ماڭا قىلساڭ ئەمىر،
پاي تىكىپ يولۇڭدا مەن جان بېرىپ كۆڭلۈڭ ئالاي.

يۈك يۈكلىسەڭ سەن قانچىلىك، مەن ۋايىسمايمەن قىلچىلىك
ۋايىسسام گەر خەلق - ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولاي.

ھەممىدىن قىممەت ئىرۇر بىر ئېغىز لەۋزىڭ ماڭا،
كېچە - كۈندۈز دەس تۇرۇپ پەرمان كۈتۈپ ئاغزىڭ قاراي.

سەن ئەگەر مەشئەل يورۇتساڭ مەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا،
ئۆز - ئۆزەمنى ئۇنتۇبان پەرۋانىلەردەك ئايلىناي.

ئەقىل - زېمىن ئاسمانىدا پىكرىم قۇشىنى كەزدۈرۈپ،
ساڭا مەرغۇپ بولغۇدەك نىمە بولسا ئاختۇراي.

ماڭغىنىم ماڭغان مېنىڭ مەڭگۈلۈك ۋەدەم ساڭا،
ئۆمۈرۋايەت سېنى دەپ توختىماي ئالغا باراي.

1979 - يىل.

## سۆيدۈم دىگەندە

مۇھەببەت پايى بەندە جانۇ - تەندە،
مۇكەممەل مەنا تاپقان ئۇ ۋەتەندە.
مۇھەببەت شەرۋىتى ئابىھاياتتۇر،
نە بولغاي ئۇنچە لەززەت ناۋاتۇ - قەندە.

بەدەن قۇۋۋەت، قەلبلەر خىسلەتكە تولغاي،
ۋەتەنىنىڭ ئىشقىغا بولغاندا بەندە.
نە كۈچ بولسۇن، نە يۈرەك، نە پاراسەت،
ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدىن خالى ئادەمدە.

×

ۋەتەن ھۆسنىنى كۆر دەۋرىڭ كۆزىدە،
نە خىسلەت بار بىلەرسەن شۇ لەۋھەندە.
تولۇن ئايدەك كۈلۈپ باقسۇن دىسەڭ يار،
ئىجات قىل، ئىخلاس كۆرسەت ئىلمۇ - پەندە.

ئەزىز تۇپراقنى راست سۆيگەن كىشىلەر،
ئۇنى گۈلگە ئوراپ ئەيلەيدۇ خەندە.
بولالماس ياغزا بىلەن «ھىچ نىمەچى»
سۆيۈشتىن بىخەۋەر تەقلىتچى رەندە.

نامايەن ئەيلە مەرتلىك خىسلىتىڭنى،
«ۋەتەن جاندىن سىنى سۆيدۈم» دىگەندە.
گۈزەل دىلبەر جامالىن كۆرسىتەمدۇ؟
داۋان ئاشماي تۇرۇپلا «ھە» دىگەندە.

قۇرۇش مۇمكىنمىكىن پۇختا بىنانى،
جاكا قىلغان بىلە بىر ئەتىگەندە.
ئۇلۇغۋار دەۋراندا كېلىپ غەيرەتكە،
ئېچىلدۇر باغدا گۈل رەڭگايۇ - رەڭدە.

كۆرۈنسۈن دىل ئىش بىلەن، سۆيدۈم دىگەندە،
كۆيۈكتىن ئىز قالۇر كۆيدۈم دىگەندە.

نە سود ئاشىقتا قەيسەر كۈچ ـ مادار يوق،
گۈزەل كۈتسە ئۇنى قىلىپ خۇرسەندە.

يوقاپ يۇرتتىن بۈگۈن «تۆت شۇم ـ چەرەندە»،
سۆيۈش چىن مەنىسىنى تاپتى شۇ دەمدە.
ئاتلان تۆتتە زامانىۋى قىلىشقا ئەلنى،
ۋەتەنگە چىن مۇھەببەت بولسا سەندە.

كارامەت ئەيلە پەن ـ تېخنىكا بىلەن،
دېسۇن ئەل «پەن كۈچى شۇنداق ئىكەن ـ دە!»
مەنزىلگاھ، دەستىگاھ قىپ تۆتلىشىشنى،
زەپەر قۇچ، بەركە تاپ ھەر بىر قەدەمدە.

ئىلىم ـ پەندىن ئېچىلسۇن لالە، رەيھان...
بىپايان چۆللۈك ھەم باغدا ـ چىمەندە.
كۆرۈلسە ماھارىتىڭ زۇلپىقاردا،
ئالايتالماس كۆز ساڭا ھېچبىر كۈشەندە.

1979 يىل.

## سەن بىلەن

ۋەتىنىم، ئاڭ ـ ئىندىكىم، قۇدرەت ـ مادارىم سەن بىلەن،
لەززىتىم ھەم، راھىتىم ھەم دىل خۇمارىم سەن بىلەن.

قىلسا پەرۋاز ئوي ـ خىيالىم بۈركۈتى باغرىڭ ئارا،
جۇش ئۇرار گويا دېڭىزدەك ئىپتىخارىم سەن بىلەن.

سۇلىرىڭ ئابىھاياتتۇر، تۇپرىغىڭ زەر، تۇتىيا،
سۇ ئىچىپ ياشنار چىمەندەك دىل باھارىم سەن بىلەن.

سېنى كۆيگە قاتمىسام مەزمۇن تاپالمايدۇ كۆيۈم،
گۈللىنەر مېھنەت، ئىجادىم، ئىقتىدارىم سەن بىلەن.

نە شەرەپ، نە ئابروي سەنسىز نېسىپ بولماس ماڭا،
بەختۇ - ئىقبال ئەرشىدە شەمئى يانارىم سەن بىلەن.

سېنى دەپ كەلدىم جاھانغا، سەن ئۈچۈن ئۆلسەم شەرەپ،
لالىلەرگە پۈركىنەر قەۋرە - مازارىم سەن بىلەن.

سەن يورۇق قىلغان كۆزۈمدە ئەتىگە سالسام نەزەر،
چىن ۋىسال ئەيىامى، ئەي سۆيگەن نىگارىم، سەن بىلەن.

1980 - يىل.

## تەبىئەت ھەققىدە لىرىكا

سۇبھى تۈننى قوغلاپ، كائىناتنىڭ يۈزىگە،
جىلۋە بىلەن ئاللىق نۇر شولا سەپتى.
خاۋالىق ئۇيقۇدا ياتقان تەبىئەت،
تەبەسسۇم ئىلكىدە ئويغىنىپ كەتتى.

قۇياش كۈلۈپ باقتى يەرنىڭ يۈزىگە،
جان - جانىۋارلار تەۋرىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈللەر قولىغا زۇمرەت ھالقا تاقاپ،
بۇلبۇللار قانات قېقىپ تەلپۈنۈپ كەتتى.

زەيتۇنە يەپەكتىن يېڭى تون كىيىپ،
ساما جىلۋە قىلدى يەرگە قاراپ.
يىراقتىن قارىساڭ كۆمۈشرەڭ ئۇيۇق،
ئاستا چۈشۈپتۇ يەرگە ساڭگىلاپ.

رەڭلىك گىلەملەر يېيىپ شات تارىم،
بىر قايناق ھەم دىلكەش نەزمە تۈزۈپتۇ.
زەرەپشان، چاقماقنىڭ گۈلگۈن شارابى.
قەدىناس جانانىنىڭ لېۋىن سۆيۈپتۇ.

كۆك ئاسمان تاقىدىن قۇيۇلدى شاراپ،
سۇسراپ تاشقان تارىم جامىغا.
گۈلىنىڭ ئۈستىگە نۇر قونغان تارىم،
گۈزەللىك بابىدا يەتتى ۋايىغا.

1980 - يىل.

## پەرۋانە بىلەن شەپەرەڭ

يېنىپ تۇرغان چىراقنىڭ چۆرىسىدە،
بىر توپ پەرۋانە قىلاتتى پەرۋاز.
زەۋق بىلەن ئۆزىنى ئۇتقا ئاتاتتى،
ئۆلۈمدىن «ۋاي - دات» دەپ چىقمايتتى ئاۋاز.

بۇ دىلىكەش ناتىۋان كىچىك مەخلۇققا.
نېمىدىن كەلگەندۇ بۇنداق شىجائەت.
ئۆلۈمنى مەنسىتمەس، مەغرۇر، يۈكسەكلىك،
باتۇرلۇق، راستكۆيلۇق، مەردانە خىسلەت؟!

ھاڭۋېقىپ شەپەرەڭ ھەيرانلىق ئىچرە،
بۇ سىرنى بىلەلمەي مىيىغىدا كۈلدى.
ۋە دېدى: پەرۋانە پەمسىزلىكتىن.
خەتەردىن قاچالماي بىكاردىن ئۆلدى.

×

بىلىدۇ پەرۋانە ھاياتتا مەنا —
بولامدۇ سۆيگۈدىن يېنىپ كۆيەلمىسە؛
تېتىمسىز ھاياتتۇر سۆيگۈسىز ھايات.
ھەر كەتلىك ئۆلۈك ئۇ، يۈز يىل ئۆلمىسە.

پەرۋانە تۆرەلگەن نۇر قوچۇش ئۈچۈن،
ۋەسلىگە يەتتى ئۇ كۆيدى ۋە كەتتى.
ۋىجدانىنىڭ ئالدىدا مەردانىلىقتا.
بىردىن بىر ئەڭ يۈكسەك ماقامغا يەتتى.

1981 - يىل.

سوزۇك

## سۆيگۈ ۋە ئىجات

كۆكۈل بىر غەزىنە — بايلىغى سۆيگۈ،
سۆيگۈدۇر گۆھەردەك نازۇك بىر تۇيغۇ؛
سۆيگۈسىز كۆكۈلنى دىگىچە كۆكۈل،
ئىيت ئۇنى بىر جاڭگال — ئىچى قاراڭغۇ.

كىشىكىم سۆيگۈدىن بولسا بىخەۋەر،
نە جانان، نە ۋىسال، نە ئارمان ئاڭا.
نە بىلىم - مەرىپەت ئۇتىدا كۆيەر،
كۆيگۈدەك نە يۈرەك، نە ھىجران ئاڭا.

مۇرات مەنزىلىگە تەلمۈرسە كۆزۈك،
ئۇ يەرگە ئاپىرار سۆيگۈ دۇلدۇلى.
ۋىسال گۈلشىنىدىن مەھرۇمدۇر ئۆمرۈك،
بولمىساڭ گۈلشەننىڭ سۆيگەن بۇلبۇلى.

بۇ بوشلۇق قانداقمۇ تولاتتى ئەگەر،
دىلىڭدا بولمىسا سۆيگۈ - ھىسسىيات؟
ئىلھام لاچىنى قاقاتتىمۇ پەر،
نىمىنى يازاتتىڭ، قىلاتتىڭ ئىجات؟



نە ۋەتەن، نە ئەلنىڭ بولاتتى غېمى،
نىمىدىن ياناتتى دىلىڭنىڭ شەمئى؟
سۆيگۈسىز ھاياتمۇ ئۆتىدۇ ئەمما
قۇرۇقتۇر — مەناسىز ئۇنىڭ ھەر دەمى.

ئىنسان قولى بىلەن پۈتكەن نەرسىدە،
سۆيگۈنىڭ، ئەلۋەتتە، مۇھىم رولى بار.
سۆيگۈدىن نۇرلانغان ئىنسان ئەقلىدە،
كەلگۈسى نامايەن ئىرۇر بىغۇبار.

## تۇرمۇش — ئىبرەت ئايىنەسى

تۇرمۇش دىمەك ئىنسانغا ئىبرەتنەما — ئايىنە،
كۆرسىتىدۇ ھەردائىم تۈرلى - تۈرلى كارتىنە.
گاھى قايغۇ - ئەلەمدىن قان تولدۇرار كۆزۈڭگە.
گاھى شاتلىق مەيدىن قان يۈگۈرتار يۈزۈڭگە.

«موللا» قىلار، ئوقۇتۇپ — بىلىمگەننى بىلدۈرەر،
گاھ يىغلىتار، گاھىدا تىلىقتۇرۇپ كۈلدۈرەر؛
گاھىدا دۇچار قىلۇر تۆھمەتنىڭ قاراسىغا،
تۇز سىپىدۇ گاھىدا كۆڭلىڭنىڭ ياراسىغا.

گاھىدا مەجبۇر بولۇپ قوغدايسەن ئۆزۈڭنى،
ھەقىقەت مەيدانىدا سۇپەر قىلىپ كۆكسۈڭنى.
بەزىدە تىكەن چاچار يولۇڭغا رەقىپلىرىڭ،
زەخىملىنىپ ئازاپتا ئۆتىدۇ ۋەقتلىرىڭ.

شۇنداق ئاچار ئىبرەتلىك مەنزىرىگە پەردىنى،
بىلگەن دوستۇم، تۇرمۇشنىڭ بۇ ھەقىقى سىرىنى
تۇرمۇشنىڭ ساۋىغىنى — بىلىمىنى قىل قوبۇل،
بولاي دىسەڭ بىر زىرەك، ھەر ئىشتا پىشقان ئوغۇ

## كېلۇر

(قوتلۇق «شەۋقى» گە تەقلىت)

قەلبىم ئۆيىن يورۇتقۇم — بىر چىراق ياققۇم كېل
بۇ چىراققا ئۆزۈمنى پەرۋانە كەبى ئاتقۇم كېلۇر.

بۇ تەسەۋۋۇركىم چىراقتۇر — نۇر چاچار ئۇ ئىلمۇ - پ
مەن ئۇنى ھەر جايدا بولسا ئاختۇرۇپ تاپقۇم كېل

ئىلمۇ - پەن زوھراسىغا ھەممە قىلىپ جاننى پىدا
مىسلى تاھىردەك ئۇلۇغ دەريا ئارا ئاققۇم كېلۇ

كونا كۆز كەلمەس كېرەككە، يېڭىلاپ ئەمدى ئۇنى
دۇنياغا بىر يېڭى كۆز بىلە تىرەن باققۇم كېلۇر.

بوش قويۇپ بەرمەي ۋاقىتنى گەرچە ئۇ بولسۇن مەن
ھەر نەپەستە ئالغا تۇلپاردەك ھامان چاپقۇم كېلۇر.

قايدا ئىلغارلىقنى كۆرسەم مەن ئۇنى ئۆزلەشتۇرۇپ
ھەر قالاقلىق بولسا ئۇندىن ئار بىلىپ قاچقۇم كېل



ئىلمۇ - پەننى ئىگىلەپ ئەيلەپ ئۇنى كۈچلۈك قورال،
بىرىنى قويماي جاھالەت قالدۇغىنى چاققۇم كېلۇر.

يەتكىلى مەنزىلگە بولماس ئۆمۈلەپ تاشپاقىدەك،
كۆكتە شۇڭقاردەك قىلىپ سۇرئەت، قانات قاققۇم كېلۇر.

ئى سۆزۈك، بەختۇ - سائادەت ئاچقۇچىدۇر ئىلمۇ - پەن،
ئۇشبۇ ئاچقۇچ بىلە ئالەم سىرىنى ئاچقۇم كېلۇر.

## ئەيلە باغ ئۆمرۈڭنى

ئالدىرا! گۈللەر ئىچىلدۇرماققا ئۆمرۈڭ باغىدا،
بۇ گۈلىستانىڭنى ئۆڭمەس قىل يۈرەكنىڭ قانىدا.

تومۇرۇڭدىن قان بېرىپ بىخلاندۇرۇپ گۈل ئۆستۈرۈپ،
ئىستىگىڭنى قىل ئىپادە ھەر شېخى، ياپراغىدا.

بۇ ئۇلۇغ بەختۇ - سائادەتتۇر قويارسەن يادىكار —
كەتسەڭ ئالەمدىن ئىزىڭنى بۇ ۋەتەن تۇپراغىدا.

قوي ۋەتەن بېغىغا چىن مېھرۇ - مۇھەببەت، ئى كىشى!
چىن كىشى ئولدۇركى كۆيگەي ئەل - ۋەتەننىڭ داغىدا.

ئۆتسە پۇرسەت، بولمىسا سەن مۇندا قويغان بىر نىشان،
تاتىلاپ كۆكسۈڭنى قالغايسەن ئەلەم تىرناغىدا.

كىمكى ئۆمرىنى - كۈچىنى ئەل ئۈچۈن ئىشلەتمىسە،
ئى سۆزۈك، قالغاي پۇشايمانغا ئاخىرقى چاغىدا.

# ياش ئىرۇر كۆڭلۈم ھامان

ياپ-يېشىل كۆڭلۈم چىمەندەك، گەرچە دۇر باشىمدا ئاق،
ياش كىشىلەردەك مېنىڭ كۆڭلۈمدە سۆيگۈ-ئىشتىياق.

گەرچە سالىم كونا، ئەمما نەۋباھار كۆڭلۈم ھامان،
بۇ گۈلىستاندۇركى دائىم چاچىدۇ خۇشبۇي پۇراق.

قۇرۇماس ئەنھار ئىرۇر كۆڭلۈم ھەممىشەن مەۋج ئۇرار،
ياكى توختاۋسىز ئېقىپ تۇرغان — سۈيى شىرىن بۇلاق.

قىلما دەۋەت: «قېرىلىققا ئىمدى تەن بەر!» دەپ مېنى،
باقما يۈز-قورۇقلىرىمغا، دىلدىكى ئوتلارغا باق!

دائىما قارىغايغا ئوخشاش ياشىرىپ تۇرسا كۆڭۈل،
قېرىلىق سۆزى نىمە، بولماي ئەقىلدىن ئۇ — يىراق

سېزىمەن روھىمنى جانلىق ھەم ۋۇجۇدۇمنى تېمەن،
چۈنكى كۆڭلۈمدە مۇقەددەس ئارزۇيۇم نۇرلۇق چىراق

مەن تېخى دادىل قەدەم تاشلاپ ئاشارمەن تاغ-داۋان
يازىمەن تارىخقا ئۆچمەس يېڭى باپ، يېڭى ۋاراق

ئى سۆزۈك، كەتتى ۋۇجۇدۇڭدىن تاۋانالىق، لېكىن:
غەم يىمە! ئورنىغا كەلدى كۈچ بولۇپ ئاچچىق ساۋاق



مۇھەممەتجان سادىق

# شېئىر ۋە گۈزەللىك

بۇ كېچە يەنە مەن ئويى-خىيالدىمەن،
كۆكرىگەن شاھلىق كۆڭلۈم دالىسى...
«شېئىرنى سۆيگۈدىن سۇ ئىچىپ. — دىسەك
بولامدۇ، — ئېچىلغان پىكىر لالىسى؟»...

پەدەزخور سەتەڭدە ئىشق نە قىلسۇن،
پەدەزخور سۆزلەردە نە قىلسۇن مېھىر!
ئېيتقىنا، شائىرنىڭ سۆيگۈ دەرىخى —
شېخىدا پىشقاننى دەيمىزمۇ شېئىر؟!

شېئىردا گۈزەللىك بولمىسا، ئۇنى —
شېئىر دەپ ئاتاشقا مەنمۇ قارشىمەن.
بۇ كېچە شېئىرىيەت قانۇنلىرىنىڭ
جاراڭلاپ ياڭرىغان مەغرۇر مارشىمەن.

تەرتىپلىك تىزمىسى گۈزەل سۆزلەرنىڭ،
دوستۇمنىڭ ياسالغان بۇرۇتى گويا.
ئالەمگە ئايانكى، ھەقىقى شېئىر
بىر گۈزەل چىنلىقنىڭ سۈرىتى گويا!

گۈزەللىك — چىنلىقتا!
چىنلىق نىمىدە؟
بار ھەتتا ئاشۇ بىر قوموشتا، شائىر!
سەن ۋە مەن ھەر كۆڭلى ئىچىدە يۈرگەن
مەۋج ئۇرغان دېڭىزدەك تۇرمۇشتا، شائىر!

سۆيگۈ ھاياجان ئوتىدا يېنىپ،
پاك ۋىجدان تۇرىدا سۆزىسەڭ مەرۋايىت؛
ۋاھ سېنىڭ شۇ شېئىرىڭ ئەل ـ يۇرت ئىچىدە
قوزغايدۇ ناغرىلار ياڭراۋاتقان ھېيت!

بۇ كېچە يەنە مەن ئويى ـ خىيالدىمەن،
ئاپتاپلىق گۈلباھار كۆڭلۈم دالاسى!
ئىچىلسۇن مۇقەددەس تىيانشانىمىنىڭ
يەنىمۇ چىرايلىق شېئىر رەناسى!

1980 – يىل، ئاۋغۇست. غۇلجا.

## قايىتىدىن ياشارغان...

چاچلىرى قوندۇزدەك دىلبىرىم بىلەن
مەن تۇرغان كېچىلا شۇ تال تېگىدە...
تۇرىدۇ مەشۇغى كۆزىگە قاراپ،
كۆزۈمنىڭ قارىسى بىر ئوت ئىلكىدە...

قىبرىدىم ...
ئايالىم چاچلىرىدا ئاق،



قىبرىغان بىزدەكلا ئاشۇ تالمۇ ھەم،
ۋە لېكىن مۇھەببەت ياش يۈرەكلەردە
قايىتىدىن ياشارغان...
ئوت ـ يالقۇن ھەمدەم...

1975 – يىل، ئىيۇن، غۇلجا.

## ئۇيغۇر ئايالى

1

ئانىنىڭ تۆشۈگىدىن چۈشمەيدۇ ئادەم،
ئانىسىز ئالەمگە ئاچماس زادى كۆز.
ئانىنىڭ ئاق سۈتى كىرگەن ئېغىزدىن
چىقىدۇ ئەڭ دەسلەپ «ئانا» دېگەن سۆز...

ئانامۇ، ئاچامۇ، سىڭلىممۇ مېنىڭ،
غەمگۈزار سىردىشىم ـ يارىممۇ مېنىڭ،
ئەمەسمۇ سۆيۈملۈك ئۇيغۇر ئايالى؟...
چاچىسون كۆي شەنىگە تارىممۇ مېنىڭ!...

2

شۇ ئۇلۇغ ئايالنىڭ پارلاق شەنىگە
بىر زامان توقۇلغان ھەرخىل ئىغۋالار...

سۆزلىگەن: ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا، دەپ
ئاھ، ئانا سۈتىنى ئىچكەن «پېشۋا» لار...

ئاشۇ بىر ئەپسانە چىققان، بىلەمسەن،
قانداق بىر قاراڭغۇ، سېسىق تۆشۈكتىن؟
ئىغۋانىڭ ئىگىسى شاپ بۇرۇتىنى
پىتقىرىتىپ چۈشكەنتى قانداق بۆشۈكتىن؟...

ئەمەسمۇ سەنەمنى چەيلەپ ئويناشنى -
قەستلىگەن پىتنىچى جاللات شاتىرى؟!
ئەمەسمۇ زوھرەنى قان - قان يىغلاتقان،
تاجۇ ۋە تەختلەرنىڭ قارا باتىرى؟!

ئەدىلا تۈگۈلگەن غۇنچە — گۈلەمنى
ئەمەسمۇ قەستلىگەن قىرى بىر چولاق؟!
يامانيار بويىدا تۇرار رابىيە،
كۆزلىرى يىغىدىن بولغان ئاھ، بۇلاق...

ئەمەسمۇ پىتنىنىڭ چىققان ئۇۋىسى
ئەك ئىسىل پولات تىغ چىرىگەن زامان!؟
ئانارخان بېشىنى كەسكەن شۇ ئىغۋا،
مېھراپتىن ئۆمۈلەپ چىققان بىر چايان!...

بولغىما، يەنە شۇ تىكەننى تېرىپ،
ئەي، ئەركەك، باھارنىڭ دالا - تۈزىنى!
يەنە ياش يۈمشۈن بۈيۈك ئايالنىڭ
شەپقەتەك چىرايلىق، نۇرلۇق يۈزىنى!



3

راستىنلا «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» مۇ،
بوۋاقتا جان بەرگەن زادى قايسىسى؟!
زۇلمەتنىڭ ئىتىدىن دەرت تارتتى ئاشىق،
گۈلەمخان مېھرىدىن كۈلدى لالىسى...

باقىغا سادىقلىق گۈلىنى تۇتتى،
چېچىلغان قېنىدىن نۇزۇك — ۋاپادار.
سەئىدىنىڭ ئىشقىنى ئۆتتى ئەزىزلەپ،
يامانيار سۇيىدە ئاققان سادىق يار...

ئەي، ئاۋۇ سايىدا كېتىپ بارغاننى
قۇتقۇزۇپ قالغان كىم ئۆز جېنى بىلەن؟!
«رىزۋانگۈل — شەپقەتنىڭ چىن ھەمشىرىسى!»
يېزىلدى تارىختا پاك قېنى بىلەن...

ئازمىدۇ تىيانشان تارىخىدا، ھەي،
مۇنداق ھېكايىلار؟
گىياسىدىن جىق!
بوغابىلى ئاشۇ بىر ئىغۋانى نەدە -
كۆرسەكلا گېلىدىن تۇتۇپ زادى غىق!

4

ھاياتنى ياراتقان ئۇيغۇر ئايالى،
مېھرىڭدىن تالاي رەت قانغان يۈرىكىم.

يېقىملىق، مېھرىۋان تەبەسسۇمىڭدىن
ئېچىلغان تالاي رەت سۆيگۈ پورىكىم!...

سېنىڭدە گۈلەمخان ۋاپادارلىغى!
سېنىڭدە نۇزۇگۈمنىڭ قەھرىمانلىغى!
سېنىڭدە باھارنىڭ چىن گۈزەللىگى!
سېنىڭدە زىمىستان قەھرىتانلىغى!...

سەن شەپقەت يۇلتۇزى،
سادىقلىق گۈلى،
سەن گويا ئۇچ كۆيەر بىر پەرۋانىسەن!
سەن سۆيگۈ - نومۇسنىڭ ئىپپەتلىك كۆيى،
بۇ يولدا سەنەمدەك مەرت - مەردانىسەن!

سېنىڭسىز بۇ ھايات بولماستى قىزىق،
سېنىڭسىز بۇ ئالەم بولماستى گۈزەل!
بىرلەشسە ئىككى قول چىقىدۇ چاۋاك،
سەن بىلەن مەن بولغاچ جاراڭلار غەزەل.

يېرىمى مەن بولسام يورۇق جاھاننىڭ،
يېرىمى سەن ئۆزەڭ ئەزىز ۋاپادار.
يېرىمى بولمىغان جىمى نەرسىگە،
بولامدۇ گۈزەللىك، مەنا، شاتلىق يار؟!

شەپقەتلىك، غەمگۇزار ئۇيغۇر ئايالى،
يېشىڭدا سۇ سەپتىڭ مېنىڭ يولۇمغا!...



ھاياتتا ئىشەنچلىك ھەمدەمىم بولۇپ،
بولدۇڭ پۇت — پۇتۇمغا ۋە قول — قولۇمغا!

مەن سېنى گۈل قىلىپ ئېچىلدۇرمىسام،
ئاياقلار چەيلىگەن يەر بولمامدىمەن؟!
ھۆسنۈڭدىن تەبەسسۇم چېچىلدۇرمىسام،
يۈرىكى قاپقارا ئەر بولمامدىمەن؟!...

5

بۈگۈن، ۋاھ، بۇ گۈزەل زامان بېغىدا!
شۇ قەدەر ھۆسنۈڭگە تولدۇڭ — تولۇڭناي!
گۈلشەننىڭ گۈللىرى، ئاسمان پەرىسى
كۆرگەندە ھەسەتتىن دەيدۇ ئۆكۈپ: ۋاي!...

ئۆز ئەركىڭ ئۆزەڭدە،
چېچىڭ تۇرۇلگەن —
بېشىڭنى تىك تۇتۇپ ماڭسەن مەغرۇر!
مەن سېنى كۆرىمەن دوختۇرخانىدا،
ئۇستۇڭدە ئاق خالات، كۆزلىرىڭدە نۇر!

مەن سېنى كۆرىمەن گۈللەر ئىچىدە،
تۆككەن مېھرىڭنى بىر باغۋەن بولۇپ!
مەن سېنى كۆرىمەن: ھەسەن - ھۈسەننى -
توقۇيسەن ئۈستانوك ئالدىدا تۇرۇپ...

سەن سوتچى،

سەن شائىر،
سەن مەشھۇر ئالىم،
سەن خەلق ۋەكىلى — ئالى دېپۇتات!
سەن ھەتتا چوڭ باشلىق...
سېنى كۆرىمەن،
ئۆيۈڭدە كۈلسەن ئېرىڭ بىلەن شات...

سەن بۈگۈن ھاياتنى ياراتقۇچىلار —
ئەمەسسەن،
قوشۇلدى يېڭى شەرەپ - شان!
ھالال تەر، پاك مېھرىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭ -
ياراتقان ھاياتنى ئۆستۈرگۈچى جان!

ياشنا، كۈل سۆيۈملۈك ئۇيغۇر ئايالى،
باھاردەك گۈللىنىپ ئۆمرۈڭ ئۆتلىغى!
زاماننىڭ كۆزلىرى تىكىلگەن ساڭا،
يەنىمۇ ئېچىلسۇن ئەقلىڭ بۇلىغى!

1980 — 1983 - يىللار. غۇلجا

## مەشرەپ

ئەسسالام، ئوتتۇز ئوغۇل،
ھۆرمەتلىك بەگلەر،
ئەسسالام، مەشرەپ ئەھلى،
قولۇم كۆكسۈمدە!
شېئىرىمنى گۈل چاي قىلىپ كەلدىم مەشرەپكە،
ئوغۇللۇق ھاياجان يانار ھۆسنۈمدە!



ئېيتقىنا، چىقسىلا مەشرەپنىڭ ئىسمى
سۆيۈنمەس قايسى بىر ئۇيغۇر يۈرىكى؟!
ئۇ ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ،
بۈيۈك مەرتلىكنىڭ.
ناخشا - ساز، سەنئەتنىڭ قايناق كۆرىكى!...
مەشرەپ ھەر ئۇيغۇرنىڭ ئوغلىغا مەكتەپ.
يىگىت دەپ سانالماس مەشرەپ كۆرمىگەن!
بىلمەيدۇ ئىنسانلىق بۇرچىنى تولۇق،
مەشرەپنىڭ ئوتىدا پىشىپ كۆيمىگەن!
مەشرەپتە ئۆگەنگەن مەرتلىك كۈچ بولدى،
قاچقاندا قاتمۇ - قات زىندانىنى تېشىپ.
ئاھ، تاقىر شالۋۇرنى قىلساقمۇ كاۋاپ،
جەڭ قىلدۇق توختىماي تاغ - داۋان ئېشىپ...
مەشرەپتە ئۆگەنگەن ناخشا كۈچ بولدى،
پالىغان چاغدىمۇ قەپەزگە سولاپ.
ئۆتتۇق بىز تەلكىنىڭ داۋانلىرىدىن
يىغلىماي، ناخشىنى ئەۋجىگە تۇۋلاپ..
جەڭلەرنى ئۆستۈرگەن مەشرەپ ئەمەسمۇ؟
كىلىدۇ جەڭ ئارا مەرتلەر ئات سېلىپ!
كېلىدۇ مەشرەپنىڭ ئوتتۇز ئوغۇلى —
يانىمۇ - يان، باغرا ۋە سۇنايلار چېلىپ!...
مەشرەپسىز يېتىلگەن مەشھۇر سازەندە
ۋە ياكى ناخشىچى بارمۇ، ئېيتقىنا؟
ئىككى تار — ھۆسەنجان تەمبۇرىدىكى —
مەشرەپنى كۆرمىگەن تارمۇ، ئېيتقىنا؟
مەشرەپتە تۆرەلگەن «ئون ئىككى مۇقام»،
مەشرەپتە ساقلىنىدى دەۋرىمىزگىچە!

ناخشىدا تۇغۇلۇپ، شۇ ناخشا بىلەن —
بارىمىز ھەتتاكى قەۋرىمىزگىچە!
دىمەك، تارىخىمىز «ئون ئىككى مۇقام»،
دىمەك، تارىخىمىز مۇقەددەس مەشرەپ!...
ئاغزىدىن گۈل چاچتان بۇلبۇلگويادەك
بولدى، ۋاھ، مەشرەپمۇ باھارغا شەرەپ!
كۈندۈزى تەر تۆكۈپ، ئوينىدۇق كەچتە —
بۇلبۇللۇق بوستاندا مەشرەپ قىزىتىپ!
باھارمۇ گۈللىدى،
قىزىدۇق بىزمۇ
بۇ قەدىم تۇپراقتا يازنى تېزلىتىپ...
ئاھ، لېكىن شۇ چاغدا ئالەمگە پاتماي
چىقتى بىر جۈت قۇيۇن ھەدەپ پىقىراپ.
«توختاتقىن مەشرەپنى!» دىدى «تۆت چايان»،
ئالۋاستى ئەلپازى بىلەن چىقىراپ...
«مەشرىبىڭ جىن - شەيتان ئوۋۇسكەن!» دەپ،
سولىدى، قىينىدى دەھشەتلىك ئۇرۇپ.
«گېپىڭنىڭ نىمە؟» دەپ سورىغان چاغدا،
«ئەجەم، ناۋا» دىدۇق مەغرۇر تىك تۇرۇپ!
ئەزەلدىن مەشرەپ ئويناپ ئۆگەنگەن تۇرساق،
ئەمدى، ھەي، ئوينىماي چىدالامدۇ جان!
سولاقتا ئوينىدۇق يەنە بىز مەشرەپ،
ئاقسىمۇ تەنلەردىن ھەتتا قىزىل قان!
كېچىدەك قاراڭغۇ سولاقتا يېتىپ،
ياڭراتتۇق ناخشىلار قورقماستىن ئېيتىپ.
بىلەمسەن، مەشرەپتە ئۆسمىگەن بولساق،
بۇ يوروق ئالەمدىن قالاتتۇق كېتىپ...



قايتىدىن گۈللىدى يەنە گۈلباھار،
قاپلىدى مەشرەپلەر تەرەپ - تەرەپنى.
كۆيلىدۇق بۈگۈنمۇ مانا بىز خوشال،
كۈنسېرى پارلىغان شانۇ - شەرەپنى!
ئويناڭلار!
يەنىمۇ قىزىسۇن مەشرەپ،
قاپلىسۇن ئالەمنى باھار ناۋاسى!
ھالال تەر،
ئىلىم - پەن،
ناخشا - كۈي بىلەن
گۈللىسۇن كۈنسېرى تارىم دالاسى!

1984 - يىل، 4 - ئۆكتەبىر، غۇلجا.

مۆمىن سەپىرى

## بار ساڭا

بۇ دۇنياغا كېلىپسەن، كۆپ مېھنىتى بار ساڭا،
مېھنىتىدىن قاچمىساڭ مول نېمىتى بار ساڭا.

ياخشىلىقنى خالىساڭ تىرىشچان بول، كەمتەر بول،
بۇخىل گۈزەل خىسلەتنىڭ گۈل - ھىممىتى بار ساڭا.

«ھەممە ئادەم ئۆزىنى ياخشى كۆرەر» دەپتىكەن،
ھۆرمەت قىلساڭ ئۆزگىنى ھەم ھۆرمىتى بار ساڭا.

تاما قىلما ھېچنىمە، دوست تۇتقىن سەن ئىلىمنى،
ئەمگەكچىنىڭ - ئەجرىڭنىڭ جان لەززىتى بار ساڭا.

تاماگەرلىك بار سەندە — خوشامەتكە مايىل سەن،
«خىش» قويىسەن، ماختايسەن «شاراپىتى» بار ساڭا.

مېنى بىلمەس دېمىگىن، سەندىن زېرەك خەلق بار،
تاپمىساڭ ھۇش - كاللاڭنى — ئەل نەپرىتى بار ساڭا.

سۆيسەڭ پەقەت ئەلنى سۆي، ۋەتەننى سۆي يۈرەكتىن،
ۋەتەن - ئەلنىڭ مۇقەددەس شان - شۆھرىتى بار ساڭا.



ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغىن، تۆھمەتخورنى چىڭ تۇرغىن،
ئۆلسەڭ ئۆلمەس ئەلنىڭ چىن مۇھەببىتى بار ساڭا.

قاغا بولسا ئۆلپىتىڭ — نىجاسەتتۇر يېيىشىڭ،
يامان بىلەن دوست بولساڭ — كاساپىتى بار ساڭا.

بىر ئىشقا دۇچكەلگەندە ئەقىل ئىشلەت، سالماق بول،
يېنىك بولساڭ نادامەت، دەرت - ھەسرىتى بار ساڭا.

بولما غاپىل، سەپىرى، ئىشقا سالغىن ئەقلىڭنى،
توغرا سۆزلۈك، كەمتەر بول، بىل ھېكمىتى بار ساڭا.

1981 - يىل، دېكابىر.

## توي ئۈستىگە توي

توي ئۈستىگە توي قاينىدى بىزنىڭ ۋەتەندە،
نۇرغا چۆمۈپ توي ئۇيىندۇق گۈزەل گۈلشەندە.
شۇم ئاپەتلىك يىللاردا دەرت - ئەلەم چەككەچكە،
باھار كۆرۈپ شاتلىقىمىز پاتمىدى تەنگە.

كۆڭلىمىزدىن كۆچۈپ كەتتى قايغۇ - ئەنسىزلىك،
كەلدى كۆچۈپ تېزىپ كەتكەن خوشال - خۇراملىق.
كەلدى بىلىم ئەھلىگە چىن ئىززەتتۇ - ھۆرمەت،
بىزگە خوجا بولالمايدۇ ئەمدى نادانلىق.

كومپارتىيە خەلقىمىزنىڭ تاپقاچ مەيلىنى،
ئەمگەكچىلەر باي - پاراۋان، دۆلىتىمىز باي.

تېنەپ يۈرۈپ مىڭ جاپادا تاپتۇق يېڭى يول،
بىز ماڭىمىز داغدام يولدا ئەمدى ئېغىشماي.

كەلدى بەخت پەرىشتىسى — ئىسمى ئىسلاھات،
كەلكۈن كەبى ئۆرۈۋەتتى كونا بىنانى.
سائادەتكە كەڭ يول ئاچتى راۋان ماڭغىدەك،
ئەمدى چوقۇم قۇرالايمىز گۈزەل دۇنيانى.

كەلدى گۈلى - گۈلگە ئىش خويما ئۇڭۇشلۇق،
گۈل ئۈستىگە گۈللەر ياغدى، نۇر ئۈستىگە نۇر.
ئۈمىدىمىز ئاسمىنىدا چاقنىدى چولپان،
قەلبىمىزنىڭ باغلىرىدا چوغدەك قىزىل گۈل.

ئەنە كۆرۈڭ ئۈرۈمچىنى گۈلنىڭ دېڭىزى،
(دەريا كەبى ئۆركەش ياساپ گۈللەر ئاقىدۇ).
شانلىق ئۇتۇق مودېللىرى ئۈزۈلمەس كارۋان،
تەنتەنىگە تويماي مىليون كۆزلەر باقىدۇ.

ئەنە قەشقەر ناغرا چېلىپ چۈشتى ساماغا،
قانات ياساپ خوشاللىقتىن ئۇچتى ھاۋاغا.
خوتەن يايدى پايانداز زىلچا - گىلەمدىن،
گۈزەل ئاقسۇ چالدى سازنى شاتلىق ناۋاغا.

بوستان قۇمۇل شىرىن قوغۇن يوللىدى سوغات،
تۇرپان سۈندى تويغا ئانار، كىشمىشى بىلەن.
ئالتاي، چۆچەك ئېلىپ كەلدى سېمىز قويلارنى،
ئىلى ياغلىق توغاچ سۈندى ئالمىسى بىلەن.



مۇبالىغە - پو ئەمەس بۇ مېنىڭ دېگىنىم،
پوچىلارنىڭ كاساپىتى يادىمدا تېخى.
بىز، ئۇتۇقنىڭ دەسلەپكىسى، ھەيران بولمىغىن،
گۈللىنىشنىڭ گۈزەل دەۋرى ئالدىمدا تېخى.

تەنتەنىگە ئەرزىگىدەك غەلىبە قازاندۇق،
چىن پۈتمىگەن كېلىپ كۆرسۈن بىزنىڭ شىنجاڭنى.
گويا جەننەت كەبى گۈللەپ ياشنىدى ۋەتەن.
سىياسەت ھەم نېگىز قىلغاچ ئىلىم - ئېرپاننى.

چۆللىرىمىز باغۇ - بوستان گۈلگە ئورالدى،
ئاشلىغىمىز شۇنچە نۇرغۇن ساڭغا پاتمىدى.
ئىشچى - دېخان كېلىۋىدى راسا غەيرەتكە،
مەھسۇلاتنى ھىلىتىنلا ئىككى قاتلىدى.

كۆڭلىمىز توق، ئوينىدۇق شوخ ھەرجايدا مەشرەپ،
ھەر مەلىدە كۈندە توي ھەم ئويۇن - تاماشە.
خۇش تەبەسسۇم، كۈلكە - چاخچاق شاتلىق ئىلكىدە،
ئۆتەر تۇرمۇش زەپ كۆڭۈللۈك بىزدە ھەممىشە.

ياشانغانلار تېلېۋىزور كۆرسە ئۆيلەردە،
ياشلىرىمىز موتورلاردا لاچىندەك ئۇچار.
ئۈنئالغۇنى ياڭرىتىپ ئويناپ شوخ ئۇسۇل،
ھۆرى يەڭلىغ قىزلىرىمىز بەختىنى قۇچار.

ئەللىك نەچچە مىللەت ياشار جۇڭخۇا ئېلىدە،
ئەللىك نەچچە گۈل سىياقى بىزنىڭ ھۆسنىمىز.

جەم بولۇشساق گۈزەل دەستە گۈلگە ئوخشايمىز،
شۇڭا تاغدەك قەد كۆتەردى بىزنىڭ بەستىمىز.

كېلىڭ دوستلار، تويىمىزغا بىللە تويلايلى،
قول تۇتۇپ دوست بولۇشۇپ بىللە ئوينايلى.
دوست. ئىتتىپاق قىممىتىنىڭ تەگدىشى يوقتۇر،
توي ئوينىغاچ كەلگۈسىنى بىللە ئويلايلى.

1984 - يىل، نويابىر.

## شېئىر — ئانا، شېئىر — ئوت

ئاڭلىسام شېئىردىن بەزىلەر،
ئىنتايىن زېرىكىپ كەتكەنمىش.
ئۆتمۈشتە يېزىلغان شېئىرلار،
ئاداققىي پەللىگە يەتكەنمىش.

ياقماپتۇ كۆڭلىگە زادىلا،
شېئىرلار ھازىرقى يېزىلغان:
«تەكرار سۆز — دەپ بولغان باشقىلار،
قۇلارغا قۇرۇق گەپ تىزىلغان».

دەرۋەقە، نىسپى راست بۇ گەپنىڭ،
شېئىر دەپ شوئارلار يېزىلدى.
ئەل بىزار بوپ كەتكەن بۇنىڭدىن،
قۇلارغا مەدھىيە تىزىلدى.



ۋە لېكىن شېئىردا شېئىر بار،
يۈرەكنىڭ قانىدەك تەشناسى.
«زېرىكتىم» دىمەستىڭ سەن ئەگەر،
سەنئەتنىڭ بولساڭ راست ئاشناسى.

شېئىردىن نىمانچە زېرىكتىڭ،
ئاڭلىغىڭ كەلمەمدۇ ناخشىنى.
توغما گاس بولمىساڭ دەر ئىدىڭ:
«بىلمىدىم ناخشىدىن ياخشىنى».

شېئىردىن يارالغان ناخشىمۇ،
توي. مەشرەپ ناخشىسىز قىزىماس.
ئۆتىدۇ كۆڭۈلسىز بەزمىمۇ،
مېھمانلار سۆكۈتكە چىدىماس.

شېئىرغۇ ئانىنىڭ ئەللىيى،
مۇڭ بىلەن كۆكسىدىن ئۇرغۇغان.
ئۇ ئېيتار كۆڭۈلنىڭ كۈيىنى.
قوشاقنى ئاھاڭغا يۇغۇرغان.

تۈرەلگەن شېئىردىن دىراما،
شېئىرسىز كونسېرتمۇ بولماس ھېچ.
تۈزۈلگەن شېئىردىن ئوپېرا،
كۆرگەنلەر كۆرۈپمۇ تويماس ھېچ.

قۇلاق سال مۇقامنىڭ مۇڭىغا،
ئەجداتلار ئاھىنى ئاڭلايسەن.

مۇقامنىڭ شېئىرىنى بىلمەستىن،
ئەجەبا، مۇقامنى داڭلايسەن.

قاچانكى مۇقامنى ئاڭلىساق،
كۆڭۈلنىڭ ئېچىلار قۇلىغى.
شېئىرسىز مۇقامنى ئېيتماق تەس،
شېئىرمۇ مۇقامنىڭ بۇلىغى.

بىر ياخشى يېزىلغان شېئىرنى،
گوياكى بۇلبۇللۇق باغ دەيمەن.
شۇ شېئىر ئۇرغۇغان شائىرنىڭ —
قەلبىنى نەۋ باھار چاغ دەيمەن.

ئويلاپ باق، نۇزۇگۇم تارىخىن،
قوشىغى جەڭچىدەك سەپ تۈزگەن.
ئۇ، ياۋۇز دۈشمەننى نىشانلاپ،
قوشاقتىن ئەجەللىك ئوق ئۈزگەن،

سادىرنىڭ توقۇغان قوشىغى،
دۈشمەنگە تەككەنتى ئوق بولۇپ.
جەڭلەرگە كىرگەندە ناخشا ئوقۇپ،
دۈشمەننى ئۆرتىگەن ئوت بولۇپ.

نىمىشقا لۇتپۇللا سۆيۈملۈك؟
ئۇ يازغان يالقۇنلۇق شېئىرنى.
بىز كۆردۇق شېئىردىن مەردانە،
شائىرنىڭ ئوت يۈرەك مېھرىنى.



سەن سۆيسەڭ سەنئەتنى، شېئىردىن —
ئاساسسىز زېرىكىش بانىسى.
بىزنىڭ ئەل سەنئەتنىڭ ماكانى،
شېئىرىمىز شۇ سەنئەت ئانىسى.

1984 - يىل، سېنتەبىر، غۇلجا.

## ئابدۇسالام توختى

# سالام قەشقەر

كۆرۈشنى ئارزۇلاپ سېنى ئۇزاقتىن،
باغرىڭغا كەلدىم مەن بۈگۈن يىراقتىن.
ۋە تىزدىم سەن ئۈچۈن ئاددى گۈلدەستە،
قەلبىمنىڭ گۈللىرى — ناخشا - قوشاقتىن.
سالام، ئەي مېھرى ئوت جانىجان قەشقەر،
ئەجداتلار ماكانى ئانىجان قەشقەر.

«خوش كەپلا» دېدىڭسەن زەپمۇ خۇش ئاۋاز،
ياڭرىدى يېقىملىق خوشال ناخشا - ساز.
نۇرلىنىپ خۇش چىراي ئاچتىڭ سەن ماڭا،
يولۇمغا گۈلشەنلەر بولدى پاياندار.
ئەي قەشقەر، ھۆسنۈڭگە زوق بىلەن باقتىم،
سۆيگۈ دەرياسىغا چۆمۈلۈپ ئاقتىم.

باقتىم گۈل باغلىرىڭ، گۈلزارىڭغا مەن،
يېقىملىق، چىرايلىق رۇخسارىڭغا مەن.
گۈزەلكەن ھېيتكا، گۈزەلكەن باغرىڭ،
قانمىدىم بىر كۆرۈپ دىدارىڭغا مەن.
قىپ - قىزىل نۇر بىلەن پۈركەنگەن شەھەر،
سالام، ئەي دەۋرىمدە گۈللەنگەن قەشقەر.



خەلقىڭ زەپ ئەمگەكچان، قەھرىمان ئىكەن،
ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، مېھرىۋان ئىكەن.
يىگىتلەر پەرھاتكەن، قىزلىرىڭ شىرىن،
بۇرۇنقى چۆل بۈگۈن گۈلۈستان ئىكەن.
تاشلىرىڭ گۆھەركەن، تۇپرىقىڭ ئالتۇن،
ئەي قەشقەر، ئىشقىڭدا يۈرىگىم يالقۇن.

ئوقۇدۇم قەشقەرى يازغان «دىۋان» نى،
ئارارى قالدۇرغان غەزەل - داستاننى.
شاتلاندى ۋۇجۇدۇم، يورىدى قەلبىم،
كۆرۈپ پەن كۆكىدە كۆلگەن چولپاننى.
دىلىمدا قوزغاتتىڭ ئىپتىخار، قەشقەر،
ئەي كۆككە تاقاشقان زور چىنار قەشقەر.

نەچچە مىڭ يىللىق چىن تارىخىڭ باردۇر،
تارىختا ساڭا زور شەرەپ - شان ياردۇر.
ئۆستۈردۈڭ نى ئالىم، شائىر، ئەربابلار،
ئۇلارنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر.
ئەي قەدىم مەرىپەت مەركىزى، قەشقەر،
سالام چىن قەلبىمنىڭ يۇلتۇزى قەشقەر.

ئەڭ ئىسسىق بۈگۈنكى كۆركەم باھارىڭ،
تۈگەپتۇ ئۆتمۈشتە تارتقان ئاھ - زارىڭ.
ئېقىپتۇ بەختىڭدەك قىزىل دەرياسى،
ياڭراپتۇ شاتلىقتىن راۋاپ، دۇتارىڭ.
بەخت ساڭا يار بولسۇن تا ئەبەت، قەشقەر،
بار مەندە ساڭا چىن مۇھەببەت، قەشقەر.



www.uyghurkitap.com

ھەرئىزدىن قەدىردان جۇزۇگلى باسقان،
قىزىلگۈل ئېچىلىپ، كۆلۈپتۇ بوستان.
زۇگلىنىڭ شەپقىتى، ئېسىل خىسلىتى،
بولۇپتۇ ئەل ئىچرە ئۇتلۇق بىر داستان.
مۇبارەك ئىز چۈشكەن جانىجان قەشقەر،
كامال تاپ ھەر زامان، ئانىجان قەشقەر.

1978- يىل، ماي، قەشقەر

٩

## خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا

—يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ خاتىرىسىگە

ئىجات ئاسمانىنىڭ نۇرلۇق - يورۇق چولپانى لۇتپۇللا،
گۈزەل ئەشئارلىرىنىڭ ھەرسۆزى دۇردانە لۇتپۇللا،
ئالانتلىق ئوت يۈرەك شائىر، جەسۇر - مەردانە لۇتپۇللا،
ئوت ئاچقان كونا دۇنياغا، چېلىش پالۋانى لۇتپۇللا،
ياشايدۇ تا ئەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى، خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

ھامان ھۆرمەت - مۇھەببەتتە شائىر لۇتۇننى ئەسلەيمىز،
تىيانشان باغرىدا ئۆسكەن قىزىل يۇلغۇننى ئەسلەيمىز،
كۈرەش ئوكيانىدا ئۆركەشلىگەن دولقۇننى ئەسلەيمىز،
ئەبەت ئۆچمەي لاۋۇلداپ تۇرغۇچى يالقۇننى ئەسلەيمىز،
ياشايدۇ تا ئەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى، خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.



لۇتۇن كۆركەم بېغىمىنىڭ ئەڭ ئېسىل خۇشپۇي گۈلى ئەردى،
ۋەتەن ئىشقىدا كۈي تۆككەن، گۈلىستان بۇلبۇلى ئەردى.
دۇتار، تەمبۇر، راۋابىمنىڭ يېقىملىق مەرغۇلى ئەردى،
ئىجات بەيگىسىنىڭ ئۇچقۇر، قاناتلىق دۇلدۇلى ئەردى.
ياشايدۇ تا ئەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى، خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

تىيانشان بۈركۈتى ئەردى، ئۇ ئاسماندا قانات قاققان،
ۋەتەننىڭ ھەر گىياسىغا مۇھەببەت - ئىشىق بىلەن باققان.
يۈرەكتە سۆيگۈسى ئەلگە ئىلى، تارىم كەبى ئاققان،
ئەجىر مارجانلىرىدىن بۇ ئانا يەرگە چېچەك تاققان.
ياشايدۇ تا ئەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا.
ئادالەت، ئەرك پىداكارى، خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

ئۇ ھۆرلۈك، ئەرك ئۈچۈن دىلىغا پۈكۈپ ئالى تىلەكلەرنى،
چېلىش قاينامىغا چۈشكەن تۇرۇپ تالماس بىلەكلەرنى،
نەزەر تاشلاپ يىراقلارغا كۆرۈپ روشەن رۇجەكلەرنى،
ئانا قىلغان ۋەتەن - ئەلگە جەسۇر، ئوتلۇق يۈرەكلەرنى،
ياشايدۇ تائەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

ئۇ شىددەتلىك كۈرەش دولقۇنلىرىدا كەڭ غۇلاچ ئاتقان،
ئۇنىڭ نەپرەتلىرى ياۋغا گويا كەلكۈن بولۇپ تاشقان.
بورانلاردا يېتىلگەندە شۇ ياش غۇنچە، جەسۇر ئارسلان،
جاھالەت جادىسى باشىن كېسىپ تەندىن جۇدا قىلغان.
ياشايدۇ تا ئەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى، خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

ئۇلدى دىيەلەيدۇ،
لېكىن ئۇ ئۆلمىدى، كىممۇ ئۇنى ئۆلدى دىيەلەيدۇ،
ئۆلۈم يوق زادى شائىرغا، خەلق شائىرى ئۆلمەيدۇ،
كۆمۈلگەن بولسىمۇ جىسمى، ئىجادى ھېچ كۆمۈلمەيدۇ.
ئۇنى كەلگۈسى ئەۋلاتمۇ سۆيۈپ ھۆرمەتتە ئەسلەيدۇ.
ياشايدۇ تا ئەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

گۈل - گۈلىستان
ئۇنىڭ ئەشئارلىرى خۇددى ھاياتبەخش گۈل - گۈلىستان
ئۇنىڭ مەناسى زەپ چوڭقۇر مىسالى كەڭرى ئوكياندۇر.
ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى گۆھەر، باھاسىز دۇررى مارجاندۇر،
ئۇنىڭ ھەربىر قۇرى جەڭدە قىلىچتۇر، نەيزە - قالقاندۇر.
ياشايدۇ تا ئەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى، خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

خەلقىنىڭ ئىپتىخارى ئۇ، ۋەتەنگە سادىق ئوغلاندۇر،
ئۇنىڭ روھى، ئىجادىي تۆھپىسى تىللاردا داستاندۇر.
شۇڭا نامى ۋەتەن ئوكيانۇسىغا ھەم يېزىلغاندۇر،
ئۇنىڭ سىماسى گوياكى زەبەردەس تىك تىيانشاندۇر.
ياشايدۇ تائەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى، خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

لۇتپۇللا
لۇتۇن خەلقىم بىلەن بىللە كۈرەشلەردە، چېلىشلاردا،
لۇتۇن خەلقىم بىلەن بىللە ئۇلۇغ غەلىبە - يېڭىشلاردا،
ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭرايدۇ ۋەتەنىنىڭ تاغ - دالاسىدا،
قۇياش ئالتۇن نۇرىنى چاچقان ۋەتەنىنىڭ كەڭ ساماسىدا
ياشايدۇ تا ئەبەت دىلدا ۋەتەن قۇربانى لۇتپۇللا،
ئادالەت، ئەرك پىداكارى، خەلق ئوغلانى لۇتپۇللا.

1982 - يىل، نويابىر، ئۈرۈمچى





## خوش، ئۈرۈمچى

يۇمران نىر باچكا ئىدىم، قانات بەردىڭ،
لېۋىڭدىن بال ئىچەردىڭ، ناۋات بەردىڭ.
يايرىنىپ ئىلىم - ھېكمەت باغلىرىڭدا،
چاڭقىغان دىلغا ئابىھايات بەردىڭ.
ئالدىمدا گۈزەل چېھرىڭ، خوش، ئۈرۈمچى،
قەلبىمدە سۆيگۈ - مېھرىڭ، خوش، ئۈرۈمچى!

ھەيۋەتلىك قىزىل بىنا — پەن بىناسى،
مەرىپەت نۇرىغىنىڭ تىك قىياسى؛
مۇبارەك خىشلىرىڭنىڭ دانىسىدا
بەرق ئۇرار تۈمەن يۇلتۇز نۇر - جۇلاسى.
ھەر ئىشىك، ھەر پەلەمپەي، ھەر بوسۇغا
بىر قۇلۇپ ئاچقۇچىنى قىلدى سوۋغا.

دەريادا بېلىق خۇرسەن، ئاسماندا قۇش،
بىز ئىدۇق قۇش، بېلىقتىن ھەسسىلەپ خوش.
ۋاھ، ئەجەپ تاتلىق ئىدى، شېرىن ئىدى،
بىز سۆيگەن ستۇدېنتلىق گۈزەل تۇرمۇش!
نىمە دەي شېرىن ھايات خوشلۇقىغا،
سىغمايتتى كۆلكە ئالەم بوشلۇقىغا.

ئۈزىتىپ ئوت چاقنىغان قىزىل دىپلوم،
سەن دىدىڭ: چىچەك ئېچىپ گۈللە، ئوغلۇم!
خانتەڭرى كۈتمەكتىدۇر تەشنائى - زار.
شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىپ ئۆرلە، ئوغلۇم! ...
يېنىشلاپ سۆيۈپ نۇرلۇق پېشانەمگە،
يەت، دىدىڭ، مەرتلەرچە ئۆز نىشانەڭگە! ...

ئەي ئانا، غەمگۇزارىم — مېھرى ئۇتلۇق،
شۆھرىتى ئالەمشۇمۇل، نامى قۇتلۇق:
تىكتىڭ سەن گۈزەل خاڭچىك بويلىرىغا،
ئۇرۇق دەپ تاللاپ مېنى ياخشى سورتلۇق.
ئۆت، دىدىڭ، ئاسمانپەلەك تاغ - داۋاندىن،
ئۆت، دىدىڭ، شان - شەرەپلىك ئىمتىھاندىن!

قەلبىمدە ئۆزۈك ياققان پەن چىراغى،
چارچىسام بەردى دەرمان تەڭرى تاغى.
ھەر سەھەر يېڭى لەززەت قىلدى سوۋغا،
ئولانباي گۈللىرىنىڭ خۇشپۇراغى.
چاڭقىسام بوغدا كۆلى بولدى جامىم،
قىرانلىق قۇدرىتىگە تولدى جانىم.

پەرۋىش ئەيلەپ باھار مايىسىنى،
قەھرىمان ئەجدادلىرىم ۋارىسىنى.
يورۇتتۇم ئاتەش يۈرەك نۇرلىرىدا
ئۆسمۈرلۈك ئارزۇسىنى، غايىسىنى.
ئەۋلادلار — يۇمران كۆچەت، باغۋەن ئۆزۈم،
مەنىلىك ھەم بەھرىلىك كەچ - كۈندۈزۈم.



خەمگى ھەرخىل بولۇر ھەر پىلەكنىڭ،
سۆيگىنى باشقا، باشقا ھەر يۈرەكنىڭ.
مەن ئىدىم مەھلىياسى، جان پىداسى،
شۇ ئەزىز، ئەتىۋالىق گۈل - چېچەكنىڭ.
يولداشلىق، قېرىنداشلىق مېھرى باشقا،
مۇنچىلا كۆيمەس ئىدىم قېرىنداشقا.

ھەر كىشى تاپقاي شەرەپ تەر ئىزىدىن
(كەلمىگەي ئۇ ھېچقاچان ئۆز - ئۆزىدىن).
كىمكى تەر ئىزىغا قوشسا زىننەت،
پاك مىجەز ھەم چىرايلىق گەپ - سۆزىدىن؛
قوغداپ چىن ھەقىقەت قالقىنىدا،
كۆتىرەر بارچە ئىنسان ئالقىنىدا.

ئات سېلىپ چەۋەندازلار بەيگىسىگە،
كۆكرىگىم تولدى شۆھرەت لەيلىسىگە.
كۆكسىگە لەيلى قىسقان ھەر يىگىت - قىز،
يېڭى يۈك يۈكلىمەمدۇ يەلكىسىگە؟
يۈكلىسەڭ مەن كۆتەردىم ھەرقانچە يۈك،
بۇيرۇساڭ سۇنى كەچتىم يەشمەي ئۆتۈك...

ھەر قېتىم نامە ئالسام جان ئانامدىن،
كۈنۈ - تۈن يولغا باققان مېھرىۋاندىن؛
يۈرەك ئوت، پۈتۈن جىسمىم بولدى خۇمدان،
تەشنالىق، تەقەززالىق ئۆتتى جاندىن.
پەرزەنتلىك سۆيگۈسىدە ئوي - خىيالىم،
ئاخىرى ساڭا يەتتى ئارزۇ - ھالىم.

ئۆرگىلەي، جېنىم ئانا، باشلىرىڭدىن،
دانىسى ياقۇت - گۆھەر تاشلىرىڭدىن.
ئۆرگىلەي نەق ئالتە يىل ماڭا بەرگەن
مەرپەت كەۋسىرى، تۇز - ئاشلىرىڭدىن.
خوش! دېيەم جىغىلدايدۇ يۈرەكلىرىم،
تال - جىگەر ھەتتاكى گۆش - سۆڭەكلىرىم.

•

جەڭچىلەر تەييار ھامان بارچە سەپتە،
كارۋانمۇ توختىمايدۇ بىر بېكەتتە.
ئەي ئانا، مەن تۇرارمەن نەدە بولسام،
جەڭگىۋار سەپ بېشىدا — تۇنجى رەتتە.
لەۋزىمدىن پاك - غۇبارسىز ئۈنچە تۆكتۈم،
نەسىھەت - سۆزلىرىڭنى دىلغا پۈكتۈم.

خەير - خوش، ئۇرۇمچىنىڭ قۇچاقلىرى،
يېگىملىق، يۈكسىلىشنىڭ ئۇچاقلىرى.
خەير - خوش، مېھرى ئوتى شولىسىدا،
چاقنىغان ئەلنىڭ گۆھەر - مۇنچاقلىرى!
خەير - خوش، شاگىرتلىرىم — ياش تىلەكلەر،
ئەۋرىشىم كۆچەت، مەسۇم گۈل - چېچەكلەر!

1961 - يىل، ئاۋغۇست،



# كەلدى

(مۇسەللەس)

ارالدى بىر خەۋەر سۈبھى: «راۋاپچى نۇر تۇراق كەلدى،
اپاكەش يارىغا ھەمدەرت، ۋاپادار، كۆڭلى ئاق كەلدى،
ۇرۇپ زەخمەك راۋابىغا، كۈيى شەرۋەت بۇلاق كەلدى! ...»

چۈشتى ياش - قېرى يۇرتداش مىنىپ تۇلپارىغا يايداق،
ھالغا بولمىسۇن شەيدا گېزىتنىڭ مۇخبىرى قانداق؟
ئان ئاستىمغا زەپ ئۇچقۇر قاناتلىق ئىككى چاق كەلدى.

اتتى نۇر كۈلۈپ، ھۆرمەت - سالاملارغا جاۋاپ ئەيلەپ،
ا تارىخىغا شاھىد بوۋايلارنى تاۋاپ ئەيلەپ،
لاندەك مەڭزىگە باقسام تىلىمغا بىر سوراق كەلدى:

چۈن كەتكەن ئىدىڭ تەشنا قىلىپ ۋەسلىڭگە ئۆز يۇرتنى،
چۆرگەنسەن بېشىڭدىن، ئېيتقىنا، قانداق بوران - جۇتنى؟»
ىڭ بىر جۇپ كۆزىدىن ئوت، تىلىدىن ئوت - پىراق كەلدى:

زۈم تىغ جان، تومۇز، كۆكلەم قولۇم ئايرىلمىدى ساپتىن،
اك پەسلى، زىمىستاندا دولام ئايرىلمىدى قاپتىن،
رغان قولغا يۈز تاتۇق، تاپانغا مىڭ قاداق كەلدى.

ۈمنىڭ دانىسى ئۈچ مو (توخۇ تۇغمامدۇ بىر كۈندە؟)
م ئالتە پۈك ئىشلەپ ئارامسىز تاڭ بىلەن تۈندە.
ن يىللىق دارامەتتىن قەرز ئاتلىق توزاق كەلدى.

يىگىرمە ئىككى جىلغ نورمام، سېسىق ـ قاڭسىق قوناق
ئۆزۈلدى، توك سىمى قىشتا ئۆزۈلگەندەك ئۇچەي تارى،
قوشۇپ كۆرسەم مېنىڭ ئۈچ ۋاخ تائامىم بىر تاۋاق كە

جاھاندا كىم، قاچان كۆرگەن قۇرۇق قاپ ئۆرە تۇرغانى
ئۇزۇقسىز، بىمادار لەشكەر ئالالماس قەلئە ـ قورغانىنى،
زەئىپلىك دەمدە باسقان ھەر قەدەمدىن يۈز چاتاق كە

مېنى كۆرگەن جاپا ئەھلى ئىچىگە تىندى، ئۇھ تارت
دىسەم دۈيجاڭغا ھالىمنى، تىلىدىن مۇز ئۇقى ئاتتى،
مەيـتتەك رەڭگى ـ رۇخسارىم، چېچىممۇ بىر قۇچاق

بىتاپ ياتسام، كىرىپ دۈيجاڭ «ئۆيۈڭ ـ جايىڭنى چا

«سېنىڭ جايىڭ يېڭى رەتلەش ئۈچۈن توسقۇن ـ توساق
جاھان تار، يەر ـ زېمىن قاتتىق، ئىگىز ئاسمان يىراق

چېقىلدى ئۆي قارا قىشتا، كىرەيمۇ قەۋرىگە ئەمدى؟
تېپىلغايمۇ داۋا مەندەك جاپاكەش دەردىگە ئەمدى؟
چۈشەلگەن قوي ـ كالا بولدۇم، يېقىنلاپ قوش پىچاق

غەزەپ ـ قەھرىم تېشىپ ئاخىر راۋاپ ـ زەخمەك ئېل
دىدىم مىڭلارچە لەنەتلەر ھالاكەت پاتقىغى ـــ «سول
شۇئان بوينۇمغا ئاغامچا، بېشىمغا تاش ـ چوماق كە

دىدى: «جايىڭ مۇشۇ!» گۆردەك قاراڭغۇ لەخمىگە تاشا
دىدى: «بەش خىل قاتارىغا قېتىلدىڭ!» گەجگىگە مۇ
كۆز ئالدىمغا مېنىڭ، ۋاي ـ جان!... قاباھەتلىك دوزاق



ئىشەك ـ ھايۋان يېتىپ قالسا ئۆلىدۇ باش ئۈستىدە دوختۇر،
لېكىن «بەش خىل» دەۋالغانىنىڭ ئىشەكچە قىممىتى يوقتۇر،
يىقىلسام بەل ـ قوۋۇرغامغا چۆيۈن مىخلىق ئاياق كەلدى.

دىدىم: شۇنداق ئۆلەرمەنمۇ ھاياتلىق راھىتى كۆرمەي؟
ئۆلەرمەنمۇ قىران ياشلىق ھوزۇرى ـ پەيزىنى سۈرمەي؟
ئۆلۈم ياكى كۆرۈم پەيتى ـــ خەتەرلىك چوڭ سىناق كەلدى.

باھادىر ئەر كۆتۈپ ياتماس ئەجەلنى قايغۇ غارىدا،
ئۇنىڭ بوينىنى چورت ئۈزگەي شىجائەت زۇلپىقارىدا؛
ھاياتلىق ئىستىگى بىرلە دىلىمغا شۇ ساۋاق كەلدى.

دىدىم: تارىم ماڭا مېھرى سۈيىدىن قەترە چاچماسمۇ؟
ئانام ـــ خانتەڭرى قوينىنى غېرىپ ئوغلىغا ئاچماسمۇ؟
ئىشەنچىدىن مادار ـ دەرمان، چىدامدىن يانتاياق كەلدى.

دىدىم: خەير ـ خوش، ئانا يۇرتۇم!... تۆكۈپ ھەسرەتتە ياشىمنى،
ئېلىپ قاچتىم جۇدالىقنىڭ قاقاس ـ دەشتىگە باشىمنى،
ئەلەم ـ ھىجران يولى زەپمۇ ئېغىر، قاتتىق، ئۇزاق كەلدى.

ۋەتەنىنىڭ ئاسمىنى تەكشى سىيادەك قاپقارا بولغاچ،
جىمى خەق دەيدىكەن قەلبى مېنىڭدىنمۇ يارا بولغاچ؛
«جاكانىڭ تەتۈرى ئاتلىق، ئۇڭى ئاقساپ ياياق كەلدى».

«ئادار گۈل» زارىنى باشلاپ، ساماندەك سارغىيىپ يىغلاپ،
ئۇچار، كورلا، ماناس، شىخۇ... كېزىپ يۇردۇم پەسىل ـ يىللاپ.
جاپا ـ كۈلپەت ھامان جۈپ ـ جۈپ، ۋاپا يىگانە ـ تاق كەلدى.

جاھاندا كىممۇ ۋەتىنىمەس تۇغۇلغان ئۆز ئانا يۇرتقا،
بولۇپ پەرۋانە مەن ئاتسام دىلدىم باغرىمنى شۇ ئوتقا،
بىراق ئالدىمغا مىڭ خەندەك، تۈمەنمىڭ تام - توساق كەل

زامان بەزنى خالاس ئەتتى جاھالەت كوھىقابىدىن،
يۈرەكنىڭ قاندى تەشناسى ئىچىپ غەلىبە جۇلابىدىن،
ئادالەت رەھنىماسى مېھرىدىن مەشئەل - چىراق كەلدى

ئۆچۈپ تارىخىي ۋاراقتىن تىلەتى قەھرىتان «تۇتقا»،
ئىناقلىق يامغۇرى ياغدى ئۇزۇن يىل چاڭقىغان يۇرتقا
ماخاۋەتلىك سەھەر - ئاخشام جىدەلسىز، تىنچ، ئىناق ك

زامانە مېھرىسىز بولسا، ئىش - ئوقەتنىڭ نىمە بەھرى
زامانە مېھرىۋان ئەمدى، ئازادە ھەر كۆڭۈل شەھرى،
بەھىرلىك ئىشقا - ئەمگەككە يېڭىچە ئىشتىياق كەلدى

قاداق باسقان يېرىك قوللار بۈگۈن پۇل كۆردى، مايلاش
يېرىق - قوۋاقسىمان پۇتلار خۇرۇم قويىنىدا يابراشتى،
ساياق باشلارغا قەغەز بۆك ئەمەس، كەمچەت تۇماق ك

ئازاتتۇر يەلكىلەر قاپتىن، ئۇچار يوللاردا ئات ھارۋا،
ئۇماچ - يوبدانغا زار بولغان ئېغىزدا قوي گۆشى، ھال
تاغارغا ئاش، ئېغىزغا گۈل چېكىپ جۈپ - جۈپ تۇياق ك

يېزا باي بولسا كۈندىن كۈن روناق تاپمامدۇ دۆلەتمۇ؟
روناق تاپقاندا ئۆسمەمدۇ بۈيۈك قۇدرەتمۇ، شۆھرەتمۇ؟
قاراڭ، ساڭلارغا داپ - دۇمباق چېلىپ غەللە - پاراق كە



يامانگەن، ئەي يىگىت مۇخبىر، ئانا يۇرتنىڭ پىراق - دەردى،
ئېشىپ مېھرىم، سەۋىر جامىم تېشىپ تۇرغان چېغىم ئەردى،
ئانا يۇرتتىن سالام ئەيلەپ مۇبارەك بىر ۋاراق كەلدى.

كۆرۈمگە مىڭ قېتىم سۈرتتۈم مۇبارەك ئۇشبۇ ۋاراقنى،
راۋان بولدۇم نىشان ئەيلەپ ۋىسال قەنتىنى چاقماقنى،
جۇدۇنلۇق تۈندە تەزگەن قۇش قۇياشلىق تاڭدا ساق كەلدى.

يېتەشتىم زارىقىپ كۈتكەن ۋىسال ئەييامىغا ئەمدى،
ئۇراي شامۇ - سەھەر زەخمەك راۋابىم تارىغا ئەمدى،
يەيىشكە نان، مېڭىشقا يول، كۆرۈشكە كۆز قاراق كەلدى!...»

جاۋاپ - سۆھبەت گويا شېرىن قىيام تولغان ۋىسال جامى،
كۆتەردىم، ئۇرغىدى - تاشتى يۈرەك فونتانى - ئىلھامى،
يۈرەكتىن ئۇرغىغان ئىلھام ئىزىدىن بۇ قوشاق كەلدى.

1981 - يىل، سېنتەبىر، قەشقەر.

تۇرسۇن مەھەممەت پەخىردىن

## يېڭى رەسىم

نودەر ئاپپاق قەغەز ئېلىپ،
قويدى تۈزەپ ئالدىغا.
ھەرخىل رەڭلىك قېرىنداشلار
تۇرار ئىدى جوزىدا.

ئاۋال قارا قېرىنداشتا
سىزىق سىزدى رەڭ سېلىپ،
پۈتتى ئۆيى، سىزدى ئاگا،
بالكونلارنى كەڭ قىلىپ.

ئاندىن تۇتۇپ ئېڭىگىنى،
قاراپ كەتتى يېنىشلاپ:
ئۆينىڭ ئىككى بالكونىنى
دەيسەن خۇددى بىر قانات.

ئويلىۋېلىپ، ئۆينىڭ ئۇ،
ئاستىغا جۈپ چاق سىزدى.
ئەتراپىنى كۆكتە بوياپ،
چەكتى نۇرغۇن يۇلتۇزنى.



## ئارزۇ

ئەسقەر خوشال كۆرسەتتى،
ئېلىپپەنى ئېلىغا.
ئېلى كۆردى ۋاراقلاپ،
ئارزۇ يېنىپ دىلىدا.
ئۆيگە يۈگرەپ كەلدى ئۇ،
ۋۇجۇدىدا ھاياجان.
دادىسىغا ئويىنى
قىلدى بىرمۇ بىر بايان:
— دادا، كىتاپخانىغا
چىقىپتىغۇ ئېلىپپە.
مەنمۇ ئوقۇپ ئۆگىنەي،
ماڭا بىرنى ئېلىپ بە...
ئېلىپ بەردى دادىسى.
كىتاپ، قەلەم، دەپتەرمۇ.
دىلىغا سىغماي خوشلۇغى،
ئۇخلالمىدى ھەتتا ئۇ.
ئېلىپپەگە تويماستىن
قاراپ كېتەر ئۇ ھەدەپ.
ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ ھەم
ئوقۇغاندەك گويا خەت.
ئارزۇسىنى چۈشىنىپ،
ماختار ئاتا ئوغلىنى.
مېھرى بىلەن كۆرسەتەر،
كىتاپ ئوقۇش يولىنى.

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشنى باشلىدى،
ئېلى دەسلەپ «ئا»، «ب» دىن.
ئوقۇش ئويى تېخىمۇ
ئورۇن ئالدى قەلبىدىن.

## تېلېۋىزور ئالدىدا ...

كۆڭۈل قويۇپ ئۆز ئىشىنى
تۈگەتتىشتى ئاكا ـ ئىنى.
ئۇلار ئىناق ھەم تىرىشچان،
ياخشى كۆرەر بىر ـ بىرىنى.
ئاكىسىنىڭ ئىسمى جۇرئەت،
ئۇكىسىنىڭ ئىسمى قۇدرەت.
ھەر ئىككىسى بوخچىسىغا
دەپتىرىنى سالدى رەت ـ رەت.
جۇرئەت تاشلاپ سائەتكە كۆز،
تېلېۋىزورنى ئاچتى ئاستا.
كۆمۈش ئېكران يورۇش بىلەن،
ياڭراپ كەتتى ساز ۋە ناخشا.
بىزدىن ئۆيىنى شات كەيپىيات
سالدى قىزغىن ھاياجانغا.
ۋالىبولچى قىزلار چۈشكەن
مۇسابىقە مەيدانىغا.
ئايان بولدى بۇ ئاخىرقى
ھەل قىلغۇچى مۇسابىقە.
جۇڭگو قىزلار كوماندىسى
تۇرار ئىدى جىددى پەيتتە.



ئىككى ئەلنىڭ ماھىرلىرى
كۆرسەتمەكتە كۈچ ـ پەمىنى.
تېتىك، سەزگۈر، چەۋەرلىكى
قىلغان ئىدى بەنت ھەممىنى.
زەرپ بىلەن ئۇرۇلغان توپ
چۈشەر يەرگە مىختەك بولۇپ.
ئاكا ـ ئىنى ئۇزەلمەس كۆز،
قىزىقىسىنىپ، زوققا تولۇپ.
بىزنىڭ قىزلار كوماندىمىز
يەڭدى ئاخىر قارشى ياقنى.
مەيدان ئىچى دولقۇنلىنىپ،
چالدى شۇ دەم شات چاۋاكنى.
بۇ غەلىبىدىن بالىلارنىڭ
بېشى گويا كۆككە يەتتى.
ئىپتىخاردىن قۇدرەت شۇ چاغ
ئاكىسىنى سۆيۈپ كەتتى...

## بىز ئامراق

رادىيو قويىمەن ئۆز قەرەلىدە،
جاراڭلاپ كېتىدۇ بىزگە تونۇش كۈي.
ئاۋازى چىققاندا دېكتور ھەدەمنىڭ،
جانلىنىپ بىردىنلا جىم بولىدۇ ئۆي.

ھاياجان ئىچىدە ئىنىم ئىككىمىز
زوق بىلەن تەلپۈنۈپ قۇلاق سالىمىز.
يېڭىلىق ئاڭلىساق، كۆزدە نۇر ئويناپ
ئۆزئارا كۈلۈشۈپ قاراپ قالىمىز.

ئىلىم ـ پەن ھەققىدە سۆزلەيدۇ ساۋات،
ھىكايە، چۆچەكگى تېخىمۇ قىزىق.
پايدىلىق مەسلىھەت، كۆرسەتمىسىنى
قەلبىمىز قېتىغا ئالىمىز تىزىپ.

بىزگە خاس ئاڭلاتقان ناخشا ـ كۈيلەردىن
بەھرىمىز ئېچىلىپ تاپىدۇ ئارام.
بەختىمىز ساداسى — يېڭىلىغىدىن
ئارزۇمىز ئىشقا ئاشىدۇ ھامان.

بەختىيار ئۆمرىمىز خوشاللىغىنى
جاھانغا ياڭراتقىن، ھەي دېكتور ھەدە.
مەزمۇنلۇق، مەنىلىك ھەرجۈملە سۆزۈڭ
بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ئىلھام ـ تەربىيە.

ئانىدەك كۆيۈنۈپ ئېيتقان سۆزۈڭگە،
يەنىمۇ زوق بىلەن سالىمىز قۇلاق.
سەن بىزنىڭ ئەڭ ياخشى، يېقىن دوستىمىز
شۇڭلاشقا يۈرەكتىن ساڭا بىز ئامراق.



ئېزىز نىيازى

## بوغدا كۆلىگە سەيلە

ساپ ھاۋالىق ياز ئىدى،
روھىي ـ كەيپىم ساز ئىدى.
دوستلار بىلەن يول تۇتتۇم،
گۈزەل بوغدا كۆلىگە.

ناغدىن ـ تاققا يامىشىپ،
زوققا تولۇپ يايرىشىپ،
كۆل بويىغا چۈش بىلەن
يېتىپ كەلدۇق سەيلىگە.

بۇ يەر خۇددى جەننەتكەن،
سۈيى سۆزۈك شەرۋەتكەن،
زوقۇم بىلەن ئۇچۇملاپ
ئىچتىم قانماي گۈپپىدە.

ئەتراپلىرى تاغ ئىكەن،
قارىغايلىق باغ ئىكەن،
كۆز تەككۈدەك چىرايلىق،
باراقسانلىق بۆككىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

زوققا تولدۇم شات بولۇپ،
ياندى قەلبىم ئوت بولۇپ،
چۆمدۇم بوغدا كۆلىنىڭ،
ئارامبەخش پەيزىگە.

كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ،
دىلغا ئىلھام تولدۇرۇپ،
ئەستىن چىقماس سەيلىنى،
قاتتىم كۈيگە - نەزمىگە.

تىيانشاننىڭ قۇچىغى —
گۈزەللىكنىڭ ئۇچىغى،
ئۈستۈۋېشى باغ ئۈنىڭ،
ئېتىگىدە كۆل تولا.

گۈلدەك ياشنار ئۆمرىمىز،
خوشال ئۆتەر كۈنىمىز.
بىزنىڭ ۋەتەن — ھۆر ۋەتەن،
باغلار تولا - گۈل تولا.

## شائىرغا

سەپەر قىلدى ۋەتەن - خەلقىم،
بۈيۈك توت پەللىنى كۆزلەپ.
ئاشۇ قاينامدا ئۈز، شائىر،
يېڭى ئىلھام - گۆھەر ئىزلەپ.



ياسايدۇ بال ھەسەل ھەرە،
يىغىپ شىرنە چىچەكلەردىن.
يارات داستان،
ئېلىپ ئىلھام
كۆرەشچان ئوت يۈرەكلەردىن.

ئۈتاشقاي ئەل بىلەن قەلبىڭ،
ۋەتەن بەختى بىلەن بەختىڭ.
سېنىڭدىن خۇش ناۋا تاپقاي،
سائادەتلىك خوشال خەلقىڭ.

گۈزەل ناخشاڭ بىلەن ئەلنىڭ،
كۆڭۈل بوستانىدا گۈل ئاچ.
ئىجاتكار سەن،
ئىجادىڭدىن
سەپەر كارۋانىغا نۇر چاچ.

## گۈزەل تاشقورغان

چاقناپ تۇرار ھۆسنۈڭدە باھار جىلۋىسى،
سەندە كۆركەم ئېچىلغان بەخت غۇنچىسى،
سۆڭەك نەيدىن ياڭرايدۇ شاتلىق نەغمىسى،
خەلقى خوشال يايرىغان، گۈزەل تاشقورغان.

كەڭ - پايانسىز كەشتىدەك يايلىغىڭ تولا،
يايلىغىڭدا مال - چارۋا بايلىغىڭ تولا،

ھەر بىر ئۆيدە سۈت، قېتىق - قايمىغىك تولا،
كۈندىن - كۈنگە ياشنىغان گۈزەل تاشقورغان.

تاغ سۇلىرى باغرىڭدا ئۆركەشلەپ ئاقار،
چىمەنلەرگە - گۈللەرگە مەرۋايىت چاچار،
تاجىك خەلقى بېيجىڭگە تەلپۈنۈپ باقار،
ئالغا قەدەم تاشلىغان، گۈزەل تاشقورغان.



ھوشۇر ئىبراھىم

## ساتىر دىلار

### بولدى قىل

ئىشتىن كېيىن ئېچىلغان يىغىن،
ئۈچ سائەتكە بەرجەس سوزۇلدى.
ھەممە ئىشلار سۆزلەنگەچكە تەك،
تېتىقسىز گەپ كۆپلەپ قوشۇلدى.

بىرسى مۇنبەر ئۈستىدىن چۈشسە،
بىرسى چىقتى ئارقىدىن يەنە.
نۆۋەت كۈتۈپ يانا قانچىسى،
ئالدىمىزغا تىزىلدى مانا.

ئاخىر مانا يەنە بىر باشلىق،
خۇلاسىگە چىقتى سەھنىگە.
كىممۇ ئاڭلار ئۇنىڭ سۆزىنى،
دېيىلگەن گەپ چىقسا ئەۋجىگە.

يىغىن سۆزى شۇنداق بولامدۇ،
گەپ ئويناتساڭ كونا مۇقامدا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممە ئىشنى سېلىپ قېلىپقا،
چاپان تىكسەڭ ئەسكى توقاندا؟

ھەممە گەپنى بىرلا يىغىندا،
تۈگىتىشنى قىلغانمۇ ئادەت؟
كۆپچىلىكنى تۇتماي نەزەردە،
قىلامسىلەر شۇنداق مالامەت؟

توشتى سائەت، بولدى قىل، باشلىق،
رەڭگىڭدىنمۇ قىزىللىق ئۆچتى.
تومۇرلىرى كۆپۈپ تېشىغا،
جاۋغايلىرىڭ كۆپۈككە توشتى.

ئەتىگەندىن كەچ پېشىنگىچە،
ئىشلىگەنلەر بەلنى تۈزلىسۇن.
قازىنىغا ئوتىنى قالاپ،
تاماق ئېتىپ، قوساق توقلىسۇن.

چۈنكى ئۇلار تېتىقسىز گەپتىن،
بىزار بولدى، كۆڭلى ئاينىدى.
ۋاقىت قانچە ئۇزارغانسېرى،
دىلىدا ئاچچىق غەزەپ قاينىدى.

ئىشقا بېقىپ نوتۇق توغرىلا،
يىغىن ئاچساڭ سۆزنى قىسقا قىل.
ئىشنى كۆپرەك قىلايلى بىزمۇ،
قۇرۇق گەپنى ئەمدى بولدى قىل!



## پەخەس بول

— بىر بيۇوكراتقا

سەن دەريا ئىچىدە ياشايسەن، بىراق،
بىلمەيسەن لەپپا - لەپ دەريا سۈيىنى.
سەن خەلق ئىچىدە ياشايسەن، بىراق،
بىلمەيسەن خەلقنىڭ يۈرەك سۆزىنى.

سەۋەبى، سەزگۈ يوق. ھىسسىيات تېخى،
خەلقنىڭ دەردىنى بىلگىدەك تولۇق.
بىلمەيسەن ئۇلارنىڭ نىمىلىگىنى،
سەندە يوق كەمتەرلىك پۈرىغى قويۇق.

ماڭساڭمۇ يەردە سەن، دىمىغىڭ كۆكتە،
بۇلۇتلار تۆپىدىن سالام سورايدۇ.
قوسىغىڭ پومپايغان گويا تۇلۇمدەك،
ئەلپازىڭ پۇقرانىڭ يولىنى تورايدۇ.

بۇرنىڭنىڭ بېزىمۇ سېمىز ۋە يوغان،
شۇ سەۋەپ كۆزلىرىڭ پەسنى كۆرمەيدۇ؛
ئىش ئۈچۈن پۇقرالار ئالدىڭغا كىرسە،
ئەزرائىل ھەيۋىتىڭ ئارام بەرمەيدۇ!

ئۆزەڭدە ئانچىلىك چوڭ ئەمەلمۇ يوق،
شۇنداقلا ئانچىلىك كىچىكمۇ ئەمەس.

خۇدايىم ساقلىسۇن، ئەمەلدار، سىنى،
ھەر ھالدا ئۆزەڭگە بول بىر ئار پەخەس!

ئەمەلدار بولغىنىڭ پەقەت بىر ئامەت،
بىلسەڭ، ئۆستۈرگەن قولاقتىن سوزۇپ.
ئانچىلا بوپ كەتمە،
خەلقنى چۈشەن،
چۈنكى خەلق تۈز بەرگەن
گىپىلدىن قوشۇپ!

تۈزنى يەپ، تۈزىغا قىلساڭ كۆپۈرلۈق،
ئاقىۋەت كۆزۈڭ كور — ئەما بولىسەن!
مەنسەپتىن چۈشكەندە
نادىن ئايرىلىپ،
تۈلكىدىن بەتتەررەك چۆلدە ئۆلىسەن!

## ۋەتەن — ئانا

تۇغۇلغان دىيارنى بىز «ۋەتەن» دەيمىز،
ۋەتەننى ئانا بىلەن سۈپەتلەيمىز.
ئانىنى قانچە يۈكسەك قەدىرلىسەك،
ۋەتەننى ئۇندىن ئارتۇق قەدىرلەيمىز.

ئانىنىڭ سۈتى بىلەن كۆكلەر ھايات،
ۋەتەندۇر پەرزەنت ئۈچۈن ئالتۇن قانات؛
بۇ ئىككى جان تومۇردىن ئايرىلسا گەر،
ئۇ پەرزەنت ھاياتىمۇ تاپار مامات.



× ×

ئانامدىن تۇغۇلغانىمەن قاتتىق يەرگە
كىندىك قان تۆكۈلمىگەن كۈمۈش، زەرگە.
ۋە لېكىن بەدىنىمدە ئىللىق سېزىم
خوشاللانغان چۈشكەندەك مامۇق پەرگە.

ئايرىلدىم...
ئۆز ئانامنى سامەي تۇرۇپ،
كۆكسىدىن ئاق سۈت ئىمىپ كۈلمەي تۇرۇپ،
«ئىڭگە» دەپ يىغلار ئىدىم گۆدەكلىكتە،
كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ، پەريات ئۇرۇپ.

يېتىلدىم ئانا ۋەتەن سۈتى بىلەن،
كۆكلىدىم ئۇنىڭ زىلال سۈيى بىلەن.
كۆز ئاچتىم ھاياتلىققا باقتىم خوشال،
ۋەتەننىڭ ئىلھامبەخش كۈيى بىلەن.

قانچىلاپ باھار، قىشنى ئۆتكۈزدى باش،
چېچىمغا قىرو چۈشتى،
ئەمەسمەن ياش.
شۇ ھالغا كەلتۈرگىچە ۋەتەن ئانا،
كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى قىلىپ ھاپاش!

×

جانىجان ئانىجانىم — گۈل ماكانىم،
ھاياتىم، بەختىم ئۆزەڭ قەدىردانىم.

پەرزەنتكە مېھرى دېڭىز — دولقۇنلىغان،
ئۆمۈرلۈك سۆيگۈنۈمسەن — مېھرىۋانىم!

قۇياشلىق چېھرىڭگە مەن تاشلىسام كۆز،
تەرىپىڭ ئۈچۈن يەتمەس دۇردانە سۆز.
پارتىيەم باشلىغان جەڭ، سەپەرلەردە،
ئېرىشتىڭ زەپەر - شانغا مېڭىپ سەن تۈز،

×

مۇبارەك!
ئانا ۋەتەن شانلىق تويۇڭ،
مۇبارەك!
تىيانشاندەك قامەت - بويۇڭ!
يۈرىكىم دولقۇنلىدى ھاياجاندىن
قوبۇل قىل!
قوشاق ياردى ساڭا ئوغلۇڭ!



**ئابلىمىت ھاجى**

## ئالتۇن مۇنار

### مۇقەددىمە

شۇ قەلەم ئىتىمنى مىنىپ چاپتۇرۇپ،
يىللاردىن - يىللارغا سەيلە قىپ باردىم،
گاھىدا مەي ئىچىپ بەزمىلەر ئارا،
گاھىدا دولقۇنلار باغرىنى ياردىم.

گاھىدا تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغان،
سەلتەنەت ئەھلىنى — شاھلارنى كۆردۈم.
گاھىدا ھاممامنىڭ كۈلخانىسىدا
يېتىشقان ناتىۋان جانلارنى سۆيدۈم.

شۇ سەپەر ئۆمرۈمنىڭ تۇغى ئاتالدى،
ئېتىقات ئەيلىدىم ئۆچمەس بىر تۇغقا.
بۇ تۇغكى — مۇقەددەس، مۆھتەرەم، ئۇلۇغ،
يېپىلغان، بوي سوزغان كۆككە، ئۇپۇققا.

بولغاچ ئۇ ئەل ئۈچۈن بىر نامايەندە،
شەنىگە بۇلبۇللار قىلىدۇ خەندە.
ئىجاتتىن مەنمۇ ھەم گۈل چاشقا چاچتىم،
ئېتىقات مەشئىلى پارلاپ قەلبىمدە.

## يىللار

يىللارنىڭ كارۋىنى تىزىلىپ قاتار،
ئۆتىدۇ ئالدىراش — خۇددى بىر لەچىن
ئۇنىڭ ھەر دەقىقە، ھەربىر مىنۇتى
ياسايدۇ ئۇزۇلمەس تارىخىي ئىچىن.

بەزىدە ئاجايىپ ھىكمەتلەر بىلەن —
كۆمۈلەر شەرەپكە يىللار دەپتىرى.
ئۆتىدۇ تۇتۇرۇقسىز يەل كەبى بەزەن،
ئۇنۇلمەي، مۇڭلىنىپ ئۇنىڭ كەپتىرى.

ناگىھان بىر شۇڭقار كىلەر دۇنياغا،
بولۇپ ئۇ گوياكى تاڭدىكى قۇياش.
سائادەت يامغۇرى ياغسا ناگىھان،
ناگىھان زۇلمەتتىن ئاقار قانۇ - ياش.

بىر زامان گۈلىستان بولغان ئۇ دىيار،
بىر چاغلار ئۆتكەندە گۆرىستان بولار.
بىر زامان شاھ بولۇپ دەۋران سۈرگەننى
ئامىتى كەتكەندە قانىتى سۇنار.

يىللارنىڭ تۆھمىسى ئوخشىماس شۇنداق،
ئۆتەر ئۇ توختىماي ھەر قىسمەت بىلەن،
بىراۋلار ئاقسا ئەجرىدىن بىزەك،
بىراۋلار ياشايدۇ قۇرۇق گەپ بىلەن.



تارىخى قەدىمىي، باتۇر خەلق بىز،
قوغلىدۇق باشلاردىن زۇلمەت تۈنلەرنى؛
ئۆتكۈزدۇق شات - خورام بايراملار ئويناپ،
خاتىرە قىلغۇدەك ئۇلۇغ كۈنلەرنى.

باستۇق بىز تارىخى ئۇزۇن يوللارنى،
قەدەمدە گۈل تىزىپ دەستە - دەستىلەپ.
بار يەنە شۇ تارىخ بەتلىرىدە ھەم،
ئۆتكۈزگەن كۈنلەرمۇ ئىگراپ، تەمتىلەپ.

مەيلى ئۇ ئۆتمىشۇن قايسى تەرزىدە،
شۇ تارىخ بېتىدە بىزلەر بار يەنە.
تۇرۇپتۇ تۆھپىمىز گۇۋالىق بېرىپ،
جاھانغا مەشئەللەر ياندۇرۇپ ئەنە ...

قەلىمىم بىسىنى ئىتتىتىپ بۈگۈن،
شۇ يىللار كانىنى كولاپ قازايمەن.
بار ئۇندا بىر بۈيۈك ساپ ئالتۇن مۇنار،
شۇ مۇنار ھەققىدە شېئىر يازايمەن.

## قەشقەر

ئەزەلدىن ئەزىز دەپ كەلدىم مەن سىنى،
بۇ سۆيەت تەرىپىڭ - شۆھرىتىڭگە ماس.
ئۇ دۆرەم مويىسپىت دەپ ئاتاي سىنى،
باغلىغاچ قەلبىمدىن ساڭا چىن ئىخلاس.

مويسىپىت دېگەندە بۈيۈك مەنا بار،
بۇ ئەمەس يېشىنىڭ ئۆلچىمى پەقەت،
تەھقىقكى، بۇ نامدا قۇياشتەك ئايان،
نۇسرىتىنىڭ، شەۋكىتىنىڭ، يەنە كۆپ جەھەت.

توپىسى تۇتىيا ئانا يۇرت ئىچرە
ئەجداتلار ياراتقان قەدىمىي شەھەر.
بېشىڭدىن ئۆتكۈزگەن تالاي ئىشلارنى
گەر يازساق پۈتىدۇ مىڭلىغان ئەسەر.

ئۆتتۈڭسەن شۇنچە كۆپ يوللارنى بېسىپ
قەدىمىڭ تارىخقا ئۆچمەس ئىز سالدى.
گاھىدا جۇدۇنلار ئاستىدا قالدىڭ،
گاھىدا زەپەرلەر قوينىغا ئالدى.

دىمەككى، سەن كاتتا، مويسىپىت شەھەر،
بۇنىڭغا تارىخىي ئاساس بار ئەلۋەت.
جاھانغا تونۇلغان بۈيۈك دىيار سەن،
سەن بىلەن ماختىنىش بىزگە خاس ئەلبەت.

باغرىڭدا كىشىنىگەن تۇمەن تۇلپارلار،
تېرىدىن، ئەجرىدىن يازغان قىسسەلەر؛
كۆم قىلغان شۇ ھامان شەرمىسار ئەيلەپ،
رەقىپلەر كۆزىنى ئالايتسا ئەگەر.

قوينىڭدا ساناقسىز مەرىپەت گۈلى،
پورەكلەپ ئېچىلغان خۇشپۇراق چېچەپ،



ھەر بىرى ئۇلۇغۋار بىر قامۇس بولۇپ،
تارىخقا يېزىلغان ئالتۇن بەت ئېچەپ.

قەدىمىي، مۇقەددەس جايلار، مىراسلار،
تۇرماقتا جۇلالاپ مەغرۇر قەد كېرىپ؛
تۇرماقتا جەلپ قىلىپ جاھان ئەھلىنى،
تۇرماقتا ئەقلىڭدىن بىشارەت بېرىپ.

دىمەككى، قەشقەر سەن مويسىپىت شەھەر،
نە شەھەر، دۇنيادا چاقنىغان گەۋھەر.
ئاسمىنىڭ نۇرانە، باغرىڭ چىمەنزار،
سۇلىرىڭ شەرۋەتكى، تاغلىرىڭ مەرمەر.

ئويلىرىم، ھېسلىرىم كېزىپ قوينۇڭنى،
بىر مۇنار ئالدىغا كېلىپ توختىدىم.
قەلبىمدىن جاي ئالغاچ بۇ ئالتۇن مۇنار،
بىر دەستە گۈل قويۇپ ئۇنى يوقلىدىم.

ئەمەس بۇ ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل ياكى،
بۇ گۈلكى، ئىلھامنىڭ دۇرى - ئۈنچىسى؛
شۇ ئالتۇن مۇنارغا ئەقىدە باغلاپ،
ۋۇجۇدۇم زىمىنىنىڭ كۈلگەن غۇنچىسى.

## ئالىم

رىۋايەت قالغانكەن قەدىمدىن مۇنداق:
تۆت يۈز يىل ئىچرە بىر شۇڭقار كېلەرمىش.

شۇ شۇڭقار سائادەت ئەلچىسى بولۇپ،
قۇتلۇقلاش ئىلكىدە جاھان كۈلەرمىش.

شۇ شۇڭقار مەغرۇران قاناتلار قېقىپ،
بولارمىش يۇرتىغا شاھى پاسىبان.
مەرىپەت بېغىنىڭ چولپىنى بولۇپ،
بېرەرمىش ئېلىگە يورۇقلۇق، ئېرپان.

قويغاندا ئىسرلەر ئۇزۇن بىرگە قەدەم،
بىزنىڭ بۇ دىيارغا كەلدى بىر ئامەت.
بىر شۇڭقار كۆز ئاچتى ئۈستىدە ئىزنىڭ،
ئۇ ئىدى بىر ئوغۇل — قاۋۇل ناھايەت.

ئۇ ئەمەس ئەۋلىيا، پەقەت بىر بالا،
ئۇ پەقەت بىر ئىنسان، ئەمەس ئەۋلىيا.
كىم بىلسۇن تارىختا كۆزگە سۈرتكىدەك،
بولۇشىنى ئادەملەر ئىچرە «تۇتىيا».

ئىدى ئۇ مەھمۇت — بۇ گۈل دىيار ئارا
سەلتەنەت سۇلتانى — ھۈسەيىن ئوغلى.
گەر ئۇنى چىنارنىڭ شېخى سانىساق،
قەدىردان ئەل ئىدى بۇ شاخنىڭ غولى.

ئۇ شۇنداق ئائىلە، شۇنداق دىياردا،
جاھاننىڭ قوينىغا كۆز ئاچقان كۈلۈپ،
ئاپپاق پەرىشتەم دەپ مۇبارەكلىگەن،
ئاتا ھەم ئانىسى مەڭزىگە سۆيۈپ.



كەلگەن كۆك لەرزىگە نەرىلەر تارتىپ،
باغرىمنى يېرىپ بىر قۇياش چىقتى دەپ.
يەر - زېمىن خوشلۇقتىن چۆشۈپ ساماغا،
سۆيۈنگەن ئۈستۈمگە ئاپتاپ چۈشتى دەپ.

ئۇ ئېلىپ ھارارەت زېمىن قوينىدىن،
ئۆستى نەۋ باھاردا ئۆسكەن مايسىدەك.
ئۆستى ئۇ بۇدرۇق، شوخ، تېمەن ھەم چەچەن،
گوياكى شىر كەبى بولۇپ چوڭ يۈرەك.

ئانا يەر قوينىغا يىقىلسا ئەگەر،
ئانا يەر تۇپرىقىن سۆيدى باغاشلاپ.
ئانا يەر ھاۋاسىن ھايات دەپ بىلسە،
سۈيىنى ئىچتى ئۇ زەمزەم دەپ ساناپ.

شاتلانسا تاللارنى ئات ئېتىپ ئويناپ،
يۈرىدى گۈللەرنى — ئىپارغا تاۋاپ.
بۇ يۇرتنىڭ غەزەلخان قۇشلىرىغىمۇ،
تەلپۈندى مۇھەببەت، زوق بىلەن قاراپ.

يىلىسىرى ئۇلغىيىپ، كامالەت تېپىپ،
قۇياشتەك پارلىدى تەكتۇشلەر ئارا.
بوينىغا خەت پۈتكۈچ تاختىسىن ئېسىپ،
مەدرىسكە — ئوقۇشقا ماڭدى بۇ بالا.

تاختىغا «ئېلىپ» دەپ پۈتۈلگەندە خەت،
ئۆتتى ئۇ سىناقتىن «ئېلىپ» تەك پەقەت.

ئۇستازىنىڭ ئالدىدا مەشئەلدەك يېنىپ،
ئۇستازىنىڭ دۇئاسىن ئالدى قىنچە رەت...

«ساجىيە مەدرىسى» قايناق ۋە ئاۋات،
بۇ يەردە ئىلىمدىن تۆكۈلەر شەرۋەت،
گۈللەرگە شەيدايى بۇلبۇللار كەبى،
بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئوقۇماق راھەت.

چۈنكى، بۇ شەرقنىڭ بۈيۈك كەئبىسى،
بۇ دىيار ئىچرە بىر پارلىغان قۇياش.
بۇ يەر بىر خەزىنە — ئىلىم بۆشۈكى،
بۇ يەردە قەلب بىلەن ئىلىم بىر تۇتاش

ئۇ ئىدى ئۆزىگە تەلەپچان بەكمۇ،
ئۆزگىگە كۆيۈمچان، سىلىق - سىپايە.
ئىچىلسا ئاغزىدىن تۆكۈلىدۇ دۇر،
قەلبىدە يالقۇنلار ئۇلۇغۋار غايە.

دەيدۇ ئۇ: ئالەمگە نۇر بەرگەن ئىلىم،
دىللارنىڭ مەشۇقى بىر ساھىپجامال.
ۋە بەنە بايلىقنىڭ ئابىھاياتى،
لەززىتىن كۆرگەنلەر تاپىدۇ كامال...

ئۇنىڭ ئوقۇشتىكى شانۇ - شۆھرىتىن،
نومۇرنىڭ جىگىدا ئۆلچەش بەك قىيىن؛
ئۇنىڭ شۇ زەكى ئەقىل - ئىدرىكى،
ئاچىدۇ نى قىيىن سوئاللار سىرىن.



ئىلىم دەرياسىدىن گۆھەرلەر سۈزۈپ،
ئۇ، قەلب ئۆيىنى زىننەتلەپ - ئاستى.
نى مۇشكۈل داۋاننى قالدۇرۇپ ئارتتا،
زەپەر دۇلدۇلىدا مەنزىللەر ئاشتى.

ئىلمۇ - پەن ئىزلەپ ئۇ كەزدى ئېلىنى،
ھەم كەزدى قانچىلاپ ياقا ئەل ئارا.
زەپەرلەر قۇچقاندا بولۇپ ئۇ كەمتەر،
دىدى: مەن ئىلىمدە تېخى كۆپ چالا.

يېتىشتى ئاخىرى بولۇپ بىر گىگانت،
ئەل ئىچرە ئالىملىق تاجىنى كىيىپ.
يىگانە بۇ ئەختەر نۇرى قۇربىدىن،
كىبرىيادى ئانا ئەل سائادەت كۆرۈپ.

دىدى كۆك: مۇبارەك ئىلىم مەشئىلى،
دىدى يەر: مۇبارەك ۋۇجۇدۇم گۈلى.
گۈزەل تاغ، دەريالار مۇبارەكلىشىپ،
دىدى: ئەي سۇخەندان — ۋەتەن بۇلبۇلى...

ئالىملىق تەختىدە سۈرۈپ ئۇ دەۋر،
ئىلىمدىن ياراتتى كارامەت قەسىر.
جاھاننامە ئوخشاش تەپەككۇر بىلەن،
ئەقىل كانىدىن چىقتى نەچچە ئەسىر.

دېيىشتى ھەممە چىن پەخىر ئىلكىدە:
مۇبارەك ساڭا ئەي جاھان ئالىمى.

دىدى ھەم جاھانمۇ: بۇ يەر ئەھلىنىڭ
مۇبارەك شۇ نامىنىڭ — گۈزەل ئايىمى.

## قامۇس

بۇنىڭدىن بۆلەك سۆز تاپالماي ئاخىر،
ئىشلەتتىم بۇ كونا سۆزنى مەن يانا.
تۇرۇپتۇ ئىشكاۋىمنى نۇرلاندۇرۇپ،
ئەجەپ كاتتا، داڭلىق بىر قامۇس مانا.

بۇ قامۇس «تۈركى تىللار دىۋانى» ئىر
ئىسمىنى ئاڭلىسا يەر - جاھان بىلۇر.
تېشىدىن قىزىلگۈل بويى كەلسىلەر،
ئىچىدىن ئەقلىغا يورۇق نۇر كېلۇر.

بۇ قامۇس بۇ ئەلنىڭ شەرەپ - شانىد
ۋە قۇتلۇق قېنىدۇر، ئەزىز جانىدۇر.
زامان ئىچرە تۆككەن ھالال تېرىدىن
يېقىلغان نۇرانە، ئۆچمەس شامىدۇر.

نەسىللەر بۇنىڭدىن نەسەپنى كۆرەر،
بۇنى ئەتىۋالاپ كۆزىگە سۈرەر.
بۇ ئەرگەن ئۇزۇقتىن قۇۋۋەتلەر ئېلىپ،
كەلگۈسى مەنزىلگە دېدىل يول يۈرەر.



## خاتىمە

بولسا گەر ئۇ بۈيۈك گىگانت تاغ كەبى،
يازغىنىم شۇ تاغنىڭ پەقەت بىر چېتى.
يا بولسا تەڭداشسىز نادىر بىر كىتاپ،
يازغىنىم ئۇنىڭكى بىر قۇر، بىر بېتى.

بولسا گەر ئۇنىڭغا مېھرىم بىر دېڭىز،
پۈتكىنىم ئۇنىڭدىن كىچىك بىر قەترە.
كۆلەتتىم شاتلىنىپ بۇ زىمىن ئارا
چېچىلسا شۇ قەترە بولۇپ خۇش ئەترە.

ۋە لېكىن، كىتاپخان، قەلىمىم كولتا،
ئۆزەدۇر، چولتىدۇر ئەقىل، پىكرىم ھەم.
شۇ سەۋەپ ئۇەمتنى ئاقلالمىسامۇ،
قوبۇل قىل، بۇنىڭدا مېھرۇ - ئىشقىم جەم.

1984 - يىل، ئۆكتەبىر، قەشقەر.

## سەھرالىقمەن

مىڭلەر قىياغا تولغان تۆكمە كۆز،
باغلارنىڭ ھۆسنىدە بۆلەكچە ئۈز ھال.
شاخلاردا بەركەتنىڭ شىۋى قەدرىسى،
بى تەھقىق «جەننەتۇل رىزۋان» غا مىسال.

شاپتۇللار رەڭگىدە بولاق ئەكس ئېتەر،
گۈزەل قىز مەڭزىدەك رەڭدار ئالمىلار،
بېدىشتە ئۈزۈملەر بەئەينى ھۆكەر،
گوياكى مەرۋايىت كەبى يالتىرار.

ساپ - سېرىق ئەنجۈرلەر بىر ئالتۇن
تۇرىدۇ شېرنىسى تامچىلاپ ئېقىپ.
تەمىدىن تىلىمىز يېرىلار بولسا،
خۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلار يېقىپ،

تۇردۇممەن ئورنۇمدىن سۈبھى - تاڭ
قەلبىمدە بېغىمنىڭ سۆيگۈ - يالقۇنى،
ئايلاندىم باغ ئارا ئىشتىياق بىلەن،
تېنىمنى سەگىتتى تاڭنىڭ سالقىنى.

ھوزۇرلۇق پەرىسى قۇچتى باغرىمنى
ئەجرىمدىن مەي بولغان ئەنجۈرنى كۆر
تىكىلدىم شاخلارغا بىر ھازاغىچە،
سۆيۈنۈش ئىلكىدە خىياللار سۈرۈپ ...

«شۆھرەتلىك بۇ نازۇ - نېمەتلەرنى ئە
قاچىلاي سېۋەتكە ئاۋايلاپ تىزىپ.
خوشالمەن، كەتسە گەر بۇ نېمەت بىلە
قىزىغان بازارلار يەنىمۇ قىزىپ.

كىبلەركىن قاچان دەپ شەھەر خەلقىمىز
كۈتكەندۇ ۋە بەلكىم يولۇمغا قاراپ.



رازىدىم باغ بىنا قىلغىنىم ئۈچۈن،
بۇ ئەنجۈر ئۇلارغا قالسىلا ياراپ.

شېخىدىن ئۈزگەنچە شۇ سوغاق پېتى،
شەھەرلىك دوستلارنى راسا قاندۇراي.
ۋۇجۇدى لەززەتتىن تاپسۇن كۈچ - قۇۋۋەت،
خۇش قىلىپ، ئىشىدىن ئۈنۈم ئالدۇراي.»

شۇ ئۈمىت - ئارزۇنىڭ دالىبىرى مېنى،
ئۇزاتتى شەھەرگە ئاق يوللار تىلەپ.
ۋاھ، قانداق ياخشى - ھە، شەھەر ھەم يېزا،
ئۆتۈشسە بىر - بىرىنى قوللىشىپ، يۆلەپ.

ئاستىمدا ۋەلسىپىت — شاھالدەك ئۇچۇپ،
پەساتتا شەھەرگە كىرىپ قاپتىمەن.
«قۇل» كەبى ئىشلىگەچ ھالال تەر تۆكۈپ،
گوياكى بىر «بەگ» مەن — دەل شۇ تاپتىمەن.

قىزغۇچ رەڭ شەپەقتىن تون كىيگەن ئۇپۇق،
يوللاردىن ئۆتمەكتە ئىشقا ماڭغانلار.
ئۆتمەكتە مەردانە قەدەملەر تاشلاپ،
ۋەتەن، خەلق ئىشقىنى دىلغا تاڭغانلار.

ئۇلارنى چاقىرىپ دەيتتىممەن بۇنداق:
«ئۆتكۈنلەر بۇ لەزىز نېمەتتىن تېتىپ.
تېتىماي قالسا گەر ئاغزىڭلارغا بۇ،
پۇلىنى بەرمەيلا قېلىڭلار كېتىپ».

بىر چاغدا كېلىپ بىر غولاسان يىگىت،
— بىر موغا نەچچىدىن ساتىسەن، — دې
— بىر موغا ئىككىدىن ئېلىڭ، يەڭ، — د
بىردىنلا تىرىكىپ ماڭا كايىدى.

«بەرگەننى بېرەرسىز، كېلىڭ، يەڭ قېنى
بۇ مېنىڭ بېغىمدىن چىققىدۇ» دىدىم.
ئۇ دىدى: «نەرقىنى ئويلاپراق دىگىن
(بىر موغا ئىككىدىن ئەنجۈر يەيدىغان)
مەن سەندەك سەھرالىق تومپاي، كورم

چاچلىرىم تىك تۇردى، كۆزلىرىمدە ئوت
ۋە لېكىن كۈلدۈمەن چىشلەپ تىلغا تا
شۇندىمۇ خورلۇقنىڭ زۇلمەتى بىلەن،
گۇناسىز كۆزۈمدىن ئاقتى قانۇ - ياش.

ئويلىدىم، ئويلىرىم بىپايان دېڭىز،
ئېيتقىنا، شەلىك كىم، سەھرالىقلار كىم؟
ئېيتقىنا، ئەي شەلىك غولاسان يىگىت،
ئەجدادىڭ، نەسىبىڭ، بوۋاڭ زادى كىم؟

ئويلاپ باق، ئەجدادىڭ ئەمەسمۇ سېنىڭ
«سەھرالىق تومپاي» دىن، كۆزى «كور»
شۇ سەۋەپ بۈگۈنكى شەھەرلىكلەرنىڭ
ئەمەسمۇ نەسلى ۋە تېگى سەھرادىن؟!

ئاچقانتى ئەمەسمۇ يېزىلار چىراي،
بۇ قەدىم تۇپراقتا قەدىمي بولۇپ،



يىپالارنىڭ قوينىدا قىزىلگۈل كەبى،
ئېچىلغان ئەمەسمۇ ھۆسنىگە تولۇپ؟!

دىمەككى، شەھەرنىڭ ئاتىسى يېزا،
شەكسىزكى شەھەرگە ئانىمۇ يېزا.
شەھەرنى بۇ يەڭلىغ ئاۋات ئەيلىگەن،
ھەمىشە بى مىننەت بېرىپ شۇ غىزا.

«ئانارگۈل لەغمەن» نى يىگەندە تويۇپ،
ئويلامسەن بۇ نىمەت نەدىن كەلدى دەپ.
«بەقسەم پولو»نى دۈملىگەن كۈنى،
سېزەمسەن ئۆيۈڭدە خوشاللىق، شەرەپ؟

يىگەندە قوغۇننى كاسلاپ، پىچىپ،
دىمەمسەن «يۈرىگىم. ۋاھ، قاندى ئەجەپ»؟
بىتاپلىق دەشتىدە قىينالغاندا جان،
شىپالىق تاپمامسەن ئانار، ئالما يەپ؟ ...

دىمەككى، ھاياتلىق داستىخىنى يېزا،
جان - جېنى، قان - قېنى، قۇربىتىمۇ شۇ.
كەڭ، سېخى قوينىدىن بەختلەر تۆكۈپ،
ھاياتنى گۈللىتەر گۈل دىيار مۇشۇ.

داستىخانغا چىن ھەغدا ساھىپخان دىخان،
شۇنىڭدەك ھەرقاچان ئۆز - ئۆزىگە خان.
كىمىكى كەمسىتەر بولسا گەر ئۇنى،
ئادەملىك غورۇرىن قوغدار شۇئان.

«سەھرالىق تومپاي» لار دىگەن بۇ سۆزلار
ئەي يىگىت، ئاغزىڭغا قانداقچە پاتتى؟
ۋەتەنداش، قېرىنداش، مىللەتداش تۇرۇپ
بۇ يات قان جىسمىڭدا قانداقچە ئاقتى؟

«ھەسىنكام ئاچچىق، ئامۇتى ناتلىق»
دەپ بىلسەڭ ئەمەسمۇ نومۇس ۋە ئويات!
كۆڭلۈڭنى بۇ كىردىن ئېرىغداپ پاكىز،
ئۆزۈڭنى خىسلەتنىڭ بوستانىغا ئات.

سەھرادا تۇغۇلدۇم، سەھرادا ئۆستۈم،
ئەبدى سەھرالىق بولۇپ ئۆتىمەن.
مەيلى سەن «سەھرالىق تومپاي» دە، يىلا
(جەسىدىم تەئەللۇق ئاشۇ تۇپراققا)
بەرىبىر شۇ يەرگە سىڭىپ كېتىمەن.

1985 - يىل، يانۋار، قەشقەر



ئابدۇسەمەت خېلىل

## خىش

بولسىمۇ خىش ئاددى بىر نىمە،
بار ئۆزگىچە قىممىتى بىراق.
بىلمەك بولساڭ بۇنى، بۇرادەر،
كۆكنى سۆيگەن بىنالارغا باق.

جەم بولار ئۇ ئېھتىياج ئۈچۈن،
يەككىلىكنى خالىماس پەقەت.
قويسا ئۇنى ماھىر بىناكار،
تەۋرەنمەستىن تۇرار تا ئەبەت.

ئىستىگىم شۇ: مەنمۇ خىش كەبى،
ئەل ئىشىغا يارىسام دەيمەن.
مېھنىتىمدىن يارىتىپ تۆھپە،
ۋەتىنىمنى خوش قىلسام دەيمەن.

## ۋاپادارلىق ناخشىسى

ۋاپا ئەھلىنى تاپسام مەن كۆزۈمگە تۇتىيا ئەيلەي،
سۆيۈپ نامىنى ھۆرمەتتە، ھەمىشە دىلغا جا ئەيلەي.

ۋاپادارلىقنى يار قىلغان كىشى ئۆلمەيدۇ تارىختا،
ۋاپاغا دىلنى بەرگەننى گۆھەردىن ئەتىۋا ئەيلەي.

ۋاپادارلىق كۆيىنى كىم جاھان ئىچرە جاراڭلاتسا،
قىلىپ تەڭكەش ئاڭا ھەردەم بولۇپ بۇلبۇل ناۋا

ۋاپادارلىق يولىدا كىم ئەگەر جەۋرى - جاپا چەك
ئاڭا جەزمەن بولۇپ ھەمدەم ئەزىز جاننى پىدا

ۋاپادارغا چاكار بولسام، دىلىمدا قالمىغاي ئارمان
ۋاپاغا ئىتتىقات باغلاپ بۇرچۇمنى ئادا ئەيلەي.

## جاپانىڭ كەينىدە راھەت

يىگىت بولساڭ جاپانى يەڭ، جاپانىڭ كەينىدە را
ئۇنى يەڭمەي تۇرۇپ زىنھار، قۇچاق ئاچماس بە

ئۆمۈر مەناسىنى بىلگەن، تىرىدىن چۆلنى باغ قى
ئىتىزلاردىن ئېلىپ گۆھەر، ئۇنى خاماندا تاغ قى

يېتەر كۆتكەن مۇرادىغا كىمىكى سۆيسە مېھنەتنى
كىيەر بېشىغا ھۆرمەتتىن ئۆمۈرلۈك تاجۇ - دۆ



مىرزاھىد كېرىمى

# يول خاتىرىلىرى

## كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا

### 1

گۆدەك چېغىم تال - چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
ئۆيدىن دۆڭگە،
دۆڭدىن ئۆيگە چاپاتتىم.
تەڭتۇشلىرىم بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ،
گويا ياۋنى يېڭىپ قەلئە ئالاتتىم.
ئەجەپلەنمەڭ، قىلاتتىم مەن خوپ ھەۋەس
ئۇ چاغ ئىشەك مىنىپ ئىلدام يۈرۈشكە.
بالا ۋاقتىم ئىنتىلەتتىم ھەر نەپەس،
ئات چاپتۇرۇپ يولدىن مەغرۇر ئۆتۈشكە.
ئىستەر ئىدىم مەن هارۋىدا ئولتۇرۇپ
يىراقلارغا ئەركىن سەپەر قىلىشنى.
چوڭ خوشاللىق دەپ بىلەتتىم زوقلىنىپ،
گۆكىرىگەن ماشىنىغا چىقىشنى.
چۈشۈپ ئۇچقان تۆمۈر قانات ئۇچقۇغا
ئادەملەر — ئەڭ بەختلىك، دەپ ئويلايتتىم.
مەن بېرىلىپ شۇنداق ھەۋەس - تۇيغۇغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاق لەگلەكنى ئۇچۇرۇپ شات ئوينايتتىم.
تارتار ئىدى چەكسىز ئاسمان ئۆزىگە.
كۆك گۈمبەزدەك تۇرغاچقا ئۇ كۆمتۈرۈلۈپ.
لەگلەك بولۇپ قالسام دەيتتىم مەن ئۆزەم،
ئۇزۇپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا تەلپۈنۈپ.
ئۆتكەن ئىدى بالىلىغىم — گۈل چېغىم،
ئويۇن - كۈلكە، ھەۋەس بىلەن بى تىنىم.

2

ئىشەك مىنىپ كەزدىم كۆپ - كۆك دالىنى،
يەردىن بىرئاز كۆتىرىلدى قەدىمىم.
لېكىن ئاتقا يېتىشەلمەي، بايىقى
شىرىن ئويدا كۈچەيدى بەك ھەۋىسىم،
ئاتقا مىندىم، تېزگىنىن سېرىپ چاپتى تېز،
ئۇزاتسامۇ پۇتۇم يەرگە تەگمىدى.
يىقىلسامۇ يەرگە يانا قوپتۇم تېز،
توسۇن ئاتقا ۋۇجۇدۇم باش ئەگمىدى.
مەن ھارۋىدا باققا چىقتىم شەھەردىن،
تارتقان ئۇنى ئىشەك، كالا ۋە يا ئات.
ئۈمىتلىنىپ ئارزۇلىغان سەپەردىن،
غىچىر - غىچىر چاق ئايلانسا بولدۇم شات.
بىلىم ئىزلەپ ماشىنىغا چۈشتۈممەن،
ئۆتتۈم بويلاپ ھەيۋەت تەڭرى تېغىنى.
قىز باغرىدەك ئۇتلۇق، خۇش بۇي ئۈز ئىكەن
ۋەتىنىمنىڭ كۆز ئىلغىماس زېمىنى!
ئەڭ يۈكسەكتە، ئاي - يۇلتۇزلار ئۈستىدە



قاراپ باققىم كېلەر ئىدى ۋەتەنگە.
قاراپ باققىم كېلەر ئىدى يەلپۈنگەن
يېشىل يايلاق، باغۇ - بوستان، چىمەنگە.
مۇز چوققىلار ئۈستىدە قار لەيلىسى
ئالدى گۈلگە ئاشىق كۆڭلۈم مەيلىنى.

3

بىر چاغ يەنە ماشىنىغا سېلىندىم،
قەلەم تۇتقان بۇ قوللىرىم باغلىنىپ.
قۇملۇق چۆلدە بوقۇسىغا قېتىلدىم،
بىلىمگە زار يۈرەكلىرىم داغلىنىپ،
ماشىنىدىن،
ھارۋىدىن،
ئات - ئىشەكتىن
باشقا جايغا ئەمەس يەرگە چۈشتۈممەن.
باشقا جايدا ئەمەس، ياخشى تىلەكتىن
ياشاپ ۋەتەن چۆلىگە تەر تۆكتۈممەن.
پا - پا قۇمنى دەسسەپ يۈرۈپ يالاڭياق،
ئۆتتى ئۆمرۈم نەۋ باھارى —ياشلىغىم.
سەمە بولدى قىزىل يۇلغۇن، كۆك توغراق،
ئېيتسام ناخشا تۆكۈلدى كۆز ياشلىرىم.
جاپا تارتسا نامەرت پۇشمان يەيدىكەن،
خوشالمەنكى. كەتمەن چېپىپ چىنىقتىم.
قورقۇنچاقلار دائىم «تووا ...» دەيدىكەن،
ئادەمنىڭ ھەر قىسمىتىگە قىرىقتىم.
گىردەيگەندىن نەپرەتلەندىم ھەر قاچان،

ئاشتى ئاقىل - مۇلايىمغا ھۆرمىتىم.
مەن قەدىرلەپ ئەقىدەمنى، سۆيگۈمنى
كۆڭلۈمنى ناز - كەرەشمىگە بەرمىدىم.
دوست تۇتۇپ چىن ساداقەتلىك ياخشىنى
ھەمرا بولدۇم كىتاپقا ھەر ئاخشىمى...

4

لەگلەك ئەمەس كۆتىرىلگەن ئاسمانغا،
قۇشمۇ ئەمەس ئۇچۇۋاتقان پەلەكتە.
مانا بۈگۈن مەن ئولتۇرۇپ ئۇچقۇدا،
پەرۋاز قىلىپ بارماقتىمەن يۈكسەكتە.
قالدى پەستە ئىشەك، ھارۋا - ئات بىلەن،
بارغانسىرى ئۆرلىدىمەن شۇڭقاردەك.
قالدى شەھەر، كۆرۈنمەي باغ، گۈل - چىمەن
گويا تۈتەك - تۇمان باسقان ناھاردەك.
قارىسا كۆز يەتمەيدىغان ھەيۋەتلىك
چوققىلارمۇ غايىپ بولدى تۆۋەندە.
كۆلۈپ باقتى نازاكەتلىك، سۈلكەتلىك
ئاسمان شاھى مېنى ئامان كۆرگەندە.
قايسى تامان باقسام ئوخشاش كۆرۈنەر،
تارتىلغاندەك ئاقۇش شايى پەردىلەر.
ئۇچقۇ مانا ئۆرلەپ - پەسلەپ تەۋرىنەر،
ۋۇجۇدۇممۇ ئۇنىڭ بىلەن سىلكىنەر.
گويا ئاچتى پەرى ئاسمان ئىشىكىنى،
سۇندى قويۇپ ئالتۇن جامغا مېھرىنى.



5

«كۆكتە پەرۋاز ئەيلەش قۇشقا خاس» دىگەن
بۇ ئۇقۇمغا بەردى ئېرپان خاتىمە.
يېڭى دۇنيا قەد كۆتەردى پەن بىلەن!
يەردىن كۆككە كېڭەيدى تار دائىرە...
تۈنۈگۈنكى ھالسىز تۇتقۇن — مەن چېغىم،
ئۇچماقتىمەن بىلىم ئىزلەپ نۇرلىنىپ.
قايىتىپ كېلىپ قىلدى پەرۋاز ياشلىغىم
كىتاپ ئوقۇپ، قەلىمىمنى چىڭ تۇتۇپ.
ئاپپاق، قارا بۇلۇت قالدى ئاستىمدا
ئاقۇش تۇمان دېڭىزىغا غەرق بولۇپ.
سەييارىلەر قۇچاق ئاچار ئالدىمدا،
كەلدى ئىلھام كۆك قەرىدە جۇش ئۇرۇپ.
يازدىم شېئىر ئاسمان قىزى مەگزىگە:
«سەندىن گۈزەل مەشۇقۇم بار يەردە» دەپ؛
«مېنى تۇتۇپ قالالمايسەن مەڭگۈگە،
مەن جان پىدا قىلغان ئانا يەرگە» دەپ.
يازدىم شېئىر چەكسىز ساما يولىغا،
ئوقۇپ ئالىم، ئىجاتكارغا مەدھىيە.
ئەل يولىدا ئەرك ئۈچۈن جان بەرگەن
قەھرىمانغا ئوقۇپ يەنە مەرسىيە.
ئوت لىۋىگە يازدىم چولپان، قەمەرنىڭ،
يۈزلىرىگە يازدىم شامۇ - سەھەرنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن سېغىندىم كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا،
ئانا ۋەتەن قۇچىغىنى — گۈزەل ئاي.
ئۆرلەپ ئىگىز بىر ھادىسە بولغاندا،
شۇ تۇپراققا چۈشۈشۈمنى ئۇنۇتماي.
مەن ئۇنۇتسام تۇز بەرگەن شۇ زېمىننى،
ئەل ئالدىدا بولماەدىمەن قارا يۈز؟!
كېچە - كۈندۈز يىگەن مېنىڭ غېمىمنى،
يارۇ - دوستقا كېلەلەمتىم يەنە يۈز؟!
ناخشام ياڭرار ئاسمان - پەلەك ئۈستىدە:
«ئايغا ئانار كۆچىتىنى تىكىمەن.
قادىلىمەن مىختەك جاپا كۆزىگە
ئەل خىزمىتى ئۈچۈن جاننى تىكىمەن!...»
ناخشام ياڭرار كۆكنى سېلىپ لەرزىگە:
«كۆچ — بىلىمدىن، راھەت كېلەر ئىجىردىن،
دەرمان بولغان كىشى ئەلنىڭ دەردىگە
نۇرۇن ئالار دىلىدىن — ئالتۇن قەسىردىن».
ناخشام ياڭرار: «قېرى دەللە جاھالەت
يايالمايدۇ مەڭگۈ زۇلمەت تورىنى.
خەلقىمگە يار چىدام، غەيرەت - جاسارەت!
توسالمايدۇ كۆككە ئۆرلەش يولىنى...»
ئۇچماقتىمەن كۆكتە ناخشام ياڭرايدۇ،
تەۋرىنىپ يەر، سىلكىنىپ كۆك ئاڭلايدۇ.





ئۇچار سۇمرۇغ، بۈركۈت، لاچىن ئاسماندا،
ئۇچار ھۆپۈپ، يىڭناغۇچ ھەم قاغا - راغ.
مەن كىم زادى؟
يەرگە قەدەم باسقاندا
خەلقىم بەرگەن نام ماڭا باپ ئاشۇ چاغ.
ئەمەس ئادەم قۇش بىلەن بىر تۇيغۇدا.
كەپتەر، كەكلىك دان - يەمنى دەپ ئۇچىدۇ.
ئىنسان بىكار ئۇچماس چۈشۈپ ئۇچقۇغا،
بىلىم بىلەن دىدار ئىزلەپ ئۇچىدۇ!...
خوشالمەنكى، پەرۋاز قىلىپ بۇ نۆۋەت
كۆردۈم ئەلنىڭ دىدارىنى يۈكسەكتىن.
ئارسلاندەك كۆرۈندى زور ھەر قامەت،
كامان كەبى كېرىلگەن پاك كۆكرەكتىن.
شۇ كاماندىن ئېتىلغان ئوق تېگىدۇ،
ھەسەت. پونى بۆسۈپ ئۆتۈپ قارىغا.
ئاشكارىلاپ ئۆزىنى جان بېرىدۇ،
شۇملۇق ئىزلەپ، پىتنە سالغان ئارىغا.
كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىمدا شۇ ھېسلار
كەتمىدى بۇ ئويغا چۆمگەن دىشىمدىن.
پەستە تۇمان دېڭىزىغا چۆككەن يەر،
ئوت مېھرىمنى تارتىپ ۋۇجۇت - دىلىمدىن.
ئەي ئانا يەر،
ئانا ماكان.
قەسەميات!
يەر ۋە كۆكتە خاسمەن ساڭا ئۆمۈرۋات.

## ئوت هارۋا

ئوت هارۋىنى سۆرەپ تۇلپار چاپىدۇ،
ئالغا چاپچىپ، تېزگىن سىرىپ، پۇشقۇرۇپ.
گۈزەل شەهەر، ئەلۋەك يېزا قالىدۇ،
يولۇچىغا شەرۋەت سۇنۇپ، مەي سۇنۇپ.
قورقۇنچلۇق ئەجدەرهادەك سوزۇلغان
سۈرلۈك، هەيۋەت تونىلالاردىن ئۆتىدۇ.
تۈن قۇچىغى يورۇپ سەهەر، ئوت هارۋا
ئاپپاق تۇمان دېڭىزىغا چۆكىدۇ.
تۇمان يېرىپ چىقىپ كەلسە دالىغا،
يولىغا نۇر چاچار شەپەق جۇلالاپ.
ئېتىگىدىن تۆكىدۇ زەر تاڭ قىزى،
قايرىپ شەلپەر روملىنى چاچ تاراپ.
تاغ باغرىدا قالار غىل - پال كۆرۈنۈپ،
بۇغا - مارال، كېيىك، ئارقار يىراقتىن.
بىردىن ئەزىم شەهەر قويۇن ئاچىدۇ،
چاقناپ گۈزەل، سانسىز ياقۇت چىراقتىن.
كۆرۈنىدۇ دەل - دەرەخلەر، بۈك ئورمان،
باهار كەبى چېچەكلىگەن قار قونۇپ.
باشلىنىدۇ يەنە چەكسىز باياۋان،
تىكىلگەن بۇ كۆزلىرىمنى تالدۇرۇپ.
قايسى تامان باقساڭ تاشلىق، ئويمان، دوڭ،
گاهى كۆك قۇم بارخانلىرى پارقىرار.
گاهى سىرغىپ چۈشكەن ئېگىز تاغلاردىن
قار سۇلىرى دولقۇنلىنىپ شاقىرار.



كۆرۈنىدۇ مۇز تاج كىيگەن چوققىلار،
بۇلۇتلارنى يېرىپ سوزغان كۆككە بوي.
باقسام تۇيغۇم ئويغىنىپ، هىس قوزغىلار،
ئەرشتىن كۆڭلۈم سارىيىغا چۈشۈپ ئوي.
ئەي ۋەتىنىم! شۇنچە رىبا رەڭمۇ - رەڭ
ئىكەن ئالىلىق سېنىڭ بۇ كەڭ قۇچىغىڭ.
غەرپ بىلەن شەرق ... تامان توشۇلۇپ.
ئاۋۇپ تۇرار مەئىشىتىڭ، ئۇزۇغۇڭ...
شۇڭا بولدىن ئازماي كېتىپ بارىمەن،
چاڭقىغىمنى باسار نەشپۈت، ئانارىم.
مەن سېيجىڭگە خوشال يېتىپ بارىمەن،
كۈتۈپ ئالار بىلىم ئاتلىق نىگارىم.

## گۈزەل دۇڭخۇاڭ

قېيدىم دۇڭخۇاڭ قويدۇڭ مېنى هەيرەتتە،
گۈزەللىكىنىڭ پادىشاهى ئىكەنسەن.
مەدەنىيەت،
هۈنەر - سەنئەت كۆكىنىڭ
مەڭگۈ پاتماس نۇرلۇق ماهى ئىكەنسەن.
سۈرەت سىزغان تاملىرىغا مىڭ ئۆينىڭ
پەرىشتەمۇ ۋە ياكى هۆر - پەرىمۇ؟
ئويۇقلارغا نەقىش ئويغان، گۈل چەككەن
ئۇستام كىمدۇ، ئەۋلىيامۇ، ۋەلىمۇ.
ئەنە مەرمەر تەختتە غالىپ ئولتۇرار،
ئالتۇن ماسا تۇتقان قاغان، شاه - سۇلتان.
ئەنە مەغرۇر شاهزادىلەر ئويىنىشار

ئات ئۈستىدە ئوق - يا ئېتىپ شادىمان،
ئەنە مۇڭلۇق ئاشىق يىگىت تىكىلەر،
ئاھۇ كۆزلۈك مەشۇقىغا — تەلمۈرگەن...
سەنئەتكارنىڭ ھۈنىرىمۇ، يا سۆيگۈ -
كۈچىمىدۇ بىر - بىرىگە تەلمۈرتكەن؟
ئەنە چىۋەر، ھارماس كاسىپ توقۇغان،
گۈللۈك گىلەم، شايى ئەتلەس، كەشتىلەر.
زېمىن يېشىل، چەكسىز ئاسمان گىرىمسەن،
ياپراقلاردا چاقنىغان نۇر جىلۋىگەر.
ئەنە چالار سازەندىلەر سازىنى،
ئىشتىلگەندەك بولدى ئۇنى يىراقتىن.
ئەنە ئۇسۇل ئوينار، قارا چاچىنى -
تاراپ قىزلار كۆيۈپ ئىشقى - پىراقتىن.
ئەنە قانلىق جەڭگاھ شۇنچە ھەيۋەتلىك ...
ئەجداتىمىز تاپقان ئىكەن زور قۇدرەت.
گويا تىرىك ئادەملەردەك كۆرۈنەر،
تام - تورۇسقا سىزىلغان شۇ ھەر سۈرەت.
تۆڭكۈز ۋە يا كەپە ئەمەس دۇڭخۇاڭنىڭ
ھەر ئۆيى بىر گۈزەل سەنئەت سارايى.
تارىخ، ئېيتقىن، شۇنداق گۈزەل گۈل ئاچقان
قايسى دەۋران، مەردۇ - مەيدان باھارى؟
ئۇ بوۋىمىز — ئەجداتىمىز ئىجاتكار،
ھاياتىدىن سۈرەت سىزىپ قالدۇرغان.
جىسمىمنى غەرق قىلسا سۆيگۈ - ئىپتىخار،
نېچۈن شېئىر يازماي يولدا شادىمان؟



## تاغلار

مەپتۇن كۆزۈم ئىسىر بولدى تاغلارغا.
ئۆسكەن قارىغاي سايە تاشلاپ يەلپۈنۈپ.
ھەۋەس قىلىپ كەلگەن ئىدىم باغلارغا،
تاغ ئۈستىگە قالدىم يولدا تەلمۈرۈپ.

ئەمەس ئىكەن باغقىلا خاس گۈل - چېچەك،
بار ئىكەن قار لەيلىسى مۇز تاغدىمۇ.
ئەي دىيارىم، گۈزەللىگىڭ يوقالماس،
رۇخسارىڭنى قار - مۇز باسقان چاغدىمۇ.

1984 — 1985 - يىللار، بېيجىڭ.

مىركامىل ياقۇبى

## قۇتلۇق ئىز

(ياش ئارخېئولوگلىرىمىزغا بېغىشلايمەن)

### مۇقەددىمە

ئىمانچە قارايسەن كۆزۈمگە، دىلبەر،
ياش تۆكەپ كۆزلىرىم كەتكەنغۇ قۇرۇپ.
غەرەپنىڭ ئۇچقۇنى چاقنىمايتتى ھېچ،
كۆلكىمۇ تۇرمايتتى ياكى جۇش ئۇرۇپ!
ئۇنىڭدا بىز كۆرگەن كۈندۈز — كېچىلەر
قالدۇرغان پەقەتلا ئاق — قارا سايە.
شۇ سايە — بويالماس تارىخ ۋە داستان،
شۇڭلاشقا ئاياندۇر ئۇنىڭدىن غايە.
غايىنى كۆرۈشكە روشەن كۆز كېرەك!
ئۇنىڭغا قىرىق ياشتا بولدۇم مەن ئىگە.
تىكىلدى ئاشۇ چۆل، ساي، ئورمانلارغا،
بىنا ھەم خارابە، زېمىن تەكتىگە.
تۇرمۇشنىڭ دېڭىزى دولقۇنلىماقتا،
كۆزلىرىم پەرق ئەتتى ئاقنى — قارىنى.
كۆرمەكتە ئۇ ھەتتا قەلبلەردىكى
گۈزەللىك، لاتاپەت، داغ ۋە يارىنى.
ئەي، دىلبەر! شۇ تاپتا سەن باققان بۇ كۆز،



بىلەمسەن، تىكىلگەن قەيەرگە؟ كىمگە؟
بىر زور كىتاپنى ئىزلەيتتى كۆزۈم،
كەلمەكتە ئىگىسى مىنىپ تۆگىگە.
ئۇيغۇر بىز، ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى بىز،
بىلمەيمىز، بۇ گېپىم راستمۇ، ئەي دىلبەر؟!
ئىشكاپتا كىتاپ جىق، شۇ كىتاپلا يوق،
كۆيگەنغۇ شۇ تارىخ پۈتۈلگەن دەپتەر...
شۇ تاپتا كۆزۈمنى تىككىنىم قۇربان،
ئۇنچىقماي ئالدى ئۇ قەلەمنى قولغا.
يېزىلمىش تارىخقا ساپ پاكىت كېرەك،
بۇ ئەقىل ماڭدۇردى ئۇنى تۈز يولغا.
يىگىرمە يىل تاغدا بايرىغان گويا
جىلغىغا پاتماس ئۇ شوخ يولۋاس ئىدى.
قەيەرگە سولانغان ئۇم ئون يىلدا ئۇ
ئۆرىنىڭ گۆشىنى ئاھ!... ئۆزى يىدى.
ئاخىر خەلق قول سوزدى، بۇزۇپ تاشلاندى
تىكەنلىك، زەنجىرلىك، زەھەرلىك قەپەز!
مەرت ئوغۇل دىدى تېز «قېنى، ماڭا يۈك...؟»
ئالدى ئۇ باھاردا ئەركىن بىر نەپەس.
ياش يولۋاس ئەزەلدىن غەيرەتلىك ئىدى،
سىرلىق تام — قاشادىن تىز پۈكمەي ئۆتتى.
سەن كۆتكەن كىتاپ شۇ قۇربان قەلبىدە،
شۇڭلاشقا ئالدىڭدىن باش تۆكمەي ئۆتتى.
دىلبەر قىز، شۇ تاپتا ئاڭلاۋاتامسەن،
ئاۋۇ دۆت ئاقساقال قىلماقتا غەيۋەت:
«مەن تۇرسام ئەبمەنمەي بۇ سىيما تېخى
مىنىپتۇ تۆگىگە مېڭىپتۇ ھەيۋەت...».

www.uyghurkitap.com

كۆزلەر ئۇ نىمىنى ھەممىگە ئايان!
ئۇنىڭدا يوق ۋەتەن، مىللەت غورۇرى.
ئۇنىڭ شۇ كۆمۈردىن قارا قەلبىنى
قىلالماس يۇيۇپ ئاق مىڭ قۇياش نۇرى.
«ياشلارنى يۆلەيلى!» دەپ خىتاپ قىلغان
پاك قەلبلىك بوۋايغا، ئەي دىلبەر، كۆز تىك
ياشىسۇن كەڭ قوساق، تۈز نىيەت شۇ چال!
ئۆلسەك بىز ئۆلەيلى، ئۇ قالسۇن تىرىك.
ئەمدىغۇ كۆزۈمنىڭ كارامىتىنى
بىلگەنسەن دىلبىرىم، قەيسەر سىردىشىم.
قۇربانىنى ئۇزاتتۇق ئەمدى يۈر باققا،
گۈللەرنى يۇيسۇن پاك، خوشاللىق يېشىم.
كەلگۈسى باھارنى خىيال قىلايلى:
بۇ باغدا شائىرلار قۇرۇشتى بەزمە...
مويسىپىت بىر شائىر ئورنىدىن تۇردى،
ئوقۇدى ياش قۇربان ھەققىدە نەزمە.

## خوشخەۋەر

يۇلغۇنلار چېچەكلەپ كۈلدى ئۇ كېچە،
بۇ كېچە سارغىيىپ تۆكتى يوپۇرماق.
ئۆتكەن يىل بىر موماي كۆز يۇمغان ئۆيدە
كۆز ئاچتى دۇنياغا بۇ يىل بىر بوۋاق.
بولمىدى يۇرتتا ئۇ شۇنداق كۈنلەردە،
بولمىدى ئۆيىدە شۇنداق تۈنلەردە.
جىنازا ئالدىدا يىغلاپ ماڭمىدى،
يۈگرەپمۇ كەلمىدى پەرزەنت كۆرگەندە.



«تاش يۈرەك!» دېيىشتى تۇققانلار كېيىپ،
رەنجىشتى دوستلىرى توي ۋە بەزمىدە.
شائىرمۇ كۆرەلمەپ كۆزگە ئىلمىدى،
ئورۇن يوق نامىغا يارقىن نەزمىدە.
گوھەر كىم؟ ئۇ قاچان تۇغۇلغان؟ دېسەڭ
بەش قولدەك بىلگۈچى شۇ ئىدىپ ئۈچۈن:
ئاھانەت ئەمەسمۇ، مەھمۇتچۇ؟ دېسە.
چىققىنى قەلبىدىن ھەسرەتلىك تۈتۈن!
شۇ تىلنى ئۇزارسۇن دەپ ئۇ تەر تۆكەر،
يورۇسۇن تارىخ دەپ شام بولۇپ كۆيەر.
ۋەتىنى، خەلقىنى ئۇ شۇنداق سۆيەر،
شۆھرىتى ئۈچۈن دەرت ھەم جاپا چېكەر.
ئانىنى قەدىرلىك بىلگەن شۇ ئوغۇل،
پەرزەنتكە كۆيگەچ بۇ ئوت قەلبلىك دادا،
دوستقا ھەم بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىقىدە
ئۇلۇغ بىر ئىشنى ئۇ قىلماقتا ئادا:
خوتەندە تۈن يېرىم كېچە سائەت بىر،
مەنزىلگە ماڭماقتا كارۋان قۇم كېچىپ.
يىگىتنىڭ جۈپ كۆزى يولنى يورۇتتى،
بىرسى ئاي، بىرسى كۈن بولۇپ نۇر چېچىپ.
كۆرۈندى خارابە — قەدىمىي شەھەر،
قېرىپتۇ ھۆسنىگە يولاتماي پەداز.
چېقىلغان مۇناردىن، يىقىلغان بۇتتىن،
قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن ئاڭلاندى ئاۋاز:
«ئادەمدىن قورقمىز بىزنى بويايدۇ
ئاق، قارا، كۆك، قىزىل، بوز، يېشىل رەڭدە.
بويىسا ئەۋرىشىم تىل - قەلەم بىلەن،

ئاھ!... دېدۇق، جىم ياتتۇق ئۆرتىنىپ غەمدە،،
يىگىتنىڭ كۆزىدە چېقنادى چاقماق،
نۇردەك ساپ ۋىجداندىن بەردى ئۇ جاۋاپ:
«شۇڭلاشقا قېلىشتى ئۇلار لەنەتكە،
پۇل ۋە يۈز تاپسىمۇ تارىخنى بوياپ!»

قەلئەنى قېزىشنىڭ ۋاقتىمۇ كەلدى،
بويالدى قانغا تۈن — تاڭ ئاتتى مانا.
نۇرلانغان ئۇپۇققا كۆز تىكتى يىگىت،
ئوغلىنى قۇياشتىن سورار بىر ئانا.
بۇ گۈزەل كۆرۈنۈش يىگىت ئۈيىنىڭ
سۆزۈك قۇم ئۈستىگە چۈشكەن شولىسى...
ئۇ دېدى: «شۇ ئانام كۈتمەكتە مېنى،
قازاننىڭ بېشىدا قولدا چويلىسى».
ياق، ئەتە ئانىسى ئىتكەن چۆپنى ئۇ
ئەسلەيدۇ، يېشىنى توختىتالمايدۇ.
شۇ ئانا غەمسىز تىنچ ئۇخلاۋاتىدۇ،
«ئانا!» دەپ مىڭ تۇۋلاپ ئويغىتالمايدۇ!

گاھ ئۆرلەر، گاھ چۆكەر، ساناقسىز بارخان،
قۇملارنى ئوينىتار ئۆتكۈنچى شامال.
مەڭگۈلۈك قۇياشتا ئانىنىڭ سىنى،
ماختىنىپ يىگىت شات سۈرمەكتە خىيال:
شۇ ئانا ئاپپاق سۈت بەردى، ئوغلىنى
مىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىپ قوشتى قاتارغا...
ئۇ سۆزلەپ ئوغلىغا ئاچچىق كەچمىشنى،
نەپرەتنى سىڭدۈردى يۈرەككە، قانغا.



نان بەردى، ئوقۇتتى، ئوغلىغا دائىم:
«خەلقىڭدىن ياغدى، بىل، بۇ شەپقەت» دېدى.
ئارزۇنى دىلىغا جا قىلغاندا ئوغۇل،
«ۋەتەنگە چىڭ باغلا مۇھەببەت» دېدى.
سەپەرگە ئوغلىنى ئۇزاتقاندا ئۇ
بىر ئاددى تۈگۈنچە تۇتتى يوللۇققا.
«ئاچ، بوۋاڭ، داداڭنى ئەسلىگەندە سەن...»
دېدى ئۇ، كۆزىنى تولدۇرۇپ ياشقا.
(يوللۇق: ئۇن ۋاراقلىق «ئاچچىق بىر نەزمە»،
ئاپتورى مومايىنىڭ ئىنىسى — شائىر.
ئۆتمۈشتە قان يۇتۇپ ھەسرەتتە ئۆلگەن،
بەلكى بۇ كۆزىنى يۇمغاندۇ ھازىر.
چۈنكى ئۇ نەزمىنى تەۋەررۈك بىلىپ،
ئېلىپنى بىلمەس بىر موماي ساقلىدى.
مىراسنى ئىنىسى ئالدى قولىغا.
توققانلار بۇرچىنى شۇنداق ئاقلىدى.)

گاھ چۆكەر، گاھ ئۆرلەر ساناقسىز بارخان،
قۇملارنى ئوينىتار ئۆتكۈنچى شامال.
مەڭگۈلۈك قۇياشتا ئاتىنىڭ سىنى،
نەزمىگە كۆز تىكتى يىگىت بىمالال.
مىسرالار ئۆتمەكتە كەينى - كەينىدىن،
نەشتەر، تىغ تەككۈزۈپ يۈرەككە - جانغا.
مىسرالار سۆزلەيدۇ: سېنىڭ قول بوۋاڭ،
داداڭمۇ ئەرك ئىزلەپ كۆمۈلگەن قانغا!...
بېشىنى يىگىت دەس كۆتىرىپ دېدى:
«جان ئانا، زاتىمنىڭ ئەسلىنى ئۇقتۇم».

www.uyghurkitap.com

ئۇ، قەلئە ئۈستىگە تىكتى قىزىلتۇغ،
دېدى چىڭ: «نۇرلانسۇن تارىخىڭ يۇرتۇم!»
كىتاپخان، خوشخەۋەر:
قېزىش باشلاندى!
بۇ يەرگە نەۋ باھار كەلدى گۈل ئېلىپ.
مەن ساڭا «نەزمە»نى بىر ئوقۇپ بېرەي،
يېگىتنىڭ قەدرىنى سەنمۇ قوي بىلىپ:
«...ئاق كۆڭۈل، ئىجاتكار، باتۇر خەلق ئىدۇق،
قوللۇقنى دەسسەتمەس تىغدەك جان ئىدۇق.
دۇنيانىڭ يۈرىكى سۇسلاشقان چاغلار،
ئۇنى بىز كۈچەيتكەن پاكىز قان ئىدۇق...»
خورلۇق بۇ: لوندونلۇق بىر ئەجنەبىنىڭ
ئالدىدا بىر ئۇيغۇر تۇرار قول ئېچىپ...
يول باشلاپ ماڭدى ھەم تەكلىماكانغا،
گاھ مۇزنى، گاھ ئوتنى دەسسەپ، قۇم كېچىپ،
كۈن قېنى؟
ئاي قېنى؟
قاپ - قارا ئاسمان!
بوۋاينىڭ كۆزىگە تولدى قان - يىرىڭ.
ئۇ ئۆزى قازسىمۇ جەسەتنى ئەمما
يات زاتتىن سورىدى:
«بۇ كىم؟ دەپ بېرىڭ؟»
زات دېدى: «ئەپتىدىن ياۋروپا ئەھلى،
يا رىملىق سودىگەر، يا بىزنىڭ سەيياھ؛
ياكى ئۇ بۇ يەرگە نىجات يۇلتۇز دەپ
سەكيامۇن ئەۋەتكەن ئۇلۇغ ئەۋلىيا...»
ئويلىنىپ سۆزىدىن تاندى، ئۇ دېدى:



«ئېھتىمال، بۇ جەسەت بۇلتۇر كۆمۈلگەن...»
ئېھتىياج ئۈچۈن ئۇ تارىخ ياسىدى.
قارا يۈز كېلەمدۇ تارىخچى دېگەن!
يىپەكنى قۇچاقلاپ ياتقان بۇ جەسەت،
بوۋاينىڭ قەدىمىي ئەجدادى ئىدى.
ئۇ ئەۋرەت يىپەكنى ئەڭ بۇرۇن بىلگەن،
تاش نەيزە ياساشمۇ ئىجادى ئىدى.
تاش ۋە دان، زەر، يىپەك سۆزلەيدۇ تارىخ،
ياتلارغا بۇ سۆزنىڭ نىمە كېرىكى!
ئەي بوۋا، سېنىڭ قان يۈرىكىڭ بىلەن
ئوخشىماس ھېچقاچان ئۇنىڭ يۈرىكى.
«ياۋايى...» دەپ سېنى تىللاۋاتسا ئۇ،
باغلامدۇ تارىخىڭ ئۈچۈن مۇھەببەت.
قىلىچ ھەم قالقانلىق بوۋاڭنى قازساڭ،
ئۇ كۆمەر بىلىنىڭ تېگىگە ئەبەت.
كۆرۈشنى خالىماس، بىل شۆھرىتىڭنى.
شۆھرەتلىك بىر دەيدۇ «ئۇلۇغ ئەجەبى».
(ئۇ گويا ئەيسانىڭ نەسلىدىن بولسا.
سەن تۈكلۈك مايمۇندىن تۆرەلگەن كەبى).
تۈكلۈگەن يېشىڭدا، قىزىل قېنىڭدا
سىرلىق بىر سەزگۈ بار، مەنلا بىلىمەن.
قەددىمىز تاغ بولغان كۈنلەر كېلىدۇ،
شۇ چاغدا يېنىڭغا ئۆزەم كېلىمەن!

×

ئەمدىكى يازمىشىم گىلەم تارىخى:
بىر دىيار بار ئىدى شۇنچىلىك گۈزەل.

بىر ئېتى ماچىندۇر، بىر ئېتى يوتقان،
ھىكمەت جەم يېرىگە، كۆكىگە غەزەل.
گىياسى تاش يېرىپ كۆرسىتەر چىچەك،
قويلىرى يۇڭ بەرسە پىلىسى يىپەك.
خەلقىنىڭ كۆزىدۇر ئەقىل چىرىغى،
گىلەملەر ھىكمىتى مېھنەتتىن دېرەك.
ئەگەردە ئىگىسى بولغاندا خالۋاپ
ئۆزىنىڭ بەركەتلىك بىر جۈپ قولىنىڭ.
پاياندار سالاتتى گىلەمدىن جەزمەن،
ئىزىمۇ ئۆچمەيتتى يىپەك يولىنىڭ!
ئۇ خالۋاپ ياش يىگىت بوۋاينىڭ ئوغلى،
چىرىغى ياش تۆكۈپ كۆيەر كېچىدە.
ئاچ قوساق، يېرىم جان گىلەم توقۇيدۇ،
ئىسكى تام، بورىسىز كەپە ئىچىدە.
ئۇھ! دىدى پۈتكۈزدى چوڭ، ئۇز بىر گىلەم،
باي دىدى: «تەئەللۇق ماڭا بۇ گىلەم...»
قۇرۇقتۇر خالۋاپنىڭ پۇچۇق تەڭنىسى،
يۈرەكنى ئۆرتىدى يەنە غەم ــ ئەلەم.
«خوپ!» دىدى پۈتكۈزدى يەنە بىر گىلەم،
چىك دارىن ئۆيىگە كەتتى بۇ گىلەم.
دارىن دەر چېرىككە «گەر ئۇ پۇل دىسە،
كېسىلسۇن پۇت ــ قولى، ئۇزۇن تىلى ھەم...!»
ئىلىدىن ئاڭلاندى مىلتىق ئاۋازى
(خالۋاپنى تۈرمىگە سولىغان كۈنى).
دەرتمەنلەر دىيىشتى: يارايسەن‌گاداي!
تۈرمىنى تىترەتتى ھەم خالۋاپ ئۈنى:
«مەھبۇسلار، جىم ياتما، گەرچە بولسىمۇ



قولۇڭدا كويزا ھەم پۇتۇڭدا كىشەن!
پاك قەلبگە ئۆتمەيدۇ جاللات قىلىچى،
ئازاتلىق ئارزۇسى غالىپتۇر، ئىشەن!»

### قەلب سۆزى

شىلدىرلاپ سۇ ئاققان ئېرىقنى بويلاپ
باھارنىڭ بىر كۈنى كارۋانلار ياندى.
گۈلۋاققا ئەتلەستىن توقۇمىچى قىز،
خالۋاپلار گىلەمدىن پاياندار يايدى.
تۆگىدىن ئىڭ دەسلەپ چۈشتى بىر يىگىت.
تونۇمسىز؟
ئۇ نامىسىز ياش ئالىم قۇربان.
گۈل چاچتى ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك خەلقى،
ئەتراپتىن «مۇبارەك!» ياغدى شۇ ھامان.
ساندۇق: بىر، ئىككى... توققۇز نار تۆگە،
بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش... ئون سەككىز ساندۇق.
ھەر ساندۇق ئىچىدىن چىققان ئەسىرنىڭ
كۆلكىسى، زارىغا بىز قۇلاق سالدۇق.
قەسىرلەر، قەلئەلەر ئىشىگى ئېچىلدى،
«رەھمەت!...» دەپ مەرت ئاتا، خان ئانا كەلدى!
كۈن كەلدى، ئاي كەلدى ــ مەھمۇت قەشقەرى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئامانىسا كەلدى!
قەدىمقى نىيەنىڭ ئۆزمىزارلىغى
كۆرسەتتى مىڭ بەش يۈز ياشلىق شېخنى.
ئانا يەر يۈرىگى قوندۇرماي غۇبار
ساقلاپتۇ ئۆزىدە بىر مۆجىزىنى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ يىپەك!
يىپەكچى قىزنىڭ نەسەبى
پۈتۈكى ئۆچمىگەن قەغەزدە بايان:
«بۇ قەغەز ئەجدادىم تۆھپىسى، بىلگىل،
شۇ قولدىن يارالمىش بۇرۇن تونۇر، نان...
قارىقاش، يورۇڭقاش دولقۇنلىرىدىن
سورىغىل قاشتېشى سۆزگۈچى بوۋام.
بۇ ئۈزۈك، بىلەيزۈك ئاتامدىن قالمىش،
مەن ئەتتىم ئانامنىڭ كەسپىنى داۋام.
يىپىگىم، دۇكىنىم، پىلە غوزىسى
ئەۋلادلار سىلەرگە مەندىن ھەدىيە.
بۇ ھۈنەر دۇنيانى قىلدى مەھلىيا،
ھاجەتسىز مەن ئۈچۈن ماختاش مەدھىيە...»
بىر پارچە قەغەزدە كارامەت سۈرەت:
بۇدساتۋا تونىدا يىپەك جۇلاسى...
ئاپىرىن! قۇربانىنىڭ قىزىپ كەلگىنى
باھارنىڭ، شۆھرەتنىڭ پۇختا ئاساسى.
قۇربانىنىڭ قەلب سۆزى:
رەھمەت پارتىيە!
مېھرىڭنى ئۇيغۇرلار جان دەپ بىلىدۇ.
دۇنياغا ئۇلۇغۋار يېڭى ئەۋلادى
ئۆسمىلەپ، مېڭىپ، تېز يۈگرەپ كېلىدۇ!

## خاتىمە

مەن باردىم ھېيت كۈنى تەكلىمانغا،
تاڭ قالدىم بۇ يەردە كۆرۈپ گۈلىستان.
تۇرىدۇ زاۋۇت، كان، مەكتەپ، ئېتىزلار،



كۆرۈنمەس شۇ بوۋاي ياتقان گۆرىستان.
مىليونلاپ قەھرىمان قايناق چېلىشتا،
ئەۋلادلار بەختىنى كۈزلەۋېتىپتۇ.
كىتاۋى قولىدا مۇنبەردە قۇربان
ئۇلارغا زوقلىنىپ سۆزلەۋېتىپتۇ:
«قۇياشنىڭ ھەم ئاينىڭ يازدۇق يۈزىگە
قۇم - بوران كۆمەلمەس تارىخىمىزنى.
كۆرىدۇ ئەۋلادلار لەيلىدەپ تۇرغان
غالىپلار كۆتەرگەن بايرىغىمىزنى!»

**مامۇت زايىت**

## خالىس

كۆن يەلەك دەۋۋارىدا نۇر چاچار ھامان خالىس،
كۈللى مەۋجۇدات ئېيتار: قۇياش بىگۇمان خالىس
يىراق ئۇ تەمەننادىن، قىلماس تۆھپىنى دەستەك،
نۇرىدىن ھايات ياشناپ، ياشايدۇ قىيان، خالىس،
مۇستەسنا خوشامەتتىن، بەگ - گاداي ئاڭا ئوخشا
ھەقلىق، سايلىسا ئالەم گەر شاھى جاھان، خالىس
ئالماي بىرىدۇ دائىم، كۈتمەس ھەق تەلەپ، ئال
مەخلۇقات زىمىن - كۆككە بۈيۈك ئاتىجان خالىس
دىمەيدۇ «گۈزەللىكتە يەگانە بولۇپ ئۆتسەم»،
نۇرىنى بىرىپ ئايغا، قىلار تۈنگە خان، خالىس.
ئۇ قىلماس ئىچى تارلىق، بار ئاڭا ھەسەتخورلار،
رۇخسارىغا يەتمەيدۇ قاغاشتىن زىيان، خالىس.
سۈكۈنات ئاڭا ھەمرا، كۆكسى كەڭ، دىلى يالقۇن،
قىرىشتىن تامام خالى دائىم نەۋجۇۋان، خالىس.
كۆن خىسلەتتە بىر ئىنەك، نە ئارمان ساڭا مامۇت
ئۆتسە تۆھپىدە ئۆمرۈڭ ئورتاق شادىمان خالىس



## ئاي

زىمىن كېچىسىگە گوۋا ئاي، پەرى،
سىنىڭدە مۇجەسسەم جىمى تۈن سىرى.
يورۇتتۇڭ تۈمەنلەپ ئەسىر تۈننى.
ئاتاشتى ئەدىپلەر «ئەرش دىلبىرى».
نە قىسمەت كۆرمىدى بۇ نوھ كېمىسى،
ئاياندۇر ساڭا بارچە تۈن تەقدىرى.
كى ئالدىڭدا يۈز بەردى كۆرمىڭ جەدەل،
نۇرۇڭدا چاراقلاپ ئۇرۇش خەنجىرى.
ئاسايىشلىق چاغلار بولۇپ گاھىدا،
نۇرۇڭدا تۇغۇلدى ئىجات گۆھەرى.
بېشىدىن نە ئۆتتى بەشەر ئەھلىنىڭ،
ئېنىق ئەل تۈنىنىڭ ساڭا ھەربىرى.
قۇياشقا يېپىقلىق، ئېچىقلىق ساڭا
مۇھەببەت ئەھلىنىڭ كۆڭۈل دەپتىرى؛
بەختلىك يىگىت - قىز پىچىرلاشلىرى
ۋە لەۋدىن تۆكۈلگەن مېھىر كەۋسىرى.
بۇ سىرنى بىراۋغا تىنىپ باقمىدىڭ،
بولۇپ سەن ھەسەتتىن چىقىشتىن نىرى.
سىنىڭدىن شۇڭا ئەل يوشۇرمايدۇ سىر،
ماڭا ئۆلگە بۇ خىسلىتىڭ ئەي پەرى...

## ياماشىسىمۇ...

بىر پاقا كۆردۈم، تۇرار ئۇ خادا تاشقا يامىشىپ،
مەقسىدى: مىڭ ھىلە بىرلە چىقىسا تىك بەلدىن ئېشىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلسا بىر ھەركەت ۋە لېكىن سېرىلار پەسكە
يامىشار ئۇ يەنىلا چىقماق ئۈچۈن تەرلەپ -
سېرىلار ھەم يامىشار... قىلغاي تىنىمسىز بۇ
بىر پىكىر كەلدى ئېسىمگە دىلدا ھېس قايناپ
بارغۇ تۇرمۇشتا ئۆزىنى بىلمىگەن قاغدالمىلار،
يامىشار مەنسەپ تېغىغا ھىلىدىن شوينا - ئېشى
ھەر شارائىتقا مۇۋاپىق قىلىدۇ يەداز - گىرىم
سەۋىيە ھەم تارىخىمۇ تۇرىدۇ كۆپ ئالمىشىپ
گاھى تۆھمەت، گاھى ماختاش — جۇپ گۆھەر
بولسا «ھەركەت» ئىشلىرىمۇ كېتىدۇ بەك قاملى
بىلسىمۇ ئاقماسلىقىنى ئەمدى شۇملۇق، ھىلىنى
يامىشىشتىن توختىماس بارغانسېرى كالۋالىشىپ
يارىشار بۈركۈتكە چوققا، پاقىغا ساسلىق پەقەت
بولمىغاي بۈركۈت ماكانى پاقىغا ئەسلا نېسىپ!

## مەزمۇت

دەرەخ ئۆسسە دالا - تاغدا بولار يېتىز، غولى
سىغىز تۇپراقتا تىكلەنگەن ئىمارەتنىڭ ھۇلى مەزمۇت
گويا تاغدەك ئېگىز بارخان بورانغا بەرمىگەي بەر
ئەمەس تەشتەكتە بوي تارتقان ناماششەمگۈل گۈلى
رىيازەت، ئىجتىھات، ئىدمگەك - سىغىز تۇپراق، بور
يۈزى ئاپتاپ. شامال كۆرگەن كىشىنىڭ جۇپ قولى
قارا، سازەندىگە، تىنماي ئۇرار زەخمەك پولات
بولار ئەجرىدە قول ماھىر، جاراڭلار مەرغۇلى مەز
دىخان ئۇقمامدىكەن چارچاش - ھېردىشنى تۆت پەس
ئەگەر ئۇ سايىدا ياتسا، بولامدۇ ھوسۇلى، مەزمۇت،



...دەپ، ئالىم بىلەر: ئۆمرى خورار ئۇ تاللىغان كەسپتە،
...سە جان، سايرىيالامدۇ ئىجاتنىڭ بۇلبۇلى. مەزمۇت.
...الاي مەرتلەر شېھىت بولدى ۋەتەن. ئەرك دەپ كىرىپ جەڭگە،
...ۇلار جاننى نىسار قىلماي بولامتى بەخت يولى. مەزمۇت.
...مگە — شەھشەر قىلىچ گويا، ئۇنى ئىشلەتسە ئىتتىكلەر،
...ەگەر دات باسسا بولغايمۇ ئەقىل، پەم. ئۇسۇلى. مەزمۇت.
ئۆزۈكنى چاقنىتار چەكسىز گۈزەللىك چوققىدا چاقناپ،
...رىپ تاشنى چېچەك ئاتقان ئېگىز تاغ سۇمبۇلى مەزمۇت.
...سىگدە ساقلىغىن، دىلدار، ئۆمۈر پانى. ئىجات باقى.
...شانغا يەتكۈسى چاپسا يۈرۈشنىڭ دۇلدۇلى. مەزمۇت!

## تاتلىق

...لاق سال، ئەي رەپىق، يازغان غەزەلنىڭ تېمىسى «تاتلىق»،
قەغەت بولسىمۇ ئاچچىق ئۇنىڭكى مېۋىسى تاتلىق.
رۇپلا غورىنى «توك» دەپ پۈرۈشتۈرمە چىرايىڭنى.
جىر قىلساڭ، بولار جەزمەن ناباتات يېمىشى تاتلىق.
، ئاق، مۇنبەت زىمىن ياشلىق، ئۇنى چۆل، گۈل قىلىش سەندىن،
...ندەك بىرلە تال تىكسەڭ، بولار باغ - كىشمىشى تاتلىق.
...ۇرۇچ لازىم جىمى ئىشقا، ئەقىل، بايلىق، بىلىم توپلا،
...رۇچ تەل جۇۋانلارنىڭ ئېتىپ چىققان ئېشى تاتلىق.
...ەببۇس قىلىدۇ دەۋران: «ئۆگەن. ئەجرىڭدە باي بول» دەپ،
...پادىن قورقمىغان ئىشچان كىشىنىڭ تۇرمۇشى تاتلىق.
...ەس دەسمايە جىلۋە - ناز، خۇما كۆز ئاي كەبى رۇخسار،
...سۇلسىز، مەنىسىز ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ نىمىسى تاتلىق؟
...ىنەك ئۇز ۋە نەشتىرسىز ۋە لېكىن ماختىماس ھېچكىم،
...ەدە بولسىمۇ نەشتەر، ھەسەل ھەرە ئىشى تاتلىق.

مۇھەببەت بەك شىرىن، ئەمما ئۇنىڭدا بار ۋاپا، سا
ۋاپاسىز جىلۋىدىن، يارنىڭ ۋاپالىق كۆز يېشى تاتلى
بۇ تۇرمۇشتا قېيىق - ئاچچىق ۋە تاتلىق ھەممى
قارامۇچ سالمىسا مانتۇ، بولامدۇ قىيمىسى تاتلىق؟
بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسسىق - سوغاقلارنى، ئېلىپ
ۋىسال جانانىغا يەتكەن كىشىنىڭ كەچمىشى تاتلى

## ئالىم

تەشەككۈر، ئاپىرىن بىھەد ئىشىڭغا تۆھپىكار ئال
كەشپىتىن قىلدىڭ ئەل - يۇرتنى مۇنەۋۋەر، جىلۋ
تەپەككۇر غەزنىسى ئەقلىڭ، ئۇنىڭدا دۇر - گۆ
سېنىڭ بىرلە غورۇرلانسا مۇۋاپىق بۇ دىيار، ئالى
ئەگەر سەن بولمىساڭ، ئادەم ياۋايى، تەلۋە، ئال
بىلىم - كەشپىسىز بولالمايدۇ زېمىن باغ، لەيلىزا
جاھان قامۇسىدا نامىڭ مۇيەسسەر شانۇ - ھۆر
خەلق سەندىن سېزىپ كەلدى ئەسىرلەر ئىپتىخار
نادانلار ئۆمۈچۈك ئۇخشاش توقۇپ تور چىرمىسا د
خالاس ئەيلەپ تۇزاڭ - توردىن، كى قىلدىڭ بىغ
بىلىڭدە كەمىرى ھىممەت، تېلىسكوپ جۈپ كۆزۈڭ
تالاي سىر - تىلسىمات يولۋاسلىرىن قىلدىڭ شىكار
تۆمۈرگە كۆز - قانات باغلاپ ئۇچۇردۇق ئوربىتا
ۋە بولدى ماشىنا، پويىز، زاۋۇت... لار بەرقارار
سېنىڭ ئىسمىڭغا باغلاندى ئاتوم - نۇر ئەسىرى



...
ئاشۇ باتىس بىلەن ئالەم ساڭا كۆپ قەرزدار، ئالىم.
سېنىڭ قەدرىڭگە يەتمەكتە ئەقىل ئىباسى كىيگەن ئەل،
كامالىڭنى ئېتىپ تەمىن، بولۇپ چىن غەمگۇزار، ئالىم.
ساڭا دىل ھۆرمىتى ئۇكيان ئىلىم - پەن دوستى مائۇتىنىڭ،
ئىجادىم خۇددى بىخ - مايسا، ئۆزۈڭ ئەبرى باھار ①ئالىم!..

## تۆھپە

چېقىلدى گۈگۈت، نۇر ئېلىپ ياندى شام،
گۈگۈت خىزمىتى بولدى تېزلا تامام.
بۇلۇت ئۆزرە چاقماق تۆكۈپ قالدى نۇر،
قىلىپ تۆھپىسى بىر دەقىقە داۋام.
چېچىپ خۇشپۇراقنى تۇزۇپ كەتتى گۈل،
پىغان دەرتتە بۇلبۇل بېرەلمەي سالام.
كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى قاخشال ئوتۇن،
ئۇنىڭ چوغ - يالقۇنىدا پىشتى تائام.
تۆكۈلدى چېچەك قالدۇرۇپ غورىنى،
ئانا يەر بېتىگە خوشال ۋە خورام.
كۆرۈندى مېتورىت شۇئان ساقىدى،
ئۆزىدىن تۆكۈپ نۇر تارام - تارام.
يىپەك تالاسىدا ئوراپ جىسمىنى،
پىلە قۇرۇتى ئالدى مەڭگۇ ئارام.
توگەشتى سۇرۇپ كىرنى سۇدا سوپۇن،

① ئەبرى باھار — باھار يامغۇرى.

كىيىمنى قىلىپ پاكىز ھەم يارام.
كۆتەك قالدى كەمتەر سۇپۇرگە تۇزۇپ،
ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى مەمنۇن ئاۋام...
ئەجەپ ئىش ئۆتۈشتى ئۇلار ئاز ياشاپ،
ۋە لېكىن ئۇلارغا ياغار ئېھتىرام.
قىرىقتىن ئېشىپتۇ يېشىم... ۋاي دەرىخ،
قېنى ئەلگە تۆھپەم... دىلىم بىئارام!...

1984 - يىل، 9 - ئا



مەھەممەت شاۋدۇن

## ئائىلە لىرىكىلىرى

### كېچىلەر

كۆپلىگەن ۋولفىرام سىم كۆيۈپ تۈگەپ،
كۆپلىگەن چىراق ئۆمرى بولدى تامام.
ئۈپرىدى نەچچە ئالتۇن قەلەم ئۇچى،
سىندى شۇنچە قاتتىق تالاي ئاخشام.

ئولتۇرار قەيسەر يەنە ھەر ئاخشىمى،
بەلكى ئاز ئۇ كۆرمىگەن كىتاپ بېتى.
قەغەزنىڭ قاردەك ئاپپاق دالىسىدا
توختىماي چېپىپ كېلەر قەلەم ئېتى.

ئايالى پەرۋانىدۇر چۆرىسىدە،
شىپىرلاپ چىنىسىگە قۇيىدۇ چاي.
تومۇزدا سوغاق سۇغا لۆڭگە چىلاپ،
ئېپ كېلەر تامچە تەرگە چۆمسە ماڭلاي.

نەچچە رەت تۇتۇۋالدى قوللىرىنى،
دۇۋەت دەپ چىلىغاندا چايغا قەلەم.

چاي تۇتتى قوللىرىنى تۇسۇپ ئاستا،
چىنە دەپ كۆتەرگەندە دۆۋەتنى ھەم.

ئۈنچىدەك رەتكە چۈشتى قۇرنى بويلاپ،
ئىجىرماش ئارگىناللار دانە ـ دانە.
بەرىدە ئىزلىشىدۇ لۇغەتنى تەك.
سۆزلەرنىڭ جاڭگىلىدا ئۇ جانانە.

ئۇشتۇمتۇت چىراق كۆيۈپ ئۆچكەندە ئۇ،
شۇ ھامان يېقىپ بېرەر ئالدىغا شام.
ئۇھ دىسە ۋۇجۇدىغا دەرمان بولۇپ،
روھىنى كۆتىرىدۇ بېرىپ ئىلھام.

قەيسەرنىڭ قەيسەرلىگى ئاشتى شۇنچە،
يېتىلىپ ۋۇجۇدىدا غالىپ چىدام.
دومىلاپ ئۆتۈپ كەتتى جوزىسىنىڭ ـ
ئاستىدىن، يىقىتالماي تالاي ئاخشام.

غورىدىن ھالۋا كۈتۈپ تۇرماي ئۇزاق،
ئاخىر ئۇ ئۆز قولىدا ئەتتى قىيام.
تەنتەنە قىلار ئايال ئۆي ئىچىدە،
قەيسىرى ئىلىم ـ پەندە چىقاردى نام.

## شەنبە ئاخشىمى

كۆڭۈللۈك شەنبە ئاخشام ـــ دىلغا ئارام،
بۇ ئۆيدە بىرخىل دەۋەت قىلار داۋام.



جوزىدا ئاق كۆينەك، شىم، سارجا كاستيوم،
يۈزلەردە زەپ يېقىملىق خۇش تەبەسسۇم.

ئايالى دەزمال سالار شۇ كىيىمگە،
زورلايدۇ دەم ئېلىشقا يولدىشىنى.
— تۇختىڭا، ئۆزۈم سالاي، چارچىدىڭىز،
باياتىن كۆپ قىلىپ سىز ئۆي ئىشىنى

دىدى ـ دە، قول ئۇزاتتى دەزمالغا ئەر،
قاچۇرۇپ ئايالى ئۇنى چەتكە ئالدى.
ئايالىنىڭ قوللىرىغا تېگىپ قولى،
باشقىچە قىزىقلىقنى سېزىپ قالدى.

ئايالىنىڭ ماڭلىيىغا قويدى ئالقان،
شۇ قەدەر ئېشىپ كەتكەن قىزىتمىسى.
— بولماپتۇ، سىز دەم ئېلىپ يېتىڭ چاپسان، —
دىدى ئەر، تۈرۈلۈپ سەل قوشۇمىسى.

زور بىلەن ياتقۇزۇپ ئۇ ئايالىنى،
شۇ ھامان ئېلىپ كەلدى ئاڭا دورا.
قويدى ھەم ماڭلىيىغا سوغاق لۆڭگە،
شوۋىگۇرۇچ ئەتتى دەرھال ئېسىپ كورا.

تەرلىنىپ ياتتى ئايال ئارام ئېلىپ،
ئەر ئۇنى چۈمكەپ قويغان شۇنچە قېلىن.
چۈشكەندە قىزىتمىسى كۆڭلى تىنىپ،
ئەر ئۆزى سالدى، دەزمال شۇندىن كېيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدىدا سارجا يوپكا، شىپىلىق كۆينەك
چىرايلىق دەزماللىنىپ چىنىتى قولدىن.

## باغچىدا

ئەر - خوتۇن يۈرەر ئەنە، باغچا ئارىلاپ،
ئۇماق قىز مىنگەن كىچىك شەيتان ئاتنى،
كۈلۈشۈپ كېلەر ئۇلار پاراڭلىشىپ،
تۇتۇشۇپ بىر بىرىگە شاكالاتنى.

ئەر كىيگەن ئاپپاق كۆينەك، سارجا كاستيۇم،
ئايالىنىڭ ئۇچىسىدا شىپىلىق كۆينەك.
زوقلىنىپ گۈل - چېچەكلەر ئەتراپىدا
قىلىدۇ ئىككىسىنى خۇددى كۆرەك.

ئايالىنى تەكلىپ قىلدى بەندىڭگە ئەر،
ئولتۇردى ئىككىلىسى تۇزۇت بىلەن.
چۈگۈلداپ، سومكىسىنى ئېچىپ قىزچاق،
ئۇلارنى «مېھمان» قىلدى نەشپۈت بىلەن.

ئۇماق قىز ئەركىلەيدۇ قىلىقلىنىپ،
زوقلىنىپ سۆيەر ئاتا ماڭلىيىغا...
ئاتىنىڭ دەم ئېلىشى قوشتى شاتلىق،
ئانىنىڭ چەكسىز كۆڭۈل سارىيىغا.

— ئەجەپمۇ قىزىقتۇرسىز دەم ئېلىشقا،
قانداقكەن يەكشەنبىدە باغ سەيلىسى؟



دەپ ئايال قىلدى چاخچاق كۈلۈمسىرەپ،
كۆزىدە مۇھەببەتنىڭ گۈل - لەيلىسى.

ئەر - خوتۇن ئولتۇرار شات جۈپ گۈل بولۇپ،
ئۇماق قىز خۇددى غۇنچە ئارىسىدا.
نىشانلاپ يۈرگەن مۇخبىر تارتتى سۈرەت،
تۈيدۈرماي (مۆكۈپ) دەرەخ دالدىسىدا.

1984 - يىل، نويابىر، ئۈرۈمچى.

## تۇرغان شاۋدۇن

# خوشال ئۇچرىشىش

(بىر ئىشچىنىڭ خاتىرىسىدىن)

بولۇپ تۇرار ئۇچرىشىش كۆپلەپ،
ئۇ تۇرمۇشنىڭ رېئال ھالىتى.
ئوخشاش ئەمەس مەزمۇنى بىراق،
ھەربىرىنىڭ ئۆزگە خاسىيىتى.

ئۇچراشتۇق بىز بۈگۈن ئەر - ئايال،
چېھرىمىزدە بەخت جىلۋىسى.
ئارازلىقنىڭ خاتىمىسى بۇ،
خوشاللىقنىڭ مۇقەددىمىسى.

×

ياخشى ئىدۇق ئەسلى بىز بۇرۇن،
مەرغۇل ئوخشاش جۇشقۇن، شات ئىدۇق،
ھۆرمەتچانتۇق يېڭى مېھماندەك،
تالىشىشتىن ھامان يات ئىدۇق.

لېكىن قىسقا ئىدى قولىمىز،
ئۈچەيدەك تار ئىدى يولىمىز.



قالار ئىدۇق سارغىيىپ پات - پات،
ئايدىن - ئايغا بەتمەي پۇلىمىز.

ئېلىپ كىردى ئۆيگە خوشاللىق،
ھامىلدار بوپ ئايالىم شۇچاغ.
ئاتا بولماق ئىستەك غورۇرى،
قىلدى كۆڭۈل - كۆكسۈمنى گۈلباغ.

قىسىنىپ شۇ پەرزەنتىم ئۈچۈن،
ئايالىمنى كۈتمەك ئىستەيتتىم.
ئۇنى كۈتۈپ، قىپ قالسامۇ ئاچ،
خوشال يېتىپ، ياخشى چۈشەيتتىم.

يېقىنلاشقان چاغدا يەڭگىشكە،
قېينانام ئېپكەتتى ئۇنى.
ئەنئەنىگە ئايلانغان ئىسىل،
غەمخورلۇق دەپ چۈشەندىم بۇنى.

بىراق شۇنداق ئەنئەنىلەرنىڭ،
بىلمەپتىمەن غەيرى خىلىنى.
ئايال تۇغۇپ ئۆتمەي كۆپ ئۇزاق،
قېينانام ئەسكەرتتى ئۇنى:

كېرەك ئىكەن كىيىندۈرۈشۈم،
ئايالىمنى باشقىدىن تامام.
يول ئالاركەن ئاندىن توي قىلىپ،
ئۆيىمىزگە ئايالىم، بالام.

ئىشچى تۇرسام قىرىق بەش كويلۇق،
ھۆددە قىلاي، قانداق بۇ ئىشنى.
ئۆندىمەستىن ياندىم كەينىمگە،
يۇتۇپ دەرتنى، چىك چىشلەپ چىشنى.

×

ئارازلىقتا چېكىپ ئىزتىراپ،
ئۆتۈپ كەتتى بىر يىل ئارىدىن.
باھار، قىشنى ئۇزاتتىم تەستە،
كەتمىدى قىش لېكىن باغرىمدىن.

چۈشەر ئىدىم تاڭ بىلەن ئىشقا،
گولۇفاڭغا قالاش ئۈچۈن ئوت.
ئۆتەر ئىدى لېكىن كۈنلىرىم،
باش چۆكۈرۈپ ئويناش بىلەن «كورت».

توڭلىغانلار كەلسە دەرت ئېيتىپ،
تەييار ئىدى جاۋابىم مېنىڭ:
كىم كۆچ دىدى قەۋەتلىك ئۆيگە،
شۇدۇر ئەسلى جازايىڭ سېنىڭ.

دىمىسەمۇ ئايان ھەممىگە،
ھېچكىم ماڭا قىلالماس زورلۇق.
كېمىتەلمەس مۇئاشىمنىمۇ،
قوشۇپ بەرمەس ئىشلىسەم ئارتۇق.



ئۆز - ئۆزەمنى جىملەپ شۇنداق،
ئەمىنلىكتە ئۆتتى كۈنلىرىم.
تاپقىنىمنى خەجلىدىم تولۇق،
«ئولتورۇش» تا ئۆتتى تۈنلىرىم.

كىم بىلىپتۇ بەختىنىڭ ماڭا،
كۈلۈشىنى قايتا قايرىلىپ.
تاغ ئايلانغان بولسا ئىلگىرى،
كەپتۇ ئەمدى باغنى ئايلىنىپ.

كىرىپ كەلدى باشلىق قېشىمغا،
مەۋسۇم تېخى ئۇلاشماي قىشقا.
گولۇفاڭنى قۇرۇپ قايتىدىن،
كىرىشمەككە ھۆددىگەر ئىشقا.

مەيلى دىدىم كۆرەككە سىناپ،
بولغاچ ئىشەنچ ئۆزەمدە پۈتۈن.
توختام تۈزۈپ. قويدۇق قولىنىمۇ،
قولنىڭ ئۆزى قەسەم مەن ئۈچۈن.

كىرىشتىم مەن ئىشقا يەڭ تۈرۈپ،
شېرىكلىرىم ماڭا ياندىشتى.
ئىشىمىز راسا ئىلگىرىلەپ - ئېقىپ،
تاپاۋەتمۇ تازا قامىلاشتى.

ئايلىغىمىز چۈشتى ئۈچيۈز كوي،
خۇددى شېرىن چۈشنىڭ ئۆزى بۇ!

ئىشەنمەسكە نىمە ئامال بار،
تۇرسا قولدا كويچەن ئۆزىمۇ!

ئۈمىت ھاسىل قىلدى شۇ كويچەن،
كۆتىرىلدى قەددىم - قامىتىم.
كەلدى كۆلۈپ قېيىنانامىمۇ،
كەلگەن چېغى قوشلاپ ئامىتىم.

ئەنئەنىنىڭ بارچە تۈرىنى،
تەھقىق، ئادا قىلدىم تەرلىمەي.
ئېلىپ كەلدىم ئانا - بالىنى،
ئانىمىزنى قىلچە رەنجىتمەي.

بىر ئائىلە ئۇچراشتۇق خوشال،
چېھرىمىزدە بەخت جىلۋىسى.
ئارازلىقنىڭ خاتىمىسى بۇ،
خوشاللىقنىڭ مۇقەددىمىسى.

ئەجرىمىزگە لايىق كۈن كۆرسەك،
بەخت تېزدىن كەتمەسكەن قېچىپ.
بولسا شۇنداق،
خەلقىمىز بىزنىڭ،
كۆتىرەركەن تاغنىمۇ ئېلىپ.

1984 - يىل.



ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## توز ھەققىدە

(ھايۋاناتلار باغچىسىغا كىرىپ توزنىڭ يېنىغا بېرىپ قال
ىراق توز تۈگۈلۈپ يېتىۋېلىپ زادىلا قانىتىنى كەرمىدى.
لدىن ئىچىم پۇشۇپ كۆڭلۈمگە بىر پىكىر كەلدى - دە،
ىرنى يازدىم.)

نىمىشكە ھۆسنۈڭنى قىلماي نامايان،
بىھۇدە نازلىنىپ ياتىسەن قاراپ؟
گىلەمدەك رەڭمۇ - رەڭ قاناتلىرىڭنى،
ئېيتقىنا، كىملەردىن تۇرىسەن ئاياپ؟

تۇرىدۇ ئەنە ساغا تەلمۈرۈپ،
رىشاتكا تۈۋىدە ئاق چاچلىق موماي؛
تۇرىدۇ ئەنە قولىدا ھاسا،
بەللىرى مۈكچەيگەن مويسىپىت بوۋاي.

ئەنە نېرىدا پىئونېر قىزچاق،
تۇرىدۇ ھۆسنۈڭگە تەقەززا بولۇپ.
دەيدۇ «ھەي، ئەجەپمۇ قانات كەرمىدى!»
بۇ ئىچى پۇشقىدىن دىمى تۇتۇلۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەلمۈرۈش ئىلكىدە ئۆتتى بىر سائەت،
ئاھ، ۋاقىت بەھۇدە بولماقتا زايە.
تۇر ئەمدى ئورنىڭدىن، كۆرسۈن جامالىڭ
ساڭا دال بولالماس ئازغىنە سايە.

بۇ ئالتۇن پۇرسەتنى بەرمىگىن قولدىن،
قىل گۈزەل جامالىڭ ـ كۆركىڭنى ئايان،
ئويلاپ باق، ساڭا خاس گۈزەل نام بىر...
كىم سېنىڭ داڭقىڭنى ئەيلىگەن بايان.

بىلىپ قوي، چىرايىڭ بولماس قىممىتى...
كۆرۈشكە خېرىدار، ئاشىق بولمىسا؛
پىنھانە جىلۋەڭنىڭ نىمە لەززىتى،
چىن ئىنسان مېھرىدىن زەررە قونمىسا!!

ئېچىلماي شۇ پېتى ياتساڭ تۈگۈلۈپ،
قالىسەن ئاز كۈندە نەزەردىن چۈشۈپ،
چىرايلىق نامىڭمۇ سەتكە ئالمىشىپ،
كېتىسەن بىر يولى ئۇنتۇلۇپ، ئۆچۈپ...

## ئۈمىت توغرىسىدا

ۋاللىدە ئاپتاپ چىقىپ كۈلدى جاھان،
جانلىنىپ كەتتى دېڭىز، ئورمان، دالا،



لەچچە ۋاقتىن قۇتۇرىغان مۇدھىش جۇدۇن،
نەگىدۇ قۇيرۇغىنى قىلدى خادا.

مەن ئۈمىتسىزلىك چۆلىدە زارلىنىپ،
قاپتىمەن تاس بولغىلى جاندىن جۇدا.
بۇ ماڭا بولدى راسا ئاچچىق ساۋاق،
دوست تۇتاي — ئۈمىت ئىكەن جانغا ۋاپا.

تۇرسۇنئاي ھۈسەين

## ئۈچ شائىرەگە

ئىزلەپ مەن بىرەر نىشان سىماسىنى،
كەزدىم گۈل دىيارىمنىڭ دالاسىنى
بارخانلار، يۇلغۇنلارنى تۇتتۇم ئۇلپەت،
ئىزدىدىم ساناقسىز قۇم ئاراسىنى.
ئاسمانغا باقتىم، باندى يورۇق يۇلتۇز،
تۆكتى ئۇ يولۇمغا نۇر - جىلاسىنى.
ئۇ دېدى: «تۇرغان يېرىڭ نىشانەڭدۇر،
ئاڭلىدىم يۈرىكىڭنىڭ ساداسىنى.
ئىزلىسەڭ ئاشۇ جايدا تاش پۈتۈك بار،
تاپىسەن ئەجدادىڭنىڭ ئىزناسىنى.
ئوقۇپ باق، مىڭ يىللارنىڭ ئالدىدىكى
ناتىۋان قىز - جۇۋاننىڭ نىداسىنى»،
ئېھتىرام، ئىكرام بىلەن ئېيتىپ رەھمەت،
قازدىممەن قەدىمقى قۇم دۇنياسىنى.
ئالدىمدا چىراي ئاچتى ساراي، ھەيكەل،
كۆردۈممەن بۇت دەۋرىنىڭ گۇۋاسىنى.
ئوقۇدۇم سارايدىكى تاش پۈتۈكنى،
ئاڭلىدىم ئوتلۇق شېئىر ساداسىنى:
«نە ئولغاي ئىدى ئەگەر قىز بولمىسام!»
دېگەن شۇ دەرت - ئەلەملىك مىسراسىنى،



تۇرالماي كۆزلىرىمدىن تۆكتۈم مارجان،
كۆرگەندە مەزلۇملار دىل ياراسىنى.
يالقۇنلۇق ئاشۇ ئوتلۇق مىسرالارغا،
باغلىدىم رىشتە قىپ دىل ئىخلاسىنى.
ئېخ! ئۇيغۇر شائىرەسى سىلىق تېكىن①
ھەيۋەتتە قويدۇڭ شېئىر دۇنياسىنى.
بولساڭدىڭ، تۇتار ئىدىم مەڭگۈ ئۇستاز،
سەندەك بىر شېئىرىيەت پېشىۋاسىنى.
كۆرسەڭدىڭ، ئېخ بۈگۈنكى دىيارىمنى،
كۈيلەرگە قاتاتتىڭ گۈل - گىياسىنى.

×

بىر كۈيىنى ئاڭلاپ دىلىم بولدى ھەيران،
پىراقى دىل قەسرىنى قىلدى ۋەيران.
يۈرەككە چۈشكەن ئىشىق - ئىزتىراپتىن
ئىزىغا ئىنتىزار بوپ باقتىم ھەريان.
ۋىسالىن ئىزلەپ شۇئان يولغا چىقتىم،
يەكەننىڭ يوللىرىدا بولۇپ سەرسان.
ئويلىدىم: «ئىزلىرىنى قىلاي سۈرمە،
ئاۋازى، كۈلكىسىدىن تاپاي دەرمان.
ساتاردىن قايتا ياڭراپ ئىشرەت ئەڭگىز،
قەلبىمنىڭ باغلىرىدا بولسۇن مېھمان.
مۇقامنىڭ بالقىپ تۇرغان زوھراسىنى
ھەيرانلىق كۆزلىرىدە كۆرسۇن دەۋران».
تاپالماي ئۇندىن سەھرا رەنئاسىنى،

① سىلىق تېكىن — بۇددا دىنى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرەسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتكىسى
www.uyghurkitap.com

يۈرىكىم لەختە بولۇپ يېغىلدىم قان.
«دېمى مەن ئامانىنانىڭ» دېدى شۇ چاغ،
شوخ سابا گۈل بەرگىنى ئېلىپ لەرزان.
«كۆزىمەن ئامانىنانىڭ» دېدى نەرگىس
چىرايلىق كىرپىكىنى ئېچىپ چاپسان.
«سۆزىمەن ئامانىنانىڭ» دېدى كاككۇك،
تالزاردا دىل يايرىتىپ كۈلدى خەندان.
«كۆيىنى ئىشتمەك بولساڭ قۇلاق سالغىن»
دەپ كۈمۈش سۇلۇق دەريا بولدى قىيان.
«ھىدى مەن» دەپ ئېگىلدى ئەتىر گۈللەر
ئىپاردەك ھىدلىرىنى سەپتى رەيھان.
«بويى مەن» دېدى نازلىق گۈزەل لالە،
سىلكىندى تەبىئەتتە قوزغاپ غەليان.
«مەن بولسام دىۋان نەپىس ۋارىغىمەن»
دېيىشتى ھەر بىر پاپراق نەپىس يازغان.
«بىر ئۆلمەس تارىخىمەن» دېدى زېمىن،
شاھىد بوپ كۈلدى شۇ چاغ ئېگىز ئاسما
«قەلبىمىنىڭ ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزىسەن»
دېيىشتى بارچە يۈرەك يورۇق يانغان.
يۈرىكىم غورۇر بىلەن تولۇپ تاشتى،
ھەم بىر ئوت لاۋۇلدىدى بولۇپ گۈلخان.
ئامانىنا مۇشۇ دەمدە بولغان بولساڭ
بولاتتىڭ ئارزۇيۇڭغا راسا قانغان.



ياڭرىدى رادىيودىن تاتلىق مۇقام،
قەلبىمدە قوزغاپ ئۈمىت. زور ھاياجان.

×

ئاقىدۇ تۇمەن دەريا ئۇيناپ سۈزۈك،
گويا ئۇ ياقۇت كۆزلۈك زەر بىلەيزۈك.
جۆر بولۇپ شاۋقۇنىغا تاشار كۈلكە،
چالغاندا دۇتارىنى خۇمار كۆزلۈك.
جۇپ تاللار شوخ جاراڭلاپ بايان قىلار،
ئاجايىپ بىر قىسسىنى شۇنچە ئۈنلۈك.
ئاڭلىغان چاغدا كۆيىنى يۈرەك ئۇرغۇپ
ئازاتتى رىتىمىدىن بوپ بىر تۈرلۈك.
كىنودەك بىر كۆرۈنۈش بولدى پەيدا،
تۇمان ۋە جۇت ئارىلاش ئەجەپ سۈرلۈك.
كېلىدۇ يولدا بىر توپ قىز ۋە يىگىت،
ئىلىغا سۈرگۈن بولۇپ بىر ئۆمۈرلۈك.
پۇت - قولى كىشەنلەنگەن رەئنا قىزلار،
ھەم بەرنا يىگىتلەر بار بادام بۆكلۈك.
ئاق يەكتەك، لىچەكلەردە قان دېغى بار؛
ئارقىدىن چېرىك كېلەر تەرى سۈرلۈك.
تەۋرەتتى ئالامانى توپ ئىچىدىن
بىر سادا يېرىپ چىقىپ شۇنچە كۈچلۈك:
«ئەلۋىدا، مېھرىبانىم، جېنىم ئانام،
ئەلۋىدا! يۇرتداشلىرىم، دىلى ئۈزۈك.
ئەلۋىدا! يارۇ - دوستلار بىللە ئۆسكەن،
ئەلۋىدا! تۇمەن دەريا سۈيى سۈزۈك.

زۇلمەتكە بولغان قەھرى خۇددى چاقماق،
ئەي، خەلقىم، سېنى سۆيگەن قىزمەن ئۇزاق.
ئەركىنلىك ۋە سائادەت، بەخت ئىزدەپ
جاھالەتپەرەسلەرگە قىلىپ ئۆچلۈك؛
مەلئۇنلار يۈرىگىگە ئۇردۇق خەنجەر،
بولسۇن دەپ يۇرتىمىزدا مەڭگۇ ھۆرلۈك.
بالاخور زالىم دۈۋاڭ قان قاخشاتتى،
قان ئىچىپ ياشىدىغۇ ئۇ كۆڭۈللۈك.
باشلارنى كەستى، چاپتى، دارغا ئاستى،
پالىدى بولمىسۇن دەپ يۇرتتا ئۆملۈك.
بىكارغا كەتمەس ئاققان قان ۋە ياشلار،
ئاخىرى پارتلار ھامان ۋولقان كۈچلۈك.
ھەر ئىزدىن قانچە مەرتلەر باش كۆتەرگەي،
قان - ياشقا تولغان دىيار بولغاي گۈللۈك.
ياڭرىدى شۇ چاغ دۇتار يېڭىۋاشتىن،
كۈيىگە ئاۋاز قوشتى دەريا ۋە كۆك.
قۇش كۈيى بىلەن تولدى تالزار شۇدەم،
جۆر بولۇپ سايرىغاندا بىر جۈپ كاككۈك.
تۇمەننىڭ سۈيى ئاقار شۇنچە سۈزۈك،
بويىدا سەيلە قىلار سانسىز نۇزۇك.

1984 - يىل

## بىر قىز

توكچى كەلدى مەلىگە سىم تارتماق بولۇپ،
ئۇ مەلىنى بۇ مەلىگە چاتماق بولۇپ.



بۇ يېزىنىڭ لىۋەن، گۈزەل قىزلىرىنى
باغلار ئارا سەيلىلەرگە تارتماق بولۇپ.

شوخ يىگىتتىن قورقۇپ قىزلار كېلەلمىدى،
سىم تارتقاننى تاماشا قىپ يۈرەلمىدى.
پەقەت بىر قىز شۇ توكچىنىڭ شاگىرتىدەك،
ئىستولبىنىڭ يېنىدىن ھىچ كېتەلمىدى.

بۇ قىزچاققا شوخ يىگىتنىڭ چۈشتى مەيلى،
بۇ ئىككىسى باغلار ئارا قىلدى سەيلى.
پەچىرلايتتى يىگىت قىزنىڭ قۇلىغىغا:
«مەن مەجنۇنمەن، سەن بولامسەن ماڭا لەيلى».

مەلىلەردە بولدى ئايدىڭ يېنىپ چىراق،
قىز - يىگىتلەر ئوينىشىپ يۈرەر غەمدىن يىراق.
پەقەت شۇ قىز قارار شەھەر يوللىرىغا،
قىز قەلبىنى ئۆرتەر ئىدى دەردۇ - پىراق.

قىز يېنىغا مۇشۇ يەرلىك يىگىت كېلىپ،
دىدى: «جېنىم، ئۇ ۋاپاسىز قالدى كېتىپ.
ئەرزىمەس ئۇ سېنىڭ تاھچە يېشىڭغىمۇ.
يۈر، باغلاردا گۈل تېرەيلى ناخشا ئېيتىپ».

ھالى يوغان قىز ئۇنىڭغا دىدى قاراپ:
«بۇ سەھرادا ياشلىق ئۆمرۈم بولغاي خاراپ.
ئەگەر ئۇ كۆزدە مېنى چوڭ شەھەرگە.
مەن ئۇلتاردىم شۇ يىگىتكە ساچىم تاراپ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈزمۇ كەلدى، ئۆتتى تېخى ئەچچە باھار،
قىز تېخىچە ئۈمىت ئەچرە يولغا قارار.
تەڭتۇشلىرى يېتەكلىشىپ يۈرەر بالا،
قىزنى ھىجران يېگى - يېگى ئويغا سالار...

«ئەي شوخ يىگىت كېلەر ئىدىڭ قاراڭغۇدا،
خەق كۆرمەستە يۈرەيلى دەپ ئارامخۇدا.
سەن چىراقلار مەلىمىزنى ئەتسە كۈندۈز،
نېمە ئۈچۈن ۋىسالىڭنى قىلدىڭ جۇدا؟»

كەتسە نامەرت ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي،
قىز خىياللار دەرياسىدا ئاقتى تىنماي.
ئىچتى ئاخىر پۇشايماننىڭ شارابىنى،
ئاددى كۆرۈپ مەرت يىگىتنى كۆزگە ئىلماي.

1984 - يىل

## شۇندىن بېرى

ياز ئىدى، كۈلدى بېغىمدا گۈل - گىيالاردىن بە
شاخ ئارا گويا يېپىلغاندەك ئاۋارلاردىن بېرى.

ئۈزدۈمۇ - قىستىم قولاقتا. يايرىدى كۆڭلۈم ئەجەب
خۇددى چۆشكەندەك قولۇمغا تۇتىيالاردىن بېرى.

بولدى بوستان چاچلىرىم، قويسام قىرىقتال نۆرگۈزا
قوللىرىمغا لەئلى رەڭ بەردى خىنالاردىن بېرى.



ەر تۆكۈپ شاھۇ - سەھەر باغىمنى پەرۋىش ئەيلىدىم،
ۈيقۇدىن ئەتكەچ بىدار خۇشخۇي ناۋالاردىن بېرى.

اغۇ - بوستانغا ئېچىلغان پەنجىرەمنى ياپمىدىم،
ۇش ناۋانى ئەپكىرەر دەپ شوخ سابالاردىن بېرى.

اھىدا خۇشخۇي بولارمەن، گاھىدا غەمكىن ئەجەپ،
ىلكىگە ئالغاچ كۆڭۈلنى دىلرەبالاردىن بېرى.

للىرىغا كۆپ قاراپ تالدى كۆزۈمنىڭ گۆھىرى،
ختىيارىم قويمىغاچ ئاھەڭرەبالاردىن بېرى.

ۇغاي كۈندۈز بولۇپ قۇندۇز چېچىمدەك تۈن كېچە،
كنىمدە باغ كوچامدىن نۇر زىيالاردىن بېرى.

چكىشى سەزمەس بۇنى، پىنھان چېكەرمەن ئىزتىراپ،
مىغاچ دەرتكە داۋا ئىبنى سىنالاردىن بېرى.

ى - كوچامدىن ئايلىنىپ كەتمەس يىگىتلەر ھەر كۈنى،
لىدى ئەپتۇن مېنى قەددى چىنارلاردىن بېرى.

ى بېغىمدىن كەلتۈرۈپ بىر تۇپ ئانارنى ئەتىياز،
ەمنى يادىمدىدۇر سۆزگە گادالاردىن بېرى.

ئەيلىدىم پەرۋىش ئۆلى شۇ يارنى كۆرگەن كۆز بىلەن
ياشىندى يىلتىز سۇرۇپ مېھرىگىيالاردىن بىرى.

بايقىسام يەردە ئەمەس، بەلكى يۈرەكتە يىلتىزى،
تىترىتەر قەلبىمنى، ئاھ، ئوتلۇق سادالاردىن بىرى.

نە ئۇچۇن ئېيتماس سۆزدىن ئىشقىم بېغىغا سۇ قۇيۇپ،
بولمىسىدى تۇنجى پاك ئىشقىم خاتالاردىن بىرى.

1984 - يىل



ھاجى ئەخمەت

## خانتەڭرى

ئانام — خانتەڭرى، نامىڭنى كۆيۈمگە ئىپتىدا قىلدىم،
...ۇقەددەس سۆيگۈ - مېھرىڭنى يۈرەك - قەلبىمگە جا قىلدىم.

...قۇپ تارىخ بېتىدىن شۆھرىتىڭ بىرلە سىفاتىڭنى،
...دىرلەپ ھەر تېشىڭنى، كۆزلىرىمگە تۇتىيا قىلدىم.

...نق سەھراسىدا مەجنۇن بولۇپ باغرىڭنى كەزگەندە،
...ەل ھۆسنۈڭگە زوق ئەيلەپ قەدىرلىك سەيلىگاھ قىلدىم.

...ۇپسەن پاسىۋان ئەجدادىمىزغا قانچە مىڭ يىللار،
...ۇك ياتقان شۇ غارىڭنى تەۋەررۇك قىبلىگاھ قىلدىم.

...ئەت تاغى بىرلە كۆكنى يەلكەڭدە تىرەپ تۇرغاچ،
...ەكنىڭ تۈۋرۈكى بۇ دەپ، ھىماتىم، باشپانا قىلدىم.

...بىندىم روھىغا مۇشكۇلگە دۇچكەلگەندە سادىرنىڭ،
...ىلمەس كۈچ - قۇۋۋەت بەرگىن ماڭا دەپ ئىلتىجا قىلدىم.

...ت راسلاپ شىجائەتتىن مۇزات ئۈستىگە قونغاندا،
...ىم ئەرشكە تاقاشقاندەك بولۇپ، سەيرى - ساما قىلدىم.

www.uyghurkitap.com

غورۇر ئەۋجىدە قەلبىمدىن تېشىپ ئۆركەشلىدى
چىمەن شەيداسى بۇلبۇلدەك ئۇرۇپ ھەندە، ناۋا

پەخىرلىكمەن ساڭا پەرزەنت بولۇپ ئالەمگە كۆز
چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن داغ شەۋكىتىڭگە، جان

1984 - يىل، مارت

ئانامغا

ئەي، مېنىڭ دۇنيادا ئەڭ سۆيگەن قەدىردانىم
ئىززىتىم، پەخرىم - غورۇرۇم، شەۋكىتىم - شانىم،
سېنى كۈيلەشنى بىلىپ چىن قەرزى ۋىجدانىم،
سۆز تىزاي شەنىڭگە، ئىلھام مەنبىئى - كانىم،
ئەت قوبۇل سوۋغامنى، قانسۇن ئارزۇ - ئارمانىم،

بارمىدۇ ئىنسان ئارا سەندەك ئۇلۇغ، سەندەك ئەزىز
شەپقىتى، بەرگەن سۈتى شۇنچە ھالال، شۇنچە لەزىز
دىلدىكى پاك سۆيگۈ - مېھرى خۇددى بىر چەكسىز
مۆھتەرەملىك مەرتىۋى گوياكى ئاسماندىن ئېگىز،
سەنكى ئىززەت تەختى ئۈززە شاھا سۇلتانىم، ئانا،

كۆتىرىپ ئۇن ئاي قوساق، تۇغدۇڭ ماڭا تەن،
نۆز ۋۇجۇدۇڭدىن ھاياتلىق ھەم قۇۋۋەت، دەرمان
بىلدۈرۈپ ياخشى - يامانىنى ئاڭ - ئەقىل ۋىجدان
ئەيلىدىڭ پەرۋىش، راۋاجىمغا تولۇق ئىمكان
قىلمىدىڭ ھېچنەرسىگە قەدرىمنى تەڭ، جانىم



غېممەنى، بولمىدى يىغلاپ ئاراملىق كۆڭلىرىڭ،
غ بۆشۈگۈمنى قۇچاقلاپ ئۆتتى بىدار تۈنلىرىڭ،
لىسام ئېرتىپ ھۆللۈمنى، ئەمدۈرۈپ ئەللەيلىدىڭ،
نىتىم، جەۋرەمنى تارتماقلىقنى بۇرچۇڭ ئەيلىدىڭ،
پىداكارلىق، چىدام بابىدا مەردانىم، ئانا.

كىلەپ كۈلسەم، خوشاللىق ئىچ - ئىچىڭگە پاتمىدى،
لىڭىڭ كەلگەچ، ھاياجان يۈرىگىڭنى قاپلىدى،
ۋنۇشتىن كۆزلىرىڭ خۇددى ھۆكەردەك چاقنىدى،
نىلاپ سۆيدۈڭ، لېكىن باغرىڭ ماڭا ھېچ قانمىدى،
شەپقەت ھەمدە مېھرىڭ تەندە دەرمانىم، ئانا.

لىتەرگە بولدى باغرىڭ بىر گۈزەل باغىم مېنىڭ،
ئەركىن، شات - خۇراملىق ئىلكىدە چاغىم مېنىڭ،
ىدا تۈزدۈڭ كۆرۈلگەندە ئەۋەن - داغىم مېنىڭ،
ىدى سەندىن يېقىن دۇنيادا ئامراغىم مېنىڭ،
ىدىڭ نۇرلۇق ھىدايەتكە مېنى دائىم، ئانا.

قىسمەتتىن دىلىڭغا بەزى ئازار يەتسىمۇ،
شامالللار ئارزۇ - ئارمانىڭنى ۋەيران ئەتسىمۇ،
مىسىز يىللار يۈكى قەددىڭ ئېگىپ، مۈكچەيتسىمۇ،
ى پەسلىڭنىڭ گۈزەل كۆركى - باھارى كەتسىمۇ،
ىدىڭ ئىنسانغا خاس خىسلەتتە، پالۋانىم ئانا.

ىمۇ تۆھپەڭ ئۇلۇغ، مىننەت، تامادىن خالى سەن،
كۆكۈل، ئەمگەك سۆيەر نەجدادىمىز تىمسالى سەن،
ا گۈلزار بۇ ھايات دۇنياسى، سەرخىل لالىسەن،

خانىمىزنىڭ ئابرويى ھەم تەلىيى، ئىقبالى سەن،
پارلىغان بەختىم كۆكىدە نۇرى چولپانىم، ئانا.

شۇ سەۋەپلەردىن ساڭا جانىم تەسەددۇق ھەرزامان،
قەرز ئۆمرۈر ئەجرىڭنى ئاقلاش، ئال مېنىڭدىن ئۇ
تەق تۇرۇپ خىزمەتلىرىڭگە، بولمىسام گەر قەھر
كەچ تامامەن، ئېيتما «ئوغلۇم» دەپ مېنى سەن
بۇ ساڭا بەرگەن ھەققى ئەھدۇ - پەيمانىم، ئانا

1984

## گۈل

تاڭ سەھەر چاغى ئېپاردەك خۇشپۇراق تارقاتتى گۈل،
جانۇ - تەننى خۇش ھوزۇرلۇق ئىلكىدە يايراتتى

جىلۋىگەر قىزدەك ساباغا يايدى سۇمبۇل ساچىنى،
نۇر جۇلاسىدىن بېشىغا شايى رومال ئارتتى گۈل،

ناز بىلەن قىلدى تەبەسسۇم، لېۋىگە ئەگلىك يېقى
ئاھۇدەك جادۇ كۆزى، قاشىغا سۇرمە تارتتى گۈل.

شاھ سەنەمدەك جاي ئېلىپ ھۆسنى لاتاپەت تەخت
بۇ گۈزەل باغ ھۆسنىگە چەندان گۈزەللىك قاتتى

ئەس - ھۇشى ئاغدى ھاياتلىق ئەھلىنىڭ بۇ مەر
كۆيچى بۇلبۇلنى قىلىپ مەس ئىشقىدا سايراتتى



شلىدى گۈلھەرىلەر گۈلشەندە توي تارتىپ غېچەك،
بھەرىگە ئەلنى قىلىپ رام، بەزمىنى قايناتتى گۈل.

ندا جەۋلان قىلىپ يۈرگەن كېنىزەكلەر كەبى،
وخ كېپىنەكلەرنى شەيدايى ئۇسۇل ئويناتتى گۈل.

داۋا دەرتمەن يۈرەكلەر رەنجىگە ئەيلەپ شىپا،
تومۇرلاردا ھاياتلىق ئابىنى ئۇلغايتتى گۈل.

ۈل ئېچىپ مەنمۇ ئىجادىمدىن ئېپار چاچسام» دېگەن،
ئۇلۇغ ئىستەكنى شائىر قەلبىدە ئويغاتتى گۈل.

1984 - يىل.

ئۆتكۈرنىڭ غەزىلىگە مۇخەممەس

ەل ئەخلاق تۇمار بولسۇن، ساڭا زۇننار كېرەك بولسا،
ۋاننى چىمەنزار قىل، گۈلى رۇخسار كېرەك بولسا.
ى ئەلنىڭ غېمىڭ بولسۇن ساڭا غەمخار كېرەك بولسا،
ڭنى دىلغا جا ئەيلە، ساڭا دىلدار كېرەك بولسا،
لەۋزىنى ۋىجدان بىل، ۋاپادار يار كېرەك بولسا.

ر دەشتىدە مەجنۇن سەن، مۇرات ۋەسلىن نىشان ئەيلە،
ىتۋارلىق، ساداقەتنى ئەزىز جىسمىڭغا جان ئەيلە،
ۋەتنىڭ تاماسىدىن ئۆزۈڭ تەركى جاھان ئەيلە،
كەش بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغرىڭنى قان ئەيلە،
ت - مەقسەت گۈلى كۈلگەن گۈلى گۈلزار كېرەك بولسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاپاسىزلار مۇھەببەتنى تۇتالماس جانىۋ - تەن ئىچرە،
قۇرالماس چىن ۋىسالنىڭ سۆھبىتىن ئەنجۇمەن ئىچرە،
ھەسەل ھەرە ئەمەسكىم، ھەققى يوقتۇر بالۇ - قەن ئىچرە،
تىكەننىڭ رەنجىدىن قورققان كىرەلمەس بۇ چىمەن ئىچرە،
جاپانى جانغا راھەت بىل، ساڭا دىلدار كېرەك بولسا.

ئەمەس تاھىر، ئەگەر ھىجران سېلىدە ئاقمىسا ئاشىق،
كۆرەلمەس غايە - مەنزىلنى يىراققا باقمىسا ئاشىق،
يېگەر توسقۇن - خەتەرلەرنى جاپادىن قاچمىسا ئاشىق،
جاپا مەڭگۈ ئەمەس ھەرگىز، ئەقىدە ساقلىسا ئاشىق،
ئۈمىتنى رەھناما قىلغىن، ساڭا سەردار كېرەك بولسا.

كىمىكى بەل بوشاتماستىن داۋام مەنزىل تامان يۈردى،
يېتىپ مەشۇق ۋىسالىغا، مۇرات بەزمىسىنى قۇردى،
مۇھەببەت جامىدىن كەۋسەر ئىچىپ ئىشق پەيزىنى سۈردى،
كۆرۈڭ بۇلبۇل كېچە يىغلاپ، سەھەر گۈل ھۆسنىنى كۆردى،
بۇنىڭدىن ياخشى ئۆرنەك يوق، يەنە بىسيار كېرەك بولسا.

قۇيۇچنى تاۋلىغاي بازغان، ساپال - داشقال سۇنار چۇل - چۇل،
بولالمايدۇ پەقەت كىشنەش بىلەن قىرچاڭغۇ ئات دۇلدۇل،
ئاتالمايدۇ يېشىل تۇسلۇق گىيانىڭ ھەممىسى سۇمبۇل،
لېكىن سايراش بىلەن تۇتى بولالماس ھېچقاچان بۇلبۇل،
ئېلىڭ شاتۇتىدىن ئىبرەت، نومۇسۇ - ئار كېرەك بولسا.

يىراقتىن قار كۆرۈپ تاغدا، پەسلنى چاغلىما قىش سەن،
يېقىنلاشساڭ ئاڭا بەلكىم، كۆرۈنگەي باغرىدا گۈلشەن،
ھىجىر دەردىنى چەككەنلەر مۇرات پەيتى بولۇر خۇرسەن،



جۇلۇن سەھرايى گەر چەكسىز، ھەقىقەت مەنزىلى روشەن،
ئېلىڭنىڭ ئىشقىنى كۈيلە، ساڭا ئەشئار كېرەك بولسا.

1984 - يىل، قەشقەر.

## ياشلىقىم

نۇر چېچىپ سۆيگۈ قۇياشى پارلىغان،
نەۋ باھار — ئالتۇن چېغىم سەن، ياشلىقىم.
قۇچىقىدا سەيلى، مەشرەپ قايىنىغان،
مىسلى جەننەت گۈل بېغىم سەن، ياشلىقىم.

ئىلمۇ - پەن سالدى جېنىمغا زوق مېنىڭ،
شۇ نىگار ئىشقىدا كۆڭلۈم توق مېنىڭ،
ئۆزگىچە ئارزۇغا مەيلىم يوق مېنىڭ،
ئەلۋىدا، ئەمدى ساڭا بەڭۋاشلىقىم!...

مەن تەسەددۇق قىلمىسام جانانغا جان،
قازمىسام چىن سۆيگۈدىن ئىلھامغا كان،
كۆزلىگى قايدىن كېلۇر خامانغا دان،
بولمىسا تەرگەن زىرائەت — ئاشلىقىم؟!

ئايلىنىپ ئەل ئىشقىدا پەرۋانىغا،
ھەمسەپەر بولدۇم چېلىش كارۋانىغا،
ياشلىقىمنى يەتكۈزەر ئارمانىغا،
چىن ئىرادە، غەيرىتىم، بەرداشلىقىم.

1982 - يىل، ئاپرېل، قەشقەر.

## گۈل بىلەن كېپىنەك

(مەسەل)

كۆز چاقناتقان رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر
كېپىنەكتە قوزغىدى ھەۋەس.
بولدى خۇشبۇي شىرنىنى ئىچىپ،
ھوزۇر - راھەت شارابىدىن مەس.

ئەيلەپ گۈلگە ئىشقىنى ئىزھار،
شۇڭا مۇنداق باشلىدى سۆزنى:
— ئەي گۈزەللەر ئەھلىنىڭ شاھى،
چىن يۈرەكتىن سۆيىمەن سىزنى.

مۇشۇ لەۋزىم بولۇپ قەسەميات،
سۆيگۈم ئۈچۈن بەرسۇن گۇۋالىق.
باغرىڭىزنى ئېچىڭ ئامرىقىم،
سۆيۈپ ئويناي سىزنى خۇمالىق...

كېپىنەككە جاۋاپ بېرىپ گۈل،
لەۋلىرىدىن تۆكتى دۇر - ئۈنچە:
— كۆرۈنگەننىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ،
جېنىڭىزنى قىينىماڭ مۇنچە.

بىرەلمەيمەن سىزگە كۆڭلۈمنى،
بۇلبۇلۇم بار مەيلىمنى تارتقان.



كېپىنەكلەردە ئۇيقۇدىن بىدار،
سۆيگۈسىنى ناخشىغا قاتقان.

ئۇ ئىشقىمدا لەختە قان يۇتۇپ،
شۇ ئازاپتىن تاپىدۇ راھەت.
ئۇنىڭ كۆڭلى خالى تامادىن،
جىسمىغا يار ۋىجدان، ساداقەت.

سىزنى ھازىر ئاشىق قىلغىنى،
مېنىڭ شىرنەم ... راھەت تاماسى.
جاپا چەكمەي، راھەت ئىزلىگەن،
مۇھەببەتنىڭ يوقتۇر مەناسى.

1984 - يىل.

## ئىلىم - پەن جەڭچىسىگە

ئەي، ئىلىم - پەن جەڭچىسى، تاپتىڭ بۈگۈن بەختىڭنى سەن،
ھۆر ۋەتەن بوستانلىرىغا سىڭدۈرۈپ ئەجرىڭنى سەن.

جانىجان كومپارتىيە ئىقبال يولىنى ئاچتى كەڭ،
ئاتىدىڭ بۇ «تۆتلەشتۈرۈش» نىڭ يولىغا قەلبىڭنى سەن.

قىش - زىمىستان، جۇت كېتىپ، كەلدى مانا كۈتكەن باھار،
شۇ باھار قوينىدا تاپتىڭ ئېتىۋار - قەدرىڭنى سەن.

كۆك تىرەپ مۇنبەت زىمىندا ياشنىغان چىنار ئىدىڭ،
ئەگمىدىڭ ئالۋاستىلار ئالدىدىمۇ قەددىڭنى سەن.

لاپچىلار تەڭلەپ قىلىچ، ھەرقانچە ھەيۋە قىلسىمۇ،
ئوق قىلىپ ئاتتىڭ رەقىپلەر كۆكسىگە قەھرىڭنى سەن.

مەرىپەت گۈلشەنلىرى ياشناپ - كۈلۈپ چاچتى ئىپار،
بېرىلىپ قىلدىڭ ئىجات، دىلدىن سۆيۈپ خەلقىڭنى سەن.

ئەمگىكىڭ - تەرىڭ بىلەن قۇچتۇڭ شەرەپ - شان ئەل ئۈچۈن،
تەقدىم ئەتتىڭ ئۆز دىيارىڭغا باھار پەسلىڭنى سەن.



ئىش - ئىزىڭ داستان بولۇپ دىللاردا ئىلھام قوزغىدى،
ئاقلىدىڭ ئىشەنچىمىزنى، ئۇنتۇماي ئەسلىڭنى سەن.

بۇ چىمەننىڭ بۇلبۇلى سۆيگەن كەبى گۈل - غۇنچىنى،
قەدرىگە يەتتىڭ سۆيۈپ نۇرلۇق گۈزەل دەۋرىڭنى سەن.

ئۆرلىگىن، بۈركۈتسىمان تىك چوققىغا پەرۋاز ئۇرۇپ،
يارىتىپ زور مۆجىزە، ئورۇنلىغىن ئەھدىڭنى سەن.

1980 - يىل، ماي، ئۈرۈمچى.

## بوستان ئېلى

گۈزەل ئېلى، گۈلشەن ئېلى، بەكمۇ گۈزەل بوستان ئېلى،
مەن ئۈچۈن ئىلھام بەخش ئەتتىڭ يازاي داستان، ئېلى.

ئارزۇلاپ بارغان چېغىم ئاچتىڭ ماڭا ئىللىق قۇچاق،
باق دىدىڭ، سالدىڭ ئىسىل نېمەتكە باي داستىخان، ئېلى.

كەڭ قۇچاغىڭنى كېزىپ، بولدۇم ئەجەپمۇ شادىمان،
قانمىدىم ھۆسنۈڭ كۆرۈپ، دىلدىن سۆيۈپ جانان ئېلى.

ھۆر ھايات بوستانىنى نۇرلاندۇرۇپسەن تاڭ كەبى،
شان قۇچۇپ، ئۆرلەپ ھامان غالىپ قەدەم باسقان ئېلى.

باغلىرىڭ شەربەت مىۋە، يايلاقلىرىڭ چارۋىغا باي،
كەڭ ئېتىز ئاشلىق كېنى، دانغا تولۇق خامان ئېلى.

قان ـ قېرىنداشلار ئىناق، قەلبى تۇتاش نىشانى بىر،
سېنى قوغداش بۇرچىمىز ھەم بەختىمىز، قورغان ئىلى.

تەسىراتقا لىقمۇ ـ لىق تولدى بۇ كۆڭلۈم دەپتىرى،
يازغىنىم مىڭدىن بىرى، يەنە يازارمەن جان ئىلى.

1981 ـ يىل، ماي، غۇلجا.

## شەرەپلىكمەن

مېنىڭ نامىم مۇئەللىمدۇر، شەرەپلىكمەن ئۆزۈم بۇندا،
قاباھەتلىك ئۇ چاغلاردا ئۆتتۈمسىزدى سۆزۈم بۇندا.

كۆرەڭلەپ بىر رەزىل مەخلۇق دىگەندە «سەن قارا نەرسە»،
دىگەنتىم مەن: «بىلىپ قويىكى، قارا بولماس يۈزۈم بۇندا».

تۇمان تارقاپ، قۇياش پارلاپ، رەزىللىك بولدى شەرمەندە،
قاراڭ، نۇرلاندى ياش تۆكمەي مېنىڭ ئۆتكۈر كۆزۈم بۇندا.

ئۇماق غۇنچە ـ چېچەكلەر تەلپۈنۈپ، دەيدۇ مېنى: باغۋەن،
خۇشالمەن، بەختىيار قىلدى، ئادالەتلىك تۈزۈم بۇندا.

1983 ـ يىل، ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## ئەدەپ ـ ئەخلاقنى يار ئەيلە

ئەزىز دوستۇم، قۇلاق سالغىن، سۆزۈمگە ئېتىۋار ئەيلە،
گۈزەللىكنى سۆيۈپ جاندىن، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى يار ئەيلە.



ئۇلۇغ ئەجدادىمىز سۆيگەن ئىسىل خىسلەت بۇ ئەڭگۈشتەر،
قەدىرلە كۆز قاراغىڭدەك، ئۇنى سەن تىل تۇمار ئەيلە.

كى ئەجدادلار تىلى، قەلبى، مۇھىتى، ھەركىتى ئۈلگە،
ئۇلار سۆيگەننى سۆيمەكنى ئۆزۈڭگە كەسپىي كار ئەيلە.

گۈزەللىك ھەم ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىلىم ـ پەن ئۈلپىتى دائىم،
سۆيۈپ جاندىن ئىلىم ـ پەننى، ھەمىشە دىلخۇمار ئەيلە.

ئىلىم ـ پەن بېغىغا ئەمدى خازان بولماس باھار كەلدى،
بولۇپ بۇ باغدا سەن بۇلبۇل، گۈللۈكنى بەختىيار ئەيلە.

ئىلىم ـ پەن كانىنى قازغىن (بۇ ئالتۇندىن ئىسىل بايلىق)،
بۇ يولدا ھارمىغىن ئەسلا، ئۆزۈڭنى زەربىدار ئەيلە.

ئەزىز ياشلىق باھارىڭنى بىھۇدە كەتكۈزۈپ قويما،
قىلىپ تەقدىم ئۇنى ئەلگە، ۋەتەننى گۈل دىيار ئەيلە.

بىراۋغا مەسلىھەت بەرمەك ئاساندۇر، سادىرى، بىلسەڭ،
بىجا قىل سەن ئۇنى ئەۋۋەل، ئىزىڭنى لالىزار ئەيلە.

1983 ـ يىل، ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## باغۋەن قىز

ئى باغۋەن قىز، ئىش ـ ئەمگەكتە راسا پىشقان ئىكەنسىزغۇ،
يۈرەكتىن ئاپىرىن سىزگە، ئەجەپ ئىشچان ئىكەنسىزغۇ.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قايىل ئىشقىڭىزغا، غەزەل ياردىم ئاتاپ سىزگە،
ئەجەپ رەنا، ئەجەپمۇ ئۈز، گۈزەل ئىنسان ئىكەنسىزغۇ.

تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ «باققا كىرەيلى» دېدىڭىز باشلاپ،
شۇنى مەنمۇ كۆتەردىمكى، گۈلى رەيھان ئىكەنسىزغۇ.

شېرىن - شەربەتكە تولغان باغ، تەرىپ - تەۋسىپكە مىڭ لايىق،
يازار بولسا ئەگەر شائىر، يېڭى داستان ئىكەنسىزغۇ.

ياراشىپتۇ بويىڭىزغا چىمەن دوپپا بىلەن ئەتلەس،
سەنەم ھەم لەيلىدىن ئارتۇق پەرى جانان ئىكەنسىزغۇ.

تالاي ناخشا - غەزەللەر شەنىڭىز ھەققىدە ئېيتىلغان،
دىلىغا دوست - يارانلارنىڭ نەقىش ئويغان ئىكەنسىزغۇ.

ئەدەپ - ئەخلاقتا چىن ئۈلگە، يەنە ئەمگەكتە باشلامچى،
بىلىم ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ يانغان ئىكەنسىزغۇ.

بىراۋ ياردەمگە مۇھتاجكەن، ئايانمايسىز ئۆزىڭىزدىن ھېچ،
ۋەتەن، خەلق مېھرىدىن چەكسىز قۇۋۋەت ئالغان ئىكەنسىزغۇ.

دىبان رەھمەت بىلەن ئالقىش كىشىلەر باقتى ھۆرمەتتە،
يۈرەكلەرنىڭ قېتىدىن چىڭ ئورۇن ئالغان ئىكەنسىزغۇ.

1984 - يىل، ئىيۇل، قەشقەر.



## مېھرىم رىشتى ئۈزۈلمەس

باھار پەسلى، ئانارلىق باغ چۆمۈپ نۇرغا،
باققا يەنە يېڭى ھۆسىن قېتىلىپتۇ.
كۆك ياپراقلار بېزەپ يۇمران نوتىلارنى،
شاخلار ئارا ئوتتەك گۈللەر ئېچىلىپتۇ.

كۈز پەسلىدە باقتىم ئاڭا ھەۋەس بىلەن،
يار مەڭزىدەك قىزىل ئانار يېتىلىپتۇ.
كۆتىرەلمەي پىشقان، سەرخىل ئانارلارنى،
ئەۋرىشىم بەل شاخلار مەيىن ئېگىلىپتۇ.

ھاياجاندا بىرنى ئۈزۈپ تەككۈزسەم لەۋ،
شېرىنلىكتىن ئانار لىۋىم يېرىلىپتۇ.
كېتەلمىدىم ئانارلىق باغ قۇچىغىدىن،
چۈنكى، مېھرىم رىشتى ئاڭا چېتىلىپتۇ.

1984 - يىل، سىنتەبىر، قەشقەر.

زەينۇرە ئەيسا

## بۇ سىرلارنى كىم يېشەر،
## سىنىڭ بىلەن مەن يەشمەي

(سىكىل)

**ئەگەر باھار بولغاندا ئۆزۈم**

ھەر يۇرەكتە چەكسىز سۆيۈنۈش،
باھار سىنىڭ ھېكمەتلىرىڭگە.
مەنمۇ خۇشتار يىلدا بىر قېتىم،
ئېلىپ كەلگەن نېمەتلىرىڭگە.

بارچە شاخقا يوپۇرماق سوغا،
ياقۇت چىچەك تاج تاقايسەن.
كەڭ زېمىننى جانان قىز ساناپ،
يۈزىگە گۈللۈك ياغلىق ياپارسەن.

**دەرىزىلەر**
سىغىندىم ئەجەپ،
دىيىشىپ ساڭا ئاچىدۇ قۇچاق.



تاغ سۇلىرى ئېچىپ ئۇيقىسىن،
زەر ئاپتاپقا چاچىدۇ مۇنچاق.

سەن گوياكى ئۇستا بىر رەسسام،
ئۇستا نەققاش، ماھىر كەشتىچى.
سەن گىرىمچىك، ياق، بىر ئىجاتكار،
يەتمىش ئىككى ھۈنەرلىك ئىشچى.

سالساڭ يېشىل گىلەمنى تاققا،
مۇقام توۋلار قوزىلار سەكرەپ.
تەنتەنىنى يېتەكلەر دىخان،
سىنىڭ بىلەن بەسلىشىپ ھە دەپ.

ئىخ! باھارىم، سىنىڭمۇ بەلكىم
ئارمانلىرىڭ باردۇ مەن كەبى.
بولغۇڭ كېلەر غايىلىك ئىنسان،
بولغۇڭ كېلەر ۋە ياكى سەبى.

ئەگەر باھار بولغاندا ئۆزۈم،
كۆرسىتەتتىم سەندىن كۆپ ھۈنەر.
ئۈندۈرەتتىم تەكلىماكانغا
يۇلغۇن ئورنىغا مەرۋايىت - گۆھەر.

**مۇبادا ياز بولغاندا ئۆزۈم**

ئەزىمەت تاغ بىزنىڭ خانتەڭرى،

زېمىن كۆركى — ئاسمان تۈۋرىكى،
قانچە ئەسىرنىڭ مۇڭىغا مۇڭداش،
خانتەڭرىنىڭ ھەيۋەتلىك بۆكى.

قار - مۇزلاردىن پۈتكەن ئەشۇ بۆك
ئېرىش نېمە؟
بىلىپ باقمىدى؛
تونۇر تەپتى تومۇزلاردىمۇ
ئېرىمىدى (سۇ بوپ ئاقمىدى).

ئەگەر تومۇز بولغاندا ئۆزۈم،
خانتەڭرىنىڭ بېشىن ئاچاتتىم.
بۇ يېڭىلىق شەنچۈن شۇندا
يۈرەك قېنىمنى زەر قىپ چاچاتتىم.

بارچە مۇزنى ئېرىتىپ دەرھال،
تاغ بېشىنى كۆرۈپ باقاتتىم.
بۈيۈك خانتەڭرىم،
پىشانەڭدىكى -
بەختنامىنى ئوقۇپ باقاتتىم.

## بىلگىنىمدە دەريا تىلىنى

بىلسەم ئەگەر دەريا تىلىنى،
«سالام!» دەيتتىم، توختايتتى تارىم:
مۇڭدىشاتتىم ئۇزۇندىن ئۇزاق،
كۆندەشلىكتە ئۆلسىمۇ يارىم.



ئالەمدىكى دەريا بارچىسى،
دېڭىزلارغا جامىنى تۆكسە؛
دولقۇنلىرى دولقۇننى قوغلاپ،
دېڭىزلارنىڭ ئىشىگىنى چەكسە.

ئەجىبا، سەن قۇملۇق تېگىدە،
دېڭىزدىن خوپ تاپتىڭمۇ ساراي؟!
ھېچكىشىگە بەرمەي سىردىڭنى،
يەر تېگىدە شۇڭغۇيسەنغۇ - ۋاي!

بارمىدۇ - يە قۇملۇق تېگىدە،
يەر يۈزىدىن ئالى بىر دۇنيا.
ئاھ، سېنىڭكى يوشۇرغان سىرىڭ،
يۈرىكىمنى قىلدى مەھلىيا.

سېلىپ كىرە دولقۇنلىرىڭغا،
مەنمۇ كىرسەم قۇملۇق تېگىگە.
يېشىپ سىرنى قېزىپ گۆھەرلەر
سوغا قىلسام پارلاق ئەتىگە.

مەھەممەتجان راشىدىن

## قەشقەرغە خەت

بارغانلاردىن قانچە رەت ساڭا،
سالام ئېيتتىم سېغىنىپ، قەشقەر.
شېئىر بولدى سېغىنىشلىرىم،
ئاخىر مانا يېغىلىپ، قەشقەر.

بولار ئىكەن يىراق بىلەنمۇ
سالام بېرىپ ئامانلاشقىلى.
سېغىنغانغا ئىنتىزارلىقتىن،
خەتلەر يېزىپ سالاملاشقىلى.

ئىنتىزارمەن ساڭا ئۇزاقتىن،
دىدارىڭنى كۆرەلمەي، قەشقەر.
ھېيتكادا ساماغا چۈشۈپ،
بەشكىرەمدە يۈرەلمەي، قەشقەر.

جىق كىيگەنمەن باللىغىمدا،
سېنىڭ ماتا، چەكمەنلىرىڭنى.
جىق كۆرگەنمەن «مۇساپىر» ئاتلىق،
غېرىپ - مىسكىن، دەرتمەنلىرىڭنى.



ئۆيىمىزنىڭ ئۈستىدە چوڭ يول،
تۈندە يىغلاپ ئۆتەتتى غېرىپ.
«قەشقەرلىقمەن!» دەيتتى ئۇمۇ ھەم،
«ئۆزەڭ كىم؟» دەپ سورىساڭ بېرىپ.

چىققان ئىكەن مېنىڭ بوۋاممۇ
سەندىن، قەشقەر، ئۇزۇن يول بېسىپ.
ھەيدىگىنى بىر قوتۇر ئېشەك،
خۇرجۇن ئارتىپ، مۇزاتنى ئېشىپ.

بىلسەڭ، قەشقەر، شۇلاردىن چىققان،
«ھۈنەر» دىگەن بىزنىڭ ئىلىغا.
ياشاپ ئۆتكەن ئۆز تېرى بىلەن،
تەككەن ئەمەس خەقنىڭ قىلىغا.

بىرى ئاشپەز، بىرى سامسىپەز،
بىرى ناۋاي، بىرى كاۋاپچى.
ئاياللىرى ئۆزىدىن چېچەن،
باللىرى — ئاندىن راۋاپچى.

ئىلىلىقنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى
دۇكان ئېچىپ ماي قىلغان شۇلار.
خاڭلىرىدا قىش بويى ئىشلەپ،
بەگلىرىنى باي قىلغان شۇلار.

نەينى كۆردى شۇلاردىن ئىلى،
يىغا تۇتتى ئاڭلىغانلارنى.

قىلىپ قويدى ئۆزەڭگە ئاشىق،
قەشقەر ساڭا بارمىغانلارنى.

ئالايلىرى ئۆتتى شۇلارنىڭ،
ئۆر ئالدىغا ياقالماي چىراق.
كەتمەي دىسە ئۆلۈم قىستايدۇ،
كېتەي دىسە، قەشقەر سەن يىراق.

ئاڭ قالاتتىم ھەسرەتلىرىگە،
ناخشا ئېيتىپ شۇلار «ئۇھ» تارتسا.
ئاڭ قالاتتىم «قانداق جايدۇ؟» دەپ،
قەشقەر سېنى ناخشىغا قاتسا.

شۇ ناخشىلار، ئاھ، شۇ ناخشىلار،
ھىكمەت ئىدى، ھۆكمەت ئىدى ھەم.
تىڭشىغانغا زامان سىررىنى
چۈشەندۈرگەن سۆھبەت ئىدى ھەم.

شۇلار ماڭا بىلدۈرگەن سېنى،
ئاڭلىغانمەن سېنى شۇلاردىن.
شۇلار كىيگەن جەندىلەر ماڭا،
ئارتۇق بولغان شايى، تاۋاردىن.

ئاڭلىغانمەن سېنى شۇلاردىن،
قوغۇنلىرى تىلنى يارار، دەپ.
يىگىتلىرى توغاچتەك رەڭدار،
قىزلىرىڭ خۇددى ئانار، دەپ.



باغۋىنىڭنى مېھماندوست دەيدۇ،
جەننەت ئىكەن ئەنجۈرلۈك باغلار.
بارار ئىدىم بالا بولسامۇ،
ئارىلىقتا بولمىسا تاغلار.

سەندىن ـ قەشقەر، يېتىمچىلەرمۇ،
چىققان ئەمەس يامانلاپ سېنى.
تېنىمەمدۇ تىرەكسىز يوقسۇل،
تۇرسا زۇلمەت قاماللاپ سېنى؟!

×

ئۇ تارىخنىڭ تەڭسىز كۈنلىرى،
بولۇپ قالدى بۈگۈن بىر چۈشتەك.
ئارمانلىرىم كەلمەكتە ئەمما،
ھەل بولمىغان ئۇلۇغ بىر ئىشتەك.

ئارمانلىرىم شۇ ئىدى مېنىڭ،
دىدارىڭنى بىر كۆرسەم دىگەن.
گۆھەر بىلىپ چىمدىن توپاڭنى،
كۆزلىرىمگە بىر سۈرسەم دىگەن.

ئارمانلىرىم ئۇلغايغان چاغدا،
يىگىت بولدۇم — قالدى بالىلىق.
ئۆتتى يەنە شۇ ئارمان بىلەن،
ئۆمۈردىكى ئۇزاق ئارىلىق.

شۇ ئارزۇدا كەتتى يىللىرىم،
بىردە قوپسام، بىردە يىغلىدىم.
«پەلەك» دىگەن كاج كەلدى ئالدىن،
بىردەم بۇندىن چەتكە قېقىلدىم.

سېنى قەشقەر، تۇرمىلەردىمۇ،
ئۇنۇتمىدىم، ياد ئېتىپ ياتتىم.
غەم باسقاندا ناخشاڭنى ئېيتىپ،
ئۆزەمنى خۇش ـ شات ئېتىپ ياتتىم.

زامان ئاقلاپ مېنى باشقىدىن،
ھەق سوتنىڭ جاكاسى بىلەن؛
بۈگۈن مانا چىققىم خوشلىشىپ
شۇ مۇھىتنىڭ جاپاسى بىلەن.

قۇچاقلىدى ئانا يۇرت مېنى،
قۇچاقلىدى ياد ئېلىگەنلەر.
«كېلىدىكەن كەتكەنلەر، ـ دىدى، ـ
كەلمەيدىكەن كەتمەنلىگەنلەر».

سالام! دىدىم قولۇم كۆكسۈمدە،
ئاۋال يازدىم ساڭا بۇ خەتنى.
جاكالايمەن شۇ مەكتۇپ بىلەن،
قەلبىمدىكى بىر مۇھەببەتنى.

بارغانلاردىن سالام ئېيتىمەن،
يانغانلاردىن سورايمەن سېنى.



يىمىش كەپتۇ قەشقەردىن، دىسە،
قاقلىرىڭدىن پۇرايمەن سېنى.

نان جىگدەڭنى سېلىپ ئاغزىمغا،
نان يىگەندەك بولدۇم سېنىڭدىن.
يىگىنىمدە ياڭاقلىرىڭنى،
بۇ سېغىنىش ئۆتتى جېنىمدىن.

بىلدىم ئەمدى تەھقىق راست ئىكەن،
بوسۇغىنى «داۋان» دىگەن گەپ.
شۇندىقتىمۇ كۆرمەككە سېنى،
مەن ئېتىمنى تۇردۇم ئىگەرلەپ.

خېتىم كەتتى ئۆزەمدىن ئاۋال،
بەرگىنىم شۇ ساڭا سالام، دەپ.
قوبۇل قىلغىن، قەشقەر، ئىلىدىن ـــ
سالام بەردى، ئەزىز بالام، دەپ.

## پاكلىق

پەزىلەت بابىدا ئىنسان ئۈچۈن مەرمەر ئىرۇر پاكلىق،
كىشىلەر جىسمىنى چولپان يۇزىدەك نۇر قىلۇر پاكلىق.

ئىبادەت قەۋمىمۇ تەستىق ئۇرار باش لىڭشىتىپ تەھقىق،
دىسەم، سىزلەر ئۈچۈن ئاۋال ئىبادەتتىن زۆرۇر پاكلىق.

ھارامدىن تاپقىنىڭ بايلىق ئەمەس، ئەكسىچە مەينەتتۇر،
ھالاللىق ئەھلىگە ئاۋال ئۆزى بايلىق، غورۇر پاكلىق.

ھوزۇرنىڭ تەبىرى نە؟ دەپ سورار بولساڭ، جاۋابىم شۇ:
بېھىشنىڭ پەيزىدىن ئارتۇق بىرەر سەنچۈن ھوزۇر پاكلىق.

ئەگەردە بەيگىگە چۈشسە تىرىكلىكتە جىمى خىسلەت،
ئۇنىڭدا يوقكى ھېچ شۈبھە: جىمىدىن ھەم ئۈزۈر پاكلىق.

ئۇنىڭدەك مەرتىۋە بولماس جاھان مەنسەپلىرى ئىچرە،
پەزىلەتلەر ئارا مەڭگۈ جىمىگە تۇغ بولۇر پاكلىق.

ئۇ بولماس پارىخور، كاززاپ، خىيانەتكار بىلەن ئۇلپەت،
ئۇلارنى ئەكسىچە ھەردەم تۈمەن تەستەك ئۇرۇر پاكلىق.

كىشى رىسقىغا كۆز سالدىڭ، دىمەك، لەنەتكە قالدىڭ سەن،
كىمىكى كىرسە شۇ يولغا ئۇنى دۈشمەن تونۇر، پاكلىق.

قاياشۇ – ئاشىغى كۆپتۇر، ئىشەن، كىرسىز يۈرەكلەرنىڭ،
دىگەيكىم ھەر كىشى چىندىن ئۆزىگە قان تومۇر پاكلىق.

ئەگەر قامەت دىسەڭ، دوستۇم، ئۇنىڭدەك قايدا يۈكسەك تاغ
جاھاندا بارچە تاغلاردىن سىياقى – قەددى زور پاكلىق.

جاھاندىن پاك ئۆتۈش ئىشقى بىلەن بۇندا ياشار بولساڭ،
ئاتا قىلمامدىغان سەنچۈنمۇ ھەم ئۆلمەس ئۆمۈر پاكلىق.

1984 – يىل، يانۋار.



سەمەت دۈگايلى

## دېڭىز بولۇپ شاۋقۇنلار دىلىم

(سىكىل)

سېنىڭ ماڭا بولمىسا ئىشقىڭ،
بۇ مىسرالار پۈتۈلمەس ئىدى.
كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈلمەس ئىدى،
زىبا قەددىڭ پۈكۈلمەس ئىدى.
ھەرقانچە ھېس بولسىمۇ مەندە،
بۇ شېئىرغا تەئەللۇق پىكىر
ئارىمىزدا ئۆتۈلمەس ئىدى...

1984 – يىل، ئىيۇن، ئاۋغۇست، تيەنجىن – بېيجىڭ.

### ئاھ، دېڭىز

مەن قەشقەردىن كەلدىم سېنىڭ بويۇڭغا،
كۆرۈپ سېنى باسقان يوللار ئۇنتۇلدى.
كۆرۈپ سېنى ئېتىلدىم تېز قوينۇڭغا،
ھاياجىنىم شاۋقۇنىڭغا قېتىلدى.

ئاھ، كۆك دېڭىز... كۆردۈم سېنى تۇنجى رەت،
كۈلۈمسىرەش سەزدىم شۇئان بېتىڭدىن.

سەنمۇ ماڭا قويۇپ دەسلەپ مۇھەببەت،
يېپىلغاندەك كۆرۈندۈڭ ئىچ - ئىچىڭدىن.

زوق ئويغىتار تۇيغۇلارنى ئىزلىسەم،
ئەمەس رەڭگىڭ، ئەمەس ھەرگىز كەڭلىكىڭ.
رەڭ دىگەننىڭ تالايىنى كۆرگەنمەن.
ئۆزەمدىمۇ بار تەپەككۇر كەڭلىكىم.

سەن تىنىمسىز، پاتمايكەنسەن قىنىڭغا،
ئۆتكۈزۈپسەن مىليون ئەسىر كۆۋەجەپ.
قانداق كۈچتۇر مەدەت بەرگەن قىنىڭغا،
ئۆركەشلىدىڭ شوخلۇقمۇ يا زور غەزەپ؟

قۇچىغىڭدا بېسىپ ياتقان زېمىننى،
يېشىڭ بىلەن تەڭ سىرلارغا يوشۇردۇڭ.
ئىنسانلارغا بەردىڭ پەقەت بېتىڭنى،
ئىچ - باغرىڭنى كۆرسىتىشتىن قاچۇردۇڭ.

تاش قىرغاقلار يۈيۈلاركەن سۈيۈڭدىن،
زېمىن كېلەر ھۆكۈرسەڭ لەرزىگە.
شاۋقۇنىڭدىن چىققان سادا - ئۈنۈڭدىن،
كۆكمۇ تارتار ئىكەن سۈربەت يۈزىگە.

سۈئاللاردىن ئېسەنكىرەپ يۈرىشتىن -
ئەۋزەل كۆردۈم قۇچىغىڭغا كىرىشنى.
ئاجايىپ بىر تۇيغۇ سەزدىم ئۈزۈشتىن،
ھوزۇر بىلدىم دولقۇنىڭنى يېرىشنى.



سەزگەندەكمۇ بولدۇم بىر پەس سىرىڭنى،
قاينىمىڭغا سۆرىگەندە زورۇقۇپ.
ئەندىكىشتىن ئالالمىدىم دېمىمنى،
كەتتى تېنىم بۇژغۇنۇڭغا قوشۇلۇپ.

شۇندا ماڭا شۇنچە ھەيۋەت بىلىندىڭ،
شۇندا ماڭا بەك قەدىرلىك تۇيۇلدۇڭ.
ئىللىقلىقتا ئەجەپ لەززەت بىلىندىڭ،
كۈچ - قۇۋۋەتتە ھەم قىممەتلىك تۇيۇلدۇڭ.

قىرغىقىڭدا، سەن لەۋ ئۇرغان قۇمۇڭدا،
تۇردۇم ئۇزاق، ياتتىم ئۇزاق يۇمىلاپ.
دولقۇنىڭغا ئوخشاش ھىس دىل قېتىمدا،
ئۆركەشلىدى گويا ئۇمۇ شاقىراپ.

يېقىنلىقىڭ — مېنىڭ قەلبىم، دىلىمدا،
ھىسلىرىمنىڭ ساڭا ئوخشاش بولغىنى.
مەن كېتەلمەي قالغانلىقىم يېنىڭدا،
خىسلىتىڭنىڭ يۈرىگىمگە تولغىنى.

1984 - يىل، ئىيۇل، تىيەنجىن.

## تۇماندىكى پىرىستان

سۈرلۈك، قېلىن بۇلۇتلار ئوخشايدۇ كۆك كۈنلۈككە،
ھاۋا تۇتۇق بولسىمۇ ياغماس يامغۇر شۇ سەۋەپ.
لېكىن. كۆزگە تارتىلغان ئاقۇش تۇمان كۆككىچە،
تىنچىتۇ ھاۋا شامالسىز. دېمىق كەتمەس تۆپۈلەپ.

www.uyghurkitap.com

پەرىستانغا ئۇرۇلار، دېڭىز ھەيۋەت شاقىراپ،
بوغۇق ئۇنى گوياكى بوغۇلغاندەك ئۇماندىن.
ئاجايىپ زور قىرغاقلار تەڭنە ئوخشاش ئىڭغاڭلاپ،
يۇلقۇنىدۇ زەنجىردىن زىرىككەندەك قىياندىن.

چىقىپ كەلدى يىراقتىن رەتسىز ئۈزۈپ كېمىلەر،
يەلكەنلىرى تارتىلغان ماچتىلىرى كۆرۈنمەس.
كېلەر يەنە ناخشىلار، شاۋقۇن كۈيدەك بىلىنەر،
ناخشىلارنىڭ ئەۋجىدىن قىيان ئۇنى بىلىنمەس.

كېلەر بۇياق كېمىلەر، كېتەر ئۇياق دولقۇنلار،
سالام بېرىدۇ بېلىقچى پەرىستانغا ئېگىلىپ.
بۇ يەر ئۇنىڭ ماكانى، تونۇش قىرغاق ئۇپقۇنلار،
لېكىن شۇ تاپ مېھماندەك نارشى ئالار بېرىلىپ.

لەيلەپ تۇرغان بوز تۇماندا پەستىلا سۇرۇلدى،
ئاسمان يۈزى كۆكىرىپ، كەچكى شەپەق كۆرۈندى.
خوشال ئۇنلەر ئەۋجىدىن شاۋقۇن ئاستا بېسىلدى،
پەرىستاننىڭ جىملىقى كۈلكىلەردىن بۆلۈندى.

1984 - يىل، ئاۋغۇست، چىڭخۇاڭداۋ.

## ماۋزۇسىز

كۆكتە يامغۇر دېڭىزى، پەستە دولقۇن،
كۆرۈنمەيدۇ يا زېمىن، ياكى ئاسمان.
دېڭىز بويى ئادەمسىز، لېكىن شۇ تاپ،
تەبىئەتتە بولماقتا كاتتا ئىسيان.



شاقىراش ھەم گۈرۈلدەش زور توپىلاڭ،
جىمجىتلىقنىڭ ئۈستىدىن تارتتى قوشۇن.
مەن تۇرىمەن سۈكۈتتە ئۆزۈم يالغۇز،
باشتا يامغۇر ھۆججىدا، پەستە بوزغۇن.

بىلمەس ئۇلار ئۆزۈم جىم، دىلىم لىق ھىس،
پىكىرلىرىم لاۋۇلداپ كۆيگەن يالقۇن.
شاقىراش ۋە گۈرۈلدەش ئاڭا تونۇش،
بىلمەس ئۇنى دېڭىزدا چىققان ئۇپقۇن.

1984 - يىل، ئاۋغۇست، بېيدەيخې.

## تيەنئەنمېن

ئاللىبۇرۇن سەن ھالقىغان قەسىرلىكتىن،
كەڭ بىر ئەلنىڭ سىمۋولىسەن، سىماسى سەن.
كۆتىرىلگەن قەددى - قامەت نەمۇنىسى،
جەڭگىۋارلىق مۇساپىنىڭ مەناسى سەن.
ئېچىلغانتى يېڭى تارىخ بېتى سەندە،
شان - شەرەپلىك شۇ تارىخنىڭ داۋامى سەن.
ئۆتۈپ كەتتى ۋاقىتلارنىڭ ھەنىزۋاسى —
سەندە ئايان، شاھىدى سەن، گۇۋاسى سەن.

1984 - يىل، سېنتەبىر، بېيجىڭ.

**ئابلىز ھوشۇر**

## باغدا تۇغۇلغان نەزمىلەر

1

باغلار تولۇپتۇ خۇشبۇي گۈل - چىچەكلەرگە يەنە،
چىچەك جامى مەي تۇتتى كېپىنەكلەرگە يەنە.

كۆرۈپ مەشۇقى لېۋىدە چوغ رەڭگىنى بۇلبۇل،
ناۋا ياڭراتتى بەختىدىن پەلەكلەرگە يەنە.

قىلار جىلۋە - ناز چىمەنلەر ھۆسنىدە سۇباتلىق،
ئوت يېقىپ مۇھەببەتلىك بۇ يۈرەكلەرگە يەنە.

ئۈنىڭ ئەترىسىدىن سۆيۈندى جانلار بۆلەكچە،
پۈتۈلدى شىر قوۋۋىتى تەن - بىلەكلەرگە يەنە.

ئەجەپلەنمەڭ شاخلار سۆيسە زېمىننى، بۇرادەر،
ئۆتۈپ ئاز كۈن، تولۇپ رەڭدار يېزەكلەرگە يەنە.

2

باھار خوشلاشتى ياز كەلدى، دىمەك ئوتلۇق ھاۋا پەيدا،
ئۈنىڭچۈن تەكتىدىن دىلنىڭ يەنە خۇش مەرھابا پەيدا.



گۈلى گۈلشەنگە كۆز سالسام، يۈرەكتە ئۆزگىچە شاتلىق،
چىچەكلەر ئورنىدا ئەمدى ھېساپسىز كەھرىۋا پەيدا.

ھاياتلىق مەشئىلى كۆكتە تولۇپ ھۆسنىگە چوغلانسا،
كۈمۈش ياپراق ئارا ھەر تاڭ بولۇپ مىڭ خىل جۇلا پەيدا.

كۆلەر باغۋەن يىگىت شۇنچە، شەپەق رەڭ چېھرىدە ئۈنچە،
مۇبارەك ئەجرىگە دىلدا ھەۋەستىن ئىقتىدا پەيدا.

سىمىشكاپ ئاستىدا بولدۇق پاراڭدا بىر مەھەل خۇشۋاق،
قىلىپتۇ ئىجتىھات بىرلە چىمەندە ئىختىرا پەيدا.

دىدى سورىسام، بولاركىن مول ئەجرىنىڭ مىۋىسى شۇنداق،
ئىلىمگە قەلبىدىن كىمنىڭ بولسا چىن ئىلتىجا پەيدا.

3

يەنە خۇش سەيلىدە بولدۇم باغلىرىڭ ئارا، ئەي قىز،
يەنە قىلدى ھەر شاخ بۇ كۆڭۈلنى مەھلىيا، ئەي قىز.

نە شاخكى، ياپرىقىن زۇمرەت تەڭگىگە قىياس قىلسام،
رەڭ بابىدا ھەر ئالمانىڭ مىسالى كەھرىۋا، ئەي قىز.

شىرنىلىك شەرۋىتى ياردى تىلىمنى، ئەمەس بۇ لاپ،
تېگىگە ناۋات كۆمگەنمىدىڭ يا ئېپتىقىنا، ئەي قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھوسۇلنىڭ ۋەجىدىن ھەركىم ئەجرىڭگە ئىكەن قايىل،
ئوخشاپتۇ ئۈزۈم ... ئالماڭ، ياپراقتىن تولا، ئەي قىز.

دىلىڭدا ئىستىگىڭ خۇددى ھۆسنۈڭدەك ئىكەن پاكىز،
مەڭزىڭدە گىلاس رەڭگى ھەر باقسام قىيا، ئەي قىز.

تۆكۈپ تەر سەن كەبى ھەرتاڭ، ئەل ـ يۇرتنى رىزا قىلسام،
كۆڭۈلنىڭ تەختىدە شەرتىڭ بولغايمۇ ئادا، ئەي قىز.

4

پەسلى كۈز باغلارنى قىلسا زۇمرەت سىياقىدىن خالاس،
ئۈستىگە تالۇ ـ باراڭلار كىيگەي يەنە زەردى لىباس.

ئاستىغا ھەر تال كۆچەتنىڭ باقساڭ سۆيۈنگەي جان ئەجەپ،
ئۇندا خامانلار ئارا ھەر ئالما بىر گۈلگە قىياس.

باغ قىزى ياقۇت قەدەھتە تۇتقاندا گۈلگۈن مەي ـ قىيام،
قىلمىسۇن ھىسسىيات نىچۈن ئۇچقۇر قەلەمگە ئىلتىماس.

ئوينىغاي توي كەينىدىن توي ئەھلى بۇ باغلارنىڭ، كۆرۈڭ،
ئەۋجى بۇ مەشرەپ ــ بۇ توينىڭ كەلگۈسى يىللارغا مىراس.





# يۇرتۇم باغلىرى

(سىكىل)

1

## مۇقەددىمە

زەر ئۈزۈككە كۆز قويغاندەك لەھەلدىن،
يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق نامى بار.
«يېشىل بوستان، باغلىق دىيار، مۆزىزار»،
ئىسمى سۈپەت تەرىپى بار، داڭقى بار.

لاپ ئەمەسكى، ھەر مەلىسى بىر جەننەت،
جەننەتتىنمۇ تولا باغلىق مەلىسى.
نۇسخا ـ ئەنداز بولار سەككىز بېھىشكە،
باغلىق تۈگۈل ھەتتا تاغلىق مەلىسى.

بىرەي يۇرتۇم باغلىرىنى سۈرەتلەپ،
كېلىپ قالساڭ سەيلە قىلىپ دەسسەپ كۆر.
باغ دىگىنىم پۈتۈن سۈرۈك مەلىدۇر،
بىر ـ بىرىدىن قالامدىكەن دەڭسەپ كۆر.

## سايباغ

قالغىنىڭ① ئۆگزىسى — قىيا ئۆستىدىن
تاشلىساڭ شۇ يېشىل بوستانغا نەزەر:
كۆرۈنەر كەڭ كەتكەن مەخمەلدەك ۋادا،
باشئەگىم باغرىدىن چەرچىگە قەدەر.

شۇ يورۇش بۇكلۇكنىڭ بېشىدۇر سايباغ،
جايلاشقان توپ تېرەك سايىنىڭ بېشىغا.
بىر ئۇچى تۇتىشار تۆۋەن مەلىگە،
بىر ئۇچى باشئەگىم، قەۋرە تېشىغا②.

باش ئەگىم دەرياسى كېلىدۇ ئېقىپ،
سايباغدۇر دېلتىسى يېشىل بوستاننىڭ.
ھەم مۇقەددىمىسى — ماۋزۇ تېمىسى،
يۇرتۇمغا ئاتالغان ناخشا - داستاننىڭ.

كىمخاپتەك ياپ - يېشىل ئۆز ھۆسنى بىلەن
كەڭرى ساي بويىنى چۇمكەپ تۇرىدۇ.
تاھىر ۋە زوھرانىڭ قەۋرىگاھىنى
رەڭمۇ - رەڭ گۈل بىلەن پۈركەپ تۇرىدۇ.

كۆكسىدە بوي تارتىپ تۇرغان مۇنارى
كۆك ئاسمان سەتھىگە پۈركۈيدۇ نەقىش.

① باشئەگىم ئىچىدىكى باغ.
② قەۋرە تېشى — تاھىر - زوھرا قەۋرىسى جايلاشقان قىيا.



سايباغنىڭ تىكلەنگەن يېڭى قەددى ئۇ،
ئۇنىڭغا ئەتكەن نام، ئىپتىخار بەخش.

كۇچارغا ھەم ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنگە،
توشۇلۇپ تۇرىدۇ كۈل رەڭ تالقىنى.
بۇ سىمونت نەنىڭكى؟
كورلا سايباغنىڭ،
مەھسۇلى ئاشۇردى شۆھرەت - داڭقىنى.

بۇ يەردىن بەل تاپان ئۇچقۇر جانۋارلار،
جەنۇپ ۋە شىمالغا قاتناپ تۇرىدۇ.
كۈن بويى، تۈن بويى تىنماي بەس - بەستە،
يۈزلەپ ئىستانوكلار سايراپ تۇرىدۇ.

ئىشلەيدۇ يېڭى بىر ئەۋلات يەرزەندى،
جەم قىلىپ زېھنىنى، جاندىن بېرىلىپ.
ئىلىم - پەن كۈچىدە سەزمەيدۇ جاپا،
پولاتنى خېمىردەك يەمىرىپ، قىرىپ.

زاماندىن نۇر ئېمىپ گۈللىدى سايباغ،
زەپەردىن قەد تىكلەپ ئۆرلىدى سايباغ.

## قوشباغ

ئىسمىدىن ئاياندۇر باغلىرى قوش - قوش،
ئۇ چەتتىن - بۇ چەتكە تۇتاش باغلىرى.
گەرچە تام - پاسىللار تۇرسىمۇ ئايرىپ،
چىرمىشىپ كېتىشكەن يىلتىز، شاخلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە ئەمەستى ئانچىمۇ باغلىق،
ئاتىغان بولغىدى خەلقى ئارزۇلاپ.
بۆككىدە باغ بولدى، ئارزۇلار كۈلدى،
سائادەت دىلبىرى ئاتقاندا پارلاپ.

مېۋىلەر سېپىدە سانالغاچ سەرخىل،
دەيدىكەن ئەنجۈرنى جەننەت مېۋىسى.
گوياكى شۇنداقتەك بېرىدۇ جانغا.
جەننەت ھوزۇرىنى بالدەك شىرنىسى.

يوق بۇندا ئەنجۈرسىز بىرمۇ باغ - ھويلا،
دېمەككى، ھەر بىر باغ، ھويلىسى جەننەت.
ئەنجۈر مەي باغلىغان چاغلىرى، ۋاي - ۋۇي،
قاينايدۇ باغ - باغدا سەيلى - ساياھەت.

باشئەگمەم باغرىنىڭ زىننىتى قوشباغ،
نە زىننەت، ھوزۇر بەخش جەننىتى قوشباغ.

## چارباغ

خان - شاھلار بېغىنى — سەيلىگاھىنى
دەيدىكەن چارباغ ۋە يا باغ ئېرەم.
گويا تەبىئەتنىڭ جىمى ئۈزلۈگى
بولغاندەك شۇ باغدا تولۇق مۇجەسسەم.

گۈزەللىك، ئۈزلۈقتا بىزنىڭ چارباغ،
ئارتۇقكى، كەم ئەمەس شاھلار بېغىدىن.



چارباغ مېۋىلەر كۆرگەزمىسىدەك،
تېپىلار مېۋىنىڭ جىمى خىلىدىن.

ئۇدۇمدۇر باغ قىلىش چارباغلىقتا،
باغۋەندۇر بۇندىكى ھەننىۋا كىشى.
«بېغى يوق — جېنى يوق» شۇلار ماقالى،
تۇغۇلۇپ، ئۆسۈشى گويا باغ ئىچى.

شۇنداقمۇ چاغلىرى بولغان ئۇلارنىڭ،
باغ قىلىپ، بېغىدىن قاق يېيەلمىگەن.
بەگ - خوجا، لويىلار باغدا ئىشرەتتە،
ئۇلارچۇ؟ بېغىغا دەسسىيەلمىگەن.

... بىر مەھەل باغلارنى باستى يېتىملىك،
يەيدىغان ئېغىز كۆپ، لېكىن ئىگىسىز.
باغۋەنسىز، ئىگىسىز باغلار شوخرىغان
قاخشالدەك قاغجىراپ قالغان مېۋىسىز.

باھاردا ھۆپپىدە ئاچقان چېچەكتەك،
چارباغ باشقىدىن ياشنىدى گۈللەپ،
بولۇق باغ، شاخلاردا نەغمىچى قۇشلار،
شاتلىقتىن تىنمايدۇ سايراپ كۈن - تۈنلەپ.

باغۋەنلەر كۈيلەيدۇ: «كۆردۇق ھالاۋەت،
پارتىيىنىڭ يېڭى سىياسىتىدىن.
شاھلارمۇ بىزچىلىك سۈرەلمەس ھوزۇر،
خالاس بىز تۇرمۇشنىڭ قايغۇ - غېمىدىن.»

نامىڭغا باپ - لايىق ھەق چارباغسەن،
ئەمەسسەن ئەپسانە، نەق چارباغسەن.

## بوستان

بوستان — بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك يېزام،
چوڭ بولدۇم قوينىدا - بېغىدا ئويناپ.
باشئەگىم سۈيىدەك شوخ ئىدىم مەنمۇ،
قوغلىشىپ ئوينايتتىم ئۆستەڭنى بويلاپ.

يېشىممۇ ئەللىكنى قارىلاپ قالدى،
ئۆمرۈمنىڭ كۈزى ھەم يېقىنلاپ قالدى.
قۇندۇزدەك قاپ - قارا چاچ - ساقاللىمغا،
ئاق مەشۈت تالالار ئارىلاپ قالدى.

ۋە لېكىن مېنىڭ بۇ يېزام — بوستىنىم،
ۋاقىتلار ئۆتكەنچە ياشاردى شۇنچە.
ئۆتمۈشى بەش قولدەك ئاياندۇر ماڭا،
نامى «بوستان»، ئەمما ئەمەستى بۇنچە.

يادىمدا، يەتتە ياش چاغلىرىم مېنىڭ،
كۆچۈم تۆت كوچىدىن كۆچۈپ كەلگەنتۇق.
شەكىللا مەھەللە، خاراپلىقىدىن
«قەلەندەر» نامىمۇ ياندىش ئىكەنتۇق.

باشئەگىم ئۈستىدە چاقنىدى قۇياش،
ۋەيرانە مەلىمىز نۇرغا پۈركەلدى.



ئالتۇن تاڭ نۇرىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم،
بوستانىمۇ ئاندىن تېز گۈلگە چۆمكەلدى.

نەگىلا باقسىڭىز باغلىق، باراڭلىق،
يول - كوچىلىرىمۇ يېشىل بوستانلىق.
ئىپتىخارلىنىمەن بولغىنىمغا مەن،
كورلىغا پەخرى نام بولغان بوستانلىق.

باغلارغا ياندىشىپ تىكلىدى قامەت،
يول بويلاپ قەۋەتلىك كۆركەم بىنالار.
تارقايدۇ بوستاندىن تەرەپ - تەرەپكە،
دولقۇنلۇق سۈرەتلەر، ناخشا - ناۋالار.

يۇرتۇمغا پەخرى نام بولغان، ئەي بوستان،
مەن تېخى شەنىڭگە توقۇيمەن داستان.

## ھەرەمباغ

ھەرەمباغ ئەمەسكى، مىسلى ھەيرانباغ،
كۆرسىڭىز راستىنلا قالىسىز ھەيران.
قاتقىڭىز كېلىدۇ ناخشا - قوشاققا،
بولۇپ خۇش بۇيىغا مەپتۇن ئەرغىۋان.

ئەگەر سىز بولسىڭىز سۈرەتچى - رەسسام،
ئەلھەققى، ئالىسىز شۇ ھامان سىزىپ.
ناۋادا بولسىڭىز شائىر —
چىقىسىز

بىر لىرىك تەسۋىرىي ئەسەرنى يېزىپ.

بولسىمۇ قەلىمىم گەرچە گال - چولتا،
ۋە يەنە بوياققا - رەڭگە كەمبەغەل.
ھېسسىياتىمنى رەڭ، ئىشقىمنى قەلەم —
قىلىپ سىزىپ باقاي چىقىمىسىمۇ دەل.

مانا، ئەگرى - بۈگرى بىرلا تار كوچا،
كوچىنى بويلاپ بىر ئۆستەڭ ئاقىدۇ.
ئىككى قاسناقتىكى جىمى ئۆيلەرنىڭ
ئىشىگى يول بىلەن سۇغا باقىدۇ.

ئۆيلەرمۇ، كوچىمۇ ھەممە ئۆستەڭمۇ
بۈك باراڭ ئاستىغا مۆككەن مىسالى.
كوچىسى ئاسفالت ئەمەس، مۇھىتى
توپا - چاڭ، تۇماندىن شۇ قەدەر خالى.

قەدىرلىك ئادەتتۇر ھەممە كىشىگە،
تاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ دەرۋازا ئېچىش.
«ئۇ سېنىڭ، بۇ مېنىڭ ...» دېمەي ئۆتنۈشۈپ،
بىرى يەرنى سۈپۈرسە، بىرى سۇ چېچىش.

كەلسىڭىز ئايسى چاغ، دەيسىز: «ھەرەمباغ
گۈل دېڭىزىمىدۇ يا گۈل چەشمىسى؟»
سەۋەپ: بۇ مەلىنىڭ ھەممە ھويلىسى
خۇددى بىر گۈلزارلىق، گۈل كۆرگەزمىسى.



گويا ھەر قەدەمدە تاختايلىق كۆۋرۈك،
يول بىلەن ئۆيلەرنى تۇتاشتۇرىدۇ.
پىلتىڭلاپ ئوينىسا سۇدا باللار،
ئانىلار كۆۋرۈكتە قاراپ تۇرىدۇ.

كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپ يىگىت - قىزلىرى،
ئوينايدۇ پۇتىنى سۇغا چىلىشىپ.
ھە، چاچقان بولۇشۇپ باللارغا سۇ،
بىرىگە بىرى سۇ چېچىپ، بېقىشىپ.

مانا، سىزدىم پەقەت كوچىسىنىلا.
ئارقىدا باغلىرى نىمە دەپ قالدى!
كوچىسى بۇنچىلىك گۈزەل، ئېيتىڭا،
باغ - بوستان توغرىلىق نىمە گەپ قالدى؟!

ھەرەمباغ، ھەرەمباغ، ئىسىل مەلىسەن،
ھۆسنۈڭدىن جەننەتمۇ خىجىل، مەلىسەن.

## خاتىمە

ئويلارسىز «كورلىنى نەشپۈتزار دېسەك،
بىر ئېغىز سۆز يوققۇ نەشپۈت ھەققىدە.»
بىر دېمەك، بىر چىشلەم نەشپۈت لەززىتى،
ئەرزىيدۇ يېزىشقا داستان - قەسىدە.

يازغىنىم يۇرتۇمنىڭ باغلىق ئاتالغان،
يۈزدىن بىر مەلىسى — شۇ بەش مەلىسى.

دىسەم مەن كورلىنى جەننەتۇلمەئۋا،
بۇلاردۇر ئىشىگى — مۇقەددىمىسى.

يازغىنىم ئۇلارنىڭ ئۆزگىچىلىگى،
نەشپۈتزار چوڭ باغنىڭ ئىچىدىكى باغ.
ئوخشاتسام كورلىنى بىر تۈپ نەشپۈتكە،
ئۇلاردۇر يېڭىدىن چىققان بەش تال شاخ.

دەۋرىمىز باھارى يېشىل بوستاننى
يېڭىدىن - يېڭىچە گۈللەپ ياشناتتى؛
سىڭىپ قات - قېتىغا مېھرى ئاپتىۋى،
جامال رۇخسارىنى ئايدەك چاقناتتى.

يۇرتىمىز دەۋرىدىن چەكسىز شات - مەمنۇن،
كۆرگەن ھەر كىشىنى قىلىدۇ مەپتۇن.

1984 - يىل، ئىيۇل، كورلا.



مۇتەللا ئىبراھىم

# دۇتارىم

يېڭى دەۋرىم كۆڭلۈمگە سالدى قايناق ئىشتىياق،
تارلىرىڭنى روق بىلەن چېكەي - چېرتەي دۇتارىم.
ئۇتلۇق ئىلھام قەلبىمدىن قايناپ تاشتى بۇلاقتەك.
ئۇنى جانان چىنەڭدىن قېنىپ ئىچەي، دۇتارىم.

ھايات رىشتىم چېگىلگەن سېنىڭ ھەربىر پەدەڭگە،
ساڭا تەككەش قىلىنغان يۈرىگىمنىڭ كۈي - تارى.
مۇڭلۇق ئىدىڭ ئۆتمۈشتە سىرداش بولۇپ دەردىمگە.
بولدۇڭ كېيىن بەختىمنىڭ شادىيانە ئىرھارى.

قىش - زىمىستان سۇزۇلگەن، جان سۆيۈنگەن باھاردا،
شاتلىقىمنى ياڭراتسۇن يەنە قۇتلۇق ئاۋازىڭ.
مۇشكۈل، ئۇزۇن سەپەردە كۈيلەپ زەپەر - شانىمنى،
كۆكتە — ئەرشى ئەلادا جەۋلان قىلسۇن پەرۋازىڭ.

ئۇقسۇن يۈرەك سۆزىنى، كۈچكە تولسۇن روھلىنىپ،
سېنىڭ غالىپ كۈيۈڭدىن ئىشچى، دىخان، جەڭچىلەر.
بىرىپ تۇرسۇن خۇشخەۋەر، يۈرۈپ ئايدا، چولپاندا،
كائىناتنىڭ سىرىغا كىتاپ ئاچقان ئەلچىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلدى ئىمكان پۇرسىتىڭ، ئاشتى قەدرىڭ، دۇتارىم،
كۈيلە، ھارماي تۈز دەستە، گۈل بەستىلىك قوش تارىم.
سازلار ئارا تارالسۇن قىسمەتلىرىڭ سىنىڭمۇ،
ئاچ غەزىنەڭ ئىشىگىنى كۆكسى گۆھەر خۇشتارىم.

يېڭى دەۋرىم كۈچ بەردى، بەردى ئىلھام شۇ قەدەر،
سېنى يېڭى پەدىگە تۈزەي، كۈيلە، دۇتارىم.
ئالدى مېنى ئىلكىگە مىسلى ئىلھام دەرياسى،
دولقۇن يېرىپ سەن بىلەن ئۈزەي، ئۆرلە تۇلپارىم.

1978 - يىل، مارت، ئۈستۈن ئاتۇش.

## ئىزىڭدىن خەلق ئۈچۈن ئۈنسۇن گۈل - چىچەك

سۆيۈملۈك شاگىرتىم، بىلىسەن شۇنى،
ياشايمەن نىمىگە بولۇپ رازىمەن.
ئىمتىھان قەغىزىڭ ئالدىمدا مانا،
ئۈمىدىم، غورۇرۇم، سەندىن رازىمەن.

بىلىمەن سىڭدۈرگەن ئەجرىم چاغلىقلا،
لېكىن چوڭ بۈگۈنكى سېنىڭ نەتىجەڭ.
تىرىشتىڭ زېرىكمەي، قايىلمەن باشتىن،
ئاپىرىن! باتۇرۇم، قىلدىڭ ياخشى جەڭ.

بۇ ھەقتە كۆڭلۈمگە ئۈز كۆزۈم گۇۋا،
تۈنىدىڭ قانچە تۈن كىتاپ يېنىدا.



قوزغىدىڭ دىللاردا قانچە زوق - تەسىر،
ئوقۇشنىڭ ھەر مەۋسۇم، ھەربىر پەللىدا.

ئەمەس بۇ جاۋابىڭ «ئاق قەغەز، كۆك رەڭ»،
بەلكى قەلب نۇرىدىن پۈتكەن مۆجىزە.
ۋە ياكى ھېكمەتلەر كۈلگەن ۋادىنى،
يىراقتىن كۆرسەتكەن نۇرلۇق دەرىزە.

ئالدىڭدا سەپەردىن مۈشكۈل ۋەزىپە،
يۈك ئېغىر سەن كەبى ئەرتلەر ئۈستىدە.
ئىزىڭدىن خەلق ئۈچۈن ئۈنسۇن گۈل - چىچەك،
ئىلىم - پەن باھارى تولسۇن ھۆسنىگە.

1978 - يىل، ئىيۇل، قەشقەر.

## باھار ھەققىدە غەزەل

سابالار مىندى شوخ يورغا، جىدەللەپ تېز سەپەر قىلدى،
ئېشىپ تاغلار، كېزىپ باغلار باھارنى خۇشخەۋەر قىلدى.

چىقىپ شات سۈبھى رەناسى پەلەكنىڭ بالكۇنى ئۈزرە،
مۇھەببەتتىن كۆزىنى ئۇت، قېشىنى زىر - زەۋەر قىلدى.

ئېچىلدى كۆڭلى سۈبھىنىڭ قارا چۈمپەردىنى يىرتىپ،
تەبەسسۇم بىرلە قوينىنى باھارغا خاس سەھەر قىلدى.

قىزاردى زەپ ئۈپۈق شەرقىي ۋىسالىنىڭ لالىسى قاپلاپ،
جۇلاسى يەرۇ - ئاسماننى بېزەپ نۇرانە زەر قىلدى.

سۆيۈنچە چاچتى مېھرىدىن كۈلۈپ شاھى گۈزەل تاڭنىڭ،
نىجاتلىق مەۋسۇمى قۇچقان ھاياتقا زوق ـ نەزەر قىلدى.

× × ×

باھار كەلدى ئىزىدىن بەرق ئۇرۇپ ئەركىن ھايات بەرگى،
مۇبارەك گۈل ئۇزارىنى قۇياشلىق تاڭغا پەر قىلدى.

سۈرۈپ ـ ھەيدەپ زىمىستاننى جىمى جان ئۇستىدىن گويا،
تۈمەن مىڭ تونىنا يۈك ـ ئارتىغىنى يەڭگىللەتتى ـ سەر قىلدى.

كۆمۈش تامچە تۆكۈپ سايلارنى ئايلاندۇردى دەرياغا.
بېرىپ جان، قوندۇرۇپ ئەت، چۆل ـ باياۋانلارنى يەر قىلدى.

تاقاپ قىيتاق دەرەخلەرگە سۈۋاي نوتا، باراقسان شاخ،
ياشارتىپ باغۇ ـ بوستانلارنى توختاۋسىز زەپەر قىلدى.

ئوراپ ـ پۈركەپ نۆۋەر شاخلارنى رەڭگا ـ رەڭ چېچەكلەرگە،
چىدامىلىق شۇ چېچەكنىڭ نەپ ـ ھوسۇلىنى شېكەر قىلدى.

خوشال كۈي ـ كۈلكىلەر بەردى سۇنۇق دىل ھەم چىرايلارغا،
بېغىدا گۈل ئارا كاككۇك بىلەن بۇلبۇل لەپەر قىلدى.

ئاتاپ نۇسرەت يېغىپ تۇرغان ئۇنىڭ ۋەسلى ـ ۋىسالىغا.
غەزەلخانى مۇتىللا ئىشقىنى ئاددى ئەسەر قىلدى.

1980 ـ يىل، ئاپرېل، ئۇستۈن ئاتۇش.



## «ئوۋچى» غا

(قىز نەپرىتى)

«ئىت» يېتىلەپ، «مىلتىق» كۆتىرىپ،
چىقىشىڭدىن مەقسەت شىكارغا.
ئوۋلاش ئىمىش (ئوقسام) كۆڭلۈڭنى،
يېتىمىش ئىمىش مەندەك «نىگار» غا.

سۈرۈپ ھەريان،
تاپىنىمدىن قان،
كۆزۈمدىن ياش ئىچتىڭ بىكارغا.
قالدى ساڭا ئەمدى نەپرەت، كەل،
مەنكى دەشتتە قالغان بىماردا

1984 ـ يىل، يانۋار، ئاتۇش.

ئارسلان

## كۆلۈپ يۈرەرمەن

كۆلۈپ تۇغۇلدۇم، كۆلۈپ يۈرەرمەن،
كۆلۈپ جەڭ قىلىپ، كۆلۈپ ئۆلەرمەن.
كۈلمىسۇن ئۈچۈن دۈشمىنىم پەقەت،
چۈشسەم دوزاققا كۆلۈپ كۆيەرمەن.

## يۈرەك ناخشام

مەن تۇغۇلغان قار ئوينىغان كېچىدە،
دالىدىكى مىسكىن بىر ئۆي ئىچىدە.
ئانام بەرسە ئاق سۈتىدە مۇھەببەت،
ئاتام خەنجەر قويغان تەكرەم چېتىدە.
دەرىزىنى قاقار ئىدى سوغ بوران،
يۈرەك ناخشام بورانلاردىن يارالغان.

قار كۆرپىسى يۆگەك بولغان تېنىمگە،
تاشلىق تاغلار خىسلەت بەرگەن بېلىمگە.
مەن تۇغۇلغان ئوق ئوينىغان كېچىدە،
پورۇخ ھىدى سىڭگەن ئىدى دېمىمگە.
شۇڭا ئۆزەم جەڭ بالىسى ئاتالغان،
يۈرەك ناخشام جەڭگاھلاردىن ئوت ئالغان.



لەيزە بىرتىپ باقىسىنى ئويۇقىنىڭ،
كۆتىرىلدى پارلاق تۇغى يورۇقىنىڭ.
چاچرىغان قان شەپەق بولدى پەلەككە،
كۆلى تۇزۇپ تۈن يېپىنغان يوپۇقىنىڭ.
كۆلدى ئۈمىت بولۇپ رەڭدار گۈل - چېچەك،
يۈرەك ناخشام مىسلى ئالتۇن كېپىنەك.

بالا ئىدىم دەريالارنى بويلايتتىم،
ئايغا قاراپ چۆچەكلەرنى ئويلايتتىم.
قىيالاردا قول سوزاتتىم يۇلتۇزغا،
سۇدىكى ئاي شولىسىنى ئوينايتتىم.
ئاي ئوينىتىپ كېلەر بەزەن يېقىمغا،
يۈرەك ناخشام ئوخشار غەمسىز ئېقىمغا.

چاقماق ئوخشاش سەكرىسە ئات كۆلەتتىم،
مىنسەم ئاقار يۇلتۇز بولۇپ كېتەتتىم.
يارنى گۈلدەك قىسقىنىمدا كۆكسىمگە،
يەرنى ئاققان دەريادەكلا كۆرەتتىم.
مەن ياشلىققا كىرىپ كەلگەن ئاشۇنداق،
يۈرەك ناخشام چېچەك گۈلدەك خۇشپۇراق.

شېرىن خىيال قۇچىقىدا ياشايتتىم،
ئارزۇلارنىڭ تاغلىرىدىن ئاشاتتىم.
مەن سۆيەتتىم يارنى، مېنى يار سۆيۈپ،
يارىم ئېقىن، مەن دولقۇنلاپ تاشاتتىم.
ئەجرىم يامغۇر ئىدى ياققان ۋەتەنگە،
يۈرەك ناخشام ئوخشاپ ھەسەن - ھۈسەنگە.

كۆتىرەتتىم غۇنچىلارنىڭ جامىنى،
شاراپ ئىدى تاڭنىڭ سۈزۈك شەبنىمى.
بىراق بىللار ئېلىپ كەلگەن جۇدۇنلار،
«ئىچكىن» دىدى «كۆزلىرىڭنىڭ نىمىنى».
ئالتۇن تاغلار، ياقۇت تاغلار تۇمانلىق،
يۈرەك ناخشام ئۆكسىدى كۆپ پىغانلىق.

ئالدانغاننى سەزدىم شۇ چاغ ئويغىنىپ،
چېكىش ئىكەن ھايات، دىدىم ئويلىنىپ.
خەنجەر يىدىم، بىگەن خەنجەر ئۆگەتتى،
خەنجەرسىزنىڭ ئۆلۈشىنى تولغىنىپ.
بىلدىم شۇ چاغ ئاتا خەنجەر قەدرىنى،
يۈرەك ناخشام كۈيلەر ئاتا قەلبىنى.

جەڭگە كىرگەن چاغدا ئاتام ئىزىدىن،
چاقماق ياندى خەنجىرىمنىڭ بىسىدىن.
كىشەنلەردىن خەنجەر ياساپ چىققۇلۇق،
كۆككە قەسەم يېزىپ جەڭلەر ئىسىدىن.
ئەلنىڭ قەھرى بولسۇن ئۈچۈن ئەلەڭگە،
يۈرەك ناخشام بولدى گويا سەرەڭگە.

خەنجەر بىلەن چىقتى جەڭدە ئەلىمىم،
شېئىر يازسام، خەنجەر بولدى قەلىمىم.
كەل نىگارىم، قايتا شاراپ ئىچەيلى،
ۋەتىنىمگە شان كەلتۈرمەك قەسىمىم.
يۈر، ماڭايلى، قوشۇلغان جۈپ ئېقىندەك،
يۈرەك ناخشام گۈلدۈرلەيدۇ چېقىندەك.

1976 - يىل، نويابىر.



## ئەركىنلىك

سەن ئەقىل غەزنىسىنىڭ ئىسىل گۆھىرى،
سەن ھايات ئۇپۇغىدا پارلىغان مەشئەل.
ئەركىنلىك، سەن بەخت ئەنگۈشتىرى سەن،
سەن بىلەن ئالەمنىڭ مۈشكۈللىرى ھەل.
قان ئاققان يوللارنىڭ مەنزىلگاھى سەن،
نۇرلىرىڭ يېگىشتىن ئاچار سەھىپە.
سەن بىلەن ياشلىق ۋە ئۆمۈر چېچىگى،
جامالدا قاندۇرار شەپەقنى پەستە.
سەندە بار ھىكمەتى چەكسىز ھەقىقەت،
ئىشقىڭنىڭ ئاسمىنى چاقىدۇ چاقماق.
سەن كۈرەش ئەھلىنىڭ ئۆلمەس غايىسى،
بورانلار كۈيلىرى پۈتۈلگەن بايراق.
خەلقىمنىڭ قەلبىدىن تۆكۈلگەن گۆھەر،
نۇرىڭدىن يۈز ئاچار جىلۋىلىك سەھەر؛
نامىڭنى يادلىدۇق ئەسىرلەر بويى،
ئۇنتۇساق سالاتتى ئەسكە كىشەنلەر.
ھىلىمۇ تاغلاردا بېرىدۇ سادا،
زەنجىرلىك تۇتقۇنلار سالغان سۈرەنلەر.
يادلىدۇق بىز سېنى قىلىچ ئوينىتىپ،
قان بىلەن ئۆستۈرۈپ چۆلدە گۈلشەنلەر.
يادلىدۇق بىز سېنى ئۇپۇقلار ئارا،
شۆھرەتتىن ئېسىپ زور ھەسەن - ھۈسەنلەر.
نى كۈنلەر كۆرمىدى شورلۇق بېشىمىز،
يانمىدۇق يولۇڭدىن سەھەر ۋە ئاخشام.

كۆيلىدۇق بىز سېنى، يايلاقنى راۋاپ —
دەريانى تار قىلىپ ياڭرىتىپ مۇقام.
ئەركىنلىك، سەن مەڭگۈ يوقالماس گۆھەر،
ئىستىقبال باھارى سەن بىلەن كۈلەر.
كۆيلىدۇق بىز سېنى باھار گۈلدۈرى —
زېمىننى ئۇيقۇدىن ئويغاتقاندىمۇ؛
ئەگىزلەر قوشۇلۇپ كۆتىرىپ شاۋقۇن،
دەرياغا شۈرمەللەر ئۇزاتقاندىمۇ.
كۆيلىدۇق بىز سېنى گۈللەپ ئۆرۈكلەر،
رۆجەكتىن ئۆيلەرگە چاچقاندىمۇ قار.
ئەپكىلىپ باغلاردىن بۇلبۇل كۈيىنى،
دىللارنىڭ تارىنى چەككەندە ناھار.
كۆيلىدۇق بىز سېنى ئالتۇن ۋادىدا،
ئاي بىزنىڭ ئوغاقنى دورىغاندىمۇ.
جاپالىق دۇنيانى ئۇنتۇپ بىر مەھەل،
ئاشىقلار بۇلاقنى بويلىغاندىمۇ.
كۆيلىدۇق كۆز ياشتەك سۈزۈلۈپ دەريا،
ياپراقلار يۈزىمىزگە بولغاندا رەڭداش.
تۇرنىلار ئۇپۇققا كەتسىمۇ سىڭىپ،
تەبىئەت قار - مۇزغا بولغاندا يولداش.

ئەركىنلىك، تارتىسەن بىزنى چوققىغا،
جاھالەت كۆكسىگە سەن ئالماس خەنجەر.
شەرىپىڭ جىلۋىسى ئالتۇن قۇياشتەك،
دىللارغا مەڭگۈلۈك نۇر تۆكۈپ ئۆتەر.
ھەقىقەت ئەبىدى پارلىغان گۆھەر،
نۇرىڭدىن يۈز ئاچار جىلۋىلىك سەھەر.

1977 - يىل، ئاپرېل.



# تارىم دولقۇنى

مەن سېنى سۆيىمەن تارىم دولقۇنى،
زەمزەممۇ ياكى سەن گۈلنىڭ سۈيىمۇ؟
جىلۋەڭدە بار كۈن ھەم ئاينىڭ جامالى
شاۋقۇنۇڭ ناۋامۇ، ۋىسال كۈيىمۇ؟
تاشلاردىن تاشلارغا ئاتلاپ ئۆتىسەن،
تۇۋى يوق ھاڭلارنى تاشلاپ ئۆتىسەن.
قۇملۇقتا قۇم يۇيۇپ، ئالتۇننى چايقاپ،
يۇلغۇنلار كىرپىكىن ياشلاپ ئۆتىسەن.
سەن قارلىق تاغلارنىڭ سۈزۈك يېشىمۇ؟
زېمىنغا چىرماشقان يارنىڭ چېچىمۇ؟

يۇرتۇمدا كۆرسىتىپ قاردەك كۆكسۈڭنى،
ۋە ئېيتىپ سىرىڭنى ئۆستۈرگەن مېنى.
قايناملار قوينىغا سېھىرلەپ ئۆزۈك،
ئويناتقان، بەزىدە چۆكتۈرگەن مېنى.
ئېقىتساڭ ساللارنى، لەيلەتسەڭ كېمە،
باسالماي قالاتتىم خوشاللىغىمنى.
ئىز ئىزلەپ قىرغاقتا توشقان قوغلىسام،
چاتقاللار ئەپقالغان باللىغىمنى.
گۈل بىلەن كېپىنەك بەرسە باغلىرىڭ،
بوراندىن قوغدايتتى مېنى تاغلىرىڭ.

تەۋرىنىشىڭ ئوخشايتتى، تارىم دولقۇنى،
ئاققۇنىڭ سىلكىنگەن قاناتلىرىغا.

شۇ قانات يەلپۈيدۇ چۆللەر تەپتىنى،
دەم بېرىپ توغراقلار ھاياتلىرىغا.
سەن بىلەن بېلىقلار قىلىدۇ سەيلى،
چاڭقاقلىق ماكانى قوينىغا قەدەر.
بارخانلار مىڭ يىللىق سىرداشىڭ سېنىڭ،
ۋە كونا دوستۇڭدۇر قەدىمىي شەھەر.
يىللارنىڭ زەنجىرى قىلالماس ساڭا كار،
سەندە بار سۇنماس نۇر، تۈگىمەس باھار.

باغلىنىپ دۇنيانىڭ سىرلىق كۆچىگە،
ئايلانغۇم كېلەر شۇ خارابىلارنى.
شۇ جايدا بىر چاغلار قاينىغان ھايات،
مەس قىلىپ ناۋايى، فارابىلارنى.
شۇ يەردە سۆيگىنى ئىچكەن ئوچۇملاپ،
يۈكنەكى، سەككاكى ھەمدە خىرقىتى.
شۇ سۇدىن يۇسۇپ ۋە مەھمۇت ئەقلىنىڭ،
كامالەت تاپقانتى ئىجات مېھنىتى.
ئانىلار سۈتىنىڭ جەۋھىرىمۇ سەن؟!
كۆزلەرنىڭ جىلۋىسى، گۆھىرىمۇ سەن؟!

قانچىلار قەلبىنىڭ قاتلاملىرىدا،
بىر ئۆمۈر ئاقتىڭسەن، تارىم دولقۇنى.
ئېتىنى سۇغارسا سەندە بۇغراخان،
چاقنىغان جىلۋەڭدە تاغنىڭ يالقۇنى.
قۇملۇق جىمىلغىدا ئىزلەپ كېتىمەن،
قەدىمىي ئابىدە - يادىكارلىقنى.
شۇ يەردە مېنىڭ كۆپ قايغۇلىرىم بار،



يۇلغۇنلۇق ئەسلىتەر بىر مازارلىقنى.
سەن زېمىن كۆرىنىڭ ئاققان يېشىمۇ؟!
دەرت ئوتى ئېرىتكەن ياقۇت تېشىمۇ؟!

كەچمىش سەلتەنەت شاھىدى بولۇپ،
تۇرىدۇ ئوردىنىڭ سۇنۇق تۈۋرۈكى.
شاھلار تاجى قۇمغا پېتىپتۇ، لېكىن
مىڭ ئۆيگە تەلپۈنەر ئادەم يۈرىكى.
ياشاپتۇ ئەل ئەقلى سېنىڭ بىلەن تەڭ،
ۋە ئىنسان قىلىچى چاقناشلىرى ھەم.
قېرىماس زېمىننى ئەللەيلەر گۈگۈم،
تۇلپاردەك تىن ئېلىپ پۇشقۇرىسەن سەن.
چېقىلغان چاقماقلار ئوتى بار سەندە،
مۇھەببەت - نەپرەتنىڭ يۇرتى بار سەندە.

تۈن كۆرمىڭ كۆزىدە بوستانغا قاراپ،
قىزىغان قىرغاقنى سۈۋۈتسا شامال:
ئەنجۈرلەر، ئانارلار ئاينىڭ نۇرىدا
ئۆزگىچە جۇلاغا تاپقاندا ئامال:
ئۈزۈملۈك باغلاردا باشلىنار مۇقام،
ياڭرايدۇ راۋاپقا تەڭكەش بولۇپ داپ.
ئالتۇن كۈز مەشرەپكە بولىدۇ مەزمۇن،
ئۇسسۇل - كۈي قايتۇرار ھاياتقا جاۋاپ.
تەڭگىلەر چاچىسەن سەنمۇ قىرغاققا.
قاتىسەن خەلقىمنى يېڭى قوشاققا.

ئۇنتارەمەنمۇ سېنى، تارىم دولقۇنى،
ساھىلىڭ ئەبەدى مېھرىۋان ئانام.

مەن بارسام شاتلىنار دادام كەپسى،
تۇققانلار قۇچىقى بېرىدۇ ئارام.
ئۆركىشىنىڭ زەنجىرى يۆگەيدۇ مېنى،
يارىمنىڭ چاچلىرى يۆگىگەن كەبى.
كۆن كۆرمەس ماكانغا كەتكەن چاغدىمۇ،
قەلبىمدىن كۆچمەيدۇ تىنىقىنىڭ ھىدى.
سەن مۈلكۈم، ئېرىگەن ئالتۇنۇم مەڭگۈ،
چېتىقلىق ساڭا جان يالقۇنۇم مەڭگۈ.

1982 - يىل، فېۋرال، ئۈرۈمچى.



ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

# غەزەللەر

## ۋەتەنگە

جۇدا بولسام مېنۇت سەندىن گۇناھىم بەكمۇ زور بولسۇن،
خالايىقلار ئارا نامىم قارايۈز، تۈزى كور بولسۇن.

جېنىمسەن، قەدىردانىمسەن، ئانامسەن، مېھرىۋانىمسەن،
سېنى چىن سۆيمىسەم قەدرىم گويا ئىتتىنمۇ خور بولسۇن.

ۋۇجۇدۇم پۈتتى سەن بەرگەن ھالال سۈت ۋە مەئىشەتتە،
ساڭا ئەسقاتمىسام ھەرئان ماڭا ئۆلمەك زۆرۈر بولسۇن.

ئەقىل بەردىڭ، قۇۋۋەت بەردىڭ، ئۆمۈر بەردىڭ، بەخت بەردىڭ،
ساڭا خاسمەن! بۇنىڭ راستلىقىغا قەلبىم مۆھۈر بولسۇن.

تاپالماسمەن جاھان كەزسەم سېنىڭدەك غەمگۇزارىمنى،
ساڭا قەلبىمدە ئوكياندەك ھەمىشەم پاك غورۇر بولسۇن.

سۆيۈملۈكسەن ماڭا، سۆيگەن ئۆمۈرلۈك يار - نىگارىمدىن،
ساڭا ھېچبىر گۈزەل يەتمەس، ئۇ ھەرقانچە پۇرزۇر بولسۇن.

ئېرەم باغى جامالىڭ ئالدىدا دەشتى - باياۋاندۇر،
ساڭا گەر ئىشقىسىز باقسام كۆزۈم ساقىپ موخۇر بولسۇن.

گىراۋدان بولغىنىم سەنچۈن ماڭا شاھانە دۆلەتتۇر،
ئەگەر يارسام بۇ پەكرىمدىن دىگەن لەۋزىم كۇپۇر① بولسۇن.

سۆيۈنسەم، ئىپتىخارلانسام سىنىڭدىن شۇنچە ھەقلىقمەن،
دىلىم تەكتىدە ئۇغلاقلىقلىغىمغا مىڭ شۈكۈر بولسۇن.

بەدەل بولمايدۇ بىر لوقماڭغا يۈز يىللىق تەشەككۇرۇم،
سىنىڭدە بىر دەقىقەم خىسلىتى كۈرمىڭ ئۆمۈر بولسۇن.

ئۆمۈرۋايەت تۆكۈپ ئەجرىم، شەرەپشان كەلتۈرەي سەنچۈن،
ئۈمىدىمدە ۋىسالىڭنىڭ تىڭى پارلاپ زوھۇر بولسۇن.

## چېگرا جەڭچىسى ھەققىدە

لاۋۇلدايدۇ ۋەتەن مېھرى دىلىڭدا ئوت يۈرەك جەڭچى،
ۋەتەن ئەل بەختىنى قوغداش ساڭا ئالى تىلەك. جەڭچى.

سىياقىڭ ئەسلىتەر گويا گىگانت، مەزمۇت پولات تاغنى،
تۇرارسەن پوستا تەۋرەنمەي بولۇپ ھوشيار - زېرەك جەڭچى.

ئۆتەلمەس روخسىتىڭسىز چېگرادىن ھەتتا ئۇچار قۇشمۇ،
ئوغرىلىقچە كىرەلمەس ھەرنە قوزغۇن ياۋ - كەمەك، جەڭچى.

---

① كۇپۇر — ھەققىنى تېنىش، يالغان مەنىسىدە.



جۇلالار بىر جاھان سۆيگۈ ئاشۇ ئۆتكۈر نىگاھىڭدا،
بۇ نۇر - قەلب يالقۇنىنىڭ شولىسى - نۇرى دىمەك. جەڭچى.

سىيادەك تۈندىمۇ ھەتتا قىلالايسەنكى قىلنى پەرق،
يېنىپ تۇرغان ھۇكەردەك كۆزلىرىڭ نۇرانە بەك. جەڭچى،

نازاكەت تاغۇ - دەريالار ئورۇن تۇتقان قاراغىڭدا،
ئۇنىڭ ناز - جىلۋىسى ھەربىر دەقىقەڭدە كۆرەك، جەڭچى.

مۇقەددەس ھەر سىقىم تۇپراق مىسالى تۇتىيايىڭدۇر،
كۆرەرسەن ھەر گىيا قەدرىن ئەتىر ھىد گۈل - چېچەك، جەڭچى.

ۋەتەنگە پاسىبانلىقنى بىلەرسەن پەخرىلىك قەرزىڭ،
جاھاندا يوق شەرەپلىك ئىش ساڭا بۇندىن بۆلەك، جەڭچى.

گۈزەت تۇرساڭ سۆيۈنگەندىن دىلىڭغا خوشلۇغۇڭ پاتماس،
سىنى قوللاپ كۈلەر خەلقىم بولۇپ يارۇ - يۆلەك، جەڭچى.

باھادىر سەن، مۇزەپپەرسەن، كۈچۈڭ خەلق بىرلە قەلبداشلىق،
قۇياشلىق بۇ گۈزەل دەۋرانغا سەن شۇنچە كېرەك. جەڭچى.

ئەگەردە بولمىساڭ بىزگە كۆڭۈللۈك بۇ ھايات نەدە؟
چىرايلاردىن ئۆچەر كۈلكە، ئۆمۈر تاپماس بېزەك، جەڭچى.

ياراتقان ھەرنە تۆھپە، غەلبىمىزدە بار ئۈلۈش ھەسسەڭ،
رىزا سەندىن دىخان، ئىشچى، ئەدىپ، ئالىم ... گۇدەك. جەڭچى.

سۇراپ ئەل قەلبىدە يىلتىز، كامال تاپ، ياشنىغىن مەڭگۈ،
ئۆسۈپ كۈچ - قۇدرىتىڭ، بولسۇن بۈيۈك ئاسمانپەلەك. جەڭچى

## كاككۇك

كېلىپ كۆكلەم، قېنىپ ئارزۇڭغا ئەركىن يايرىدىڭ، كاككۇك،
قونۇپ بوستان تېرەكلەرگە يېقىملىق سايرىدىڭ، كاككۇك.

ئۇنىڭ ئارقاپ يىراقلارغا كۆڭۈلنىڭ تارىنى چەكتى،
كۈيۈڭدە بىر لېرىك ھېس - تۇيغۇنى ئىزھارلىدىڭ، كاككۇك.

نىدىن باغرىڭ كۆيۈپ بۇنچە مۇھەببەت بىرلە سايرايسەن؟!
نىچۈك سايراشقا بۇنچە ئىشتىياقلار باغلىدىڭ، كاككۇك؟!

ئۇنىڭدىن ئاڭلىدىم خۇددى ئەجەپ نادىر گۈزەل داستان،
دىلىمنى ئېرىتىپ، شېرىن ھوزۇرغا قاپلىدىڭ، كاككۇك.

جاھاندا بارمىدۇ سەندەك باھارنى چىن چۈشەنگەن قۇش؟!
سەھەردىن كەچكىچە زوۋق بىرلە سايراپ قانمىدىڭ، كاككۇك.

چۈشەندىم، سۆيگۈ شەۋقىدىن بولۇركەن ياخشى كۈي پەيدا،
مېنى ھەم خۇش باھارنىڭ ئىشقىۋازى ئەيلىدىڭ، كاككۇك.

ئاۋازىڭ ئىشتىلۇركى خۇشخەۋەر ھەم ياخشى دەۋەتنەك،
يېزا - قىشلاقنى جىددىي ئىش - كۈرەشكە ئۈندىدىڭ، كاككۇك.





## ئانام ناخشا ئۆگەتكەن ماڭا

ئانام ناخشا ئۆگەتكەن ماڭا،
بۆشۈكۈمنى تەۋرىتىپ تۈندە.
شۇ ناخشىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى،
لېرىك تۇيغۇ ئويغاتقان مەندە.

ئانام ماڭا ئۆگەتكەن ناخشا،
ياڭراپ ھامان قۇلاق تۈۋىمدە؛
ئۆتكەنسېرى ئۇچقۇر ۋاقىتلار،
ئايلاندى ئۇ يۈرەك كۈيۈمگە.

ئۈمىتلىك بىر شوخ بالا ئىدىم،
شۇ ناخشىنى ئېيتىپ چوڭ بولدۇم.
ئۇنىڭ ئىسىل مەنالىرىدىن،
پەم - پاراسەت تېپىپ ئۇك بولدۇم.

ئاشۇ ناخشا ئۆگەتتى ماڭا،
ئۆمۈر بويى ۋەتەن سۆيۈشنى؛
بىلىپ خەلقنىڭ ئىشىنى ئەلا،
ئەل ئىشقىدا ئوتتەك كۆيۈشنى.

ئاشۇ ناخشا ئۆگەتتى ماڭا،
ۋىجدان بىلەن ياشاشنى ھەردەم؛

ئېچىپ ئۆمۈر قامۇسىدىن بەت،
مەنزىل تامان تاشلاشنى قەدەم.

ئاشۇ ناخشا ئۆگەتتى غورۇر،
بەردى ماڭا تاغدەك چوڭ يۈرەك.
سەبىلەرگە ئەگدىم بېشىمنى،
تەلۋىلەرگە بولمىدىم بوزەك.

شۇ ناخشىنى ياڭرىتىپ ھەرتاڭ،
ئانا يەرگە تۆكتۈم كۆمۈش تەر.
ئىجات - مېھنەت ئوكيانىدىن مەن،
غەۋۋاس كەبى سۈزدۈم دۇر - گۆھەر...

شۇ ناخشىنى ياڭرىتىپ مەغرۇر،
تۇلپار مىنىپ چۈشتۈم بەيگىگە.
شۇ ناخشىنىڭ قۇدرىتى بىلەن
قالمىدىم مەرت قوشۇن كەينىدە.

تاغ - داۋاندىن ئاشماقچى بولسام،
ئاشۇ ناخشا بەردى گاڭ قانات.
نىگارىنى تاپقاندەك گويا،
قۇچاق ئاچتى ماڭا ھۆر ھايات.

مەن تۇغۇلغان ئاشۇ ناخشىدىن،
ناخشا بىلەن پۈتكەن ۋۇجۇدۇم.
شۇ ناخشىنى ئېيتىش مەن ئۈچۈن،
بولۇپ قالغان ئۆزگەرمەس ئۇدۇم.



شۇ ناخشىدا قىلىمەن بايان،
ئەلنىڭ كۆڭۈل ئىستەكلىرىنى.
مەدھىيىلەيمەن شۇ ناخشا بىلەن،
بەختىمىز گۈل - چېچەكلىرىنى.

## يىگىت لىرىكىسى

دىلبىرىم، كۈتىمەن سىنى بۇ ئاخشام،
مەجنۇنتال ئاستىدا بولۇپ ئىنتىزار.
چاپتۇرۇپ ساداقەت تۇلپارىنى سەن،
چىقساڭچۇ قېشىمغا قىلىپ ئىختىيار.

يۈرىكىم گوياكى بىر ئالتۇن بۇلاق،
تۈيغۇلار ئىلكىدە تۇرغان جۇش ئۇرۇپ.
سەن چىقساڭ، تۇتاتتىم ۋىسال شارابى،
مۇھەببەت جامىنى پەۋەس تولدۇرۇپ.

يېنىمدا لېپىلدەك چىرايلىق ئۆتسەڭ،
كۆۋەجەپ ئاقىدۇ ئۇندا زىلال سۇ.
ئوينايدۇ قېيغىتىپ كۆكتە ھىلال ئاي،
ئۆزگەندەك تىنىق كۆل يۈزىدە ئاققۇ.

ئەپسۇسكى، دىلبىرىم سەن يىراق قېشىمدا،
سېزىمەن ئۆزەمنى تولىمۇ يالغۇز.
دەيلىمنى ئۆزۈڭگە قىلالماس مەپتۇن،
توغاينىڭ چۇۋ - چۇۋى، خۇشپۇراق يالپۇز.

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدىم ئۆمرىمىز كارتىنىسىنى،
چوڭ بولدۇق ئانا يەر قۇچىقىدا بىز.
بىلمىدىم ياش دىلغا ياقتۇق مەشئەللەر،
تاۋلاندۇق جەڭ - چېلىش ئوچىقىدا بىز.

قانچىلاپ «مەدىنى يىگىت» لەر ساڭا
مۇھەببەت ھەققىدە قويۇشتى تەلەپ.
ھەممىگە ئوخشاشلا «ياق!» دېدىڭ كەسكىن،
يۈرىگىڭ قېتىدا ساقلاپ پەدىشەپ.

ئاشۇ چاغ كۆڭلۈمنى قىلغانتى ئەسىر،
سەندىكى پاك ۋىجدان، گۈل كەبى جامال.
قايسى بىر سېھرى كۈچ قولۇپ سالغاندەك،
بولاتتى ئالدىڭدا تىلىم گويا لال.

دىلنى دىل تونۇيدۇ دېگەندەك خۇددى،
ئۇچرىشىپ قالاتتى كۆزىمىز ھامان.
ئاق يۈزۈڭ لالىدەك تۈس ئالسا بىردىن،
ئىچ سىرىڭ كۆڭلۈمدە بولاتتى ئايان.

كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ ئۇچقۇر شامالدەك،
مۇھەببەت بابىدىن ئاچتۇق يېڭى بەت.
رىشتىمىز كۈنسېرى چىڭىدى مەھكەم
(ئارىغا قىل سىغماس پەقەت ۋە پەقەت).

دىلبىرىم، قانداقمۇ چىقسۇن ئېسىمدىن،
بولتۇر ياز مەن ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىڭ؟!



جېنىمدىن ئۆتكەندە كۆيۈك ئازاۋى،
قەلبىمنى ئىللىتتى مېھىر - شەپقىتىڭ.

كۆزۈمنى ئاچقاندا كېلىپ ھوشۇمغا،
تۈنجى رەت سەن ماڭا كۆرسەتتىڭ دىدار،
كارۋىتىم يېنىدىن ئايرىلماي قىلچە،
قانچىلاپ تۈنلەرنى ئۆتكۈزدىڭ بىدار...

ساقايدىم ۋە لېكىن قالدى تېنىمدە،
كېيىمگە سېلىنغان ياماقتەك تاتۇق.
چېھرىمدىن گۈزەللىك ئىزلىرى ئۆچتى،
(يوقىتىش بولامدۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق!؟)

بىر كۈنى ئىككىمىز قالغاندا خالى،
دېدىم: «ئەي دىلبىرىم، گۈزەل سەن شۇنچە.
گۈزەلگە گۈزەلدىن يار تۇتۇش ئەۋزەل،
مېنى دەپ ئۆزۈڭنى خار قىلما مۇنچە...».

سەن دېدىڭ: «گەپ دېگەن چىرايدا ئەمەس،
گۈزەللىك قەلبتىلا بولسا كۇپايە.
جۇلالاپ تۇرىدۇ قۇياش نۇرىدەك،
قەلبىڭدە گۈزەللىك، ئۇلۇغۋار غايە.

سەن كۆيدۈڭ قۇتقۇزۇش جېڭىدە ئوتتا،
دۆلەتنىڭ مۈلكىنى جان تىكىپ قوغداپ.
قەھرىمان ئاتالدىڭ خەلقىم ئاغزىدا.
دەل پەيتتە يىگىتلىك بۇرچۇڭنى ئاقلاپ.

سەن تۇرساڭ ئالدىمدا پاقىراپ زەردەك،
ئۆلۈمدۇر مەن ئۈچۈن ئۆزگە يار تۇتۇش.
ئامرىغىم، بولمىغىن باشقىچە ئويدا،
تۈگىمەس بەخت ماڭا كۆڭلۈڭنى ئۇتۇش!...»

سېنىڭ شۇ يالقۇنلۇق سۆزۈڭ بىلەن تەڭ،
ئۇمىتلىك كۆز ئاچتىم يېڭى ھاياتقا.
مۇھەببەت كۆكىدە قانادىم شوخ پەرۋاز،
ئېرىشكەچ بۈركۈتتەك شۇنماس قاناتقا...

شۇ تاپتا دىلدىكى قايناق ھېسلىرىم،
ئاقماقتا تارىمدەك دولقۇنلار ياساپ.
دىلبىرىم، مەجنۇنتال ئاستىدا شۇڭا،
تەلمۈرۈپ تۇرىمەن يولۇڭغا قاراپ.

مەيلى چىق ۋە ياكى چىقما قېشىمغا،
بەرىبىر سېنىڭدىن بولمايمەن خاپا.
چۈنكى سەن تېخنىكا يىغىلىپ سېختا،
ئېھتىمال، بۈگۈنمۇ چەككەنسەن جاپا...

دىلبىرىم، ئۆيۈمگە كەتتىم ۋە لېكىن،
يولۇڭغا قارىغان كۆزلىرىم قالدى.
شاھىت بوپ چىن سۆيگۈ - ساداقىتىمگە،
مەجنۇنتال ئاستىدا ئىزلىرىم قالدى.



مەھەممەت سىدىق تۆۋۈرى

## گۈزەل ئارزۇلار

(باللادا)

باش ئەگىم بويىدا چۆكۈپ خىيالغا،
دولقۇنلۇق دەرياغا تىكتىم كۆزۈمنى.
زوھرەتتەك سۇنى مەن ئۇچۇملاپ راسا،
ئېچتىم ھەم راھەتتە يۇدۇم يۈزۈمنى.

بېشىمنى كۆتىرىپ قارىسام تاققا،
كۆرۈندى تاھىر ۋە زوھرە قەۋرىسى.
تىكىلدىم قەۋرىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
قوزغىلىپ يۈرەكتە ئەجدات قىسسىسى.

ھەيۋەتلىك جۈپ قەۋرە ئىچىدىن شۇ چاغ،
تاھىر ۋە زوھرەجان چىقىپ كېلىشتى.
«كۆرەيلى بۇ ئازات دىيارنى بۈگۈن»
دەپ خوشال سۆزلىشىپ يېتىپ كېلىشتى.

تاھىرنىڭ يېنىدا ئوق - يا ۋە قىلىچ،
بەدىنى جەڭگاھتا يۈرگەن پېتىچە.

زۇھرەنىڭ كۆزلىرى چولپاندەك يانغان،
يۈزلىرى ئاناردەك، لەۋلىرى غۇنچە.

دېدى: بىز بۇ ئەلنىڭ پەرزەنتى ئىدۇق،
تۆكۈلگەن بۇ يەرگە كىندىك قېنىمىز.
ياۋۇزلار كۈن بەرمەي بىزگە قىلچىمۇ،
ئەركىنلىك ئوتىدا كۆيگەن جېنىمىز.

ئەمدى بىز مەھلىيا بولۇپ كۈنۈ - تۈن،
ۋەتەننى ئارىلاپ كېزىپ يۈرىمىز.
بوستانلار ئىچىدە يايراپ قانغىچە،
چىرايلىق گۈلدەستە تىزىپ يۈرىمىز.

بىز بارساق كورلىغا، نەشپۈتلۈك باغدا،
كاككۇكلار سايرىشىپ قىزىتقان ناۋا.
بىز بارساق باغراشقا، دولدۇللار راسا،
كۆپەيگەن، چېپىشقان، سوقار ساپ ھاۋا.

بىز بارساق قەدىمىي، ئەزىز قەشقەرنىڭ،
ئانارى شەرۋەتكە تولغان بېغىدا.
بىز باردۇق دولقۇنلۇق ئىلى بويىغا،
ئالمىلار رەڭ تۈزۈپ پىشقان چېغىدا.

ئەنجۈرنى خونچىلاپ تۇتتى قوللارغا،
ئاتۇشنىڭ ئەڭگەكچان، مەرت دېخانلىرى.
گىلەمدىن پاياندار سالدى يوللارغا،
بىز بارساق خوتەننىڭ ھۆر - غىلمانلىرى



بىز باردۇق تۇرپاننىڭ ئۈزۈملۈكىگە.
باردۇق ھەم تىيانشان بويلاپ توخسۇنغا.
ئۈرۈمچى ئاچتى كەڭ قوينىنى بىزگە.
تولۇپتۇ بۇ شەھەر ئىگىز تۇرخۇنغا.

خانتەڭرى ئۈستىدىن قاراپ ۋەتەنگە،
زىلچىدەك ياسانغان گۈلشەننى كۆردۇق.
ئەي ئەزىز ئانا يۇرت، گۈللىگىن مەڭگۈ!
دەپ دىلدىن سۆيۈنۈپ قانغىچە كۈلدۇق.

بىزدىمۇ بار ئىدى گۈزەل ئارزۇلار،
ئارزۇمىز ھېچ چەچەك ئاچمىغان بىراق.
سۆزلىسەك بىز ئۇنى تىزىپ مارجاندەك،
گەپ تولا... ئۆتۈشتى يىللار بەك ئۇزاق.

بىز ئۆتكەن زارۇ - زار چېكىپ پەرياتلار،
ئۇ چاغدا زالىملار قۇترىغاچ يامان.
مۇھەببەت ئەركىمىز چەيلەنگەن تامام،
ھەتتاكى جىسمىمىز قىلىنغان پايخان.

بۈگۈنكى ياشلارغا قىلىمىز ھەۋەس،
تارتمايدۇ بىز كەبى ھىجران ۋە پىراق.
زالىمنىڭ قىلىچى، قىيىن - قىستاقتىن،
ھەسرەت ھەم غۇربەتتىن مەڭگۈلۈك يىراق.

بۈگۈنكى ياشلارغا قىلىمىز ھەۋەس،
شۆھرىتى، خىسلىتى، كۆركى ئۆزىدە.

مېھنەتتە، ئىجاتتا تاپقان ئۇتۇغى،
مۇھەببەت ھوقۇقى، ئەركى ئۆزىدە.

بۈگۈنكى ياشلاردا بار ئىكەن يەنە،
تېخىمۇ مۇقەددەس گۈزەل ئارزۇلار.
ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئالەمگە ئۇچۇش،
مەھلىيا قىلغاچقا يىراق يۇلتۇزلار...

× ×

شۇ ۋاپا ئەھلىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى،
ياڭرىدى تىترىتىپ قەلبىم تارىنى...
مەن باقسام گۈلشەندە دەۋرىم ياشلىرى،
ئىشلەيتتى سايرىتىپ بەخت سازىنى...

باش ئەگىم بويىدا تۇردۇم مەن ئۇزاق،
خىيالىم دەريادەك دولقۇنلاپ تېشىپ.
ئويلىدىم ئۆتمۈشنى، بۈگۈن، ئەتىنى،
دەۋرىمگە مۇھەببەت ھەسسىلەپ ئېشىپ.

مەڭگۈلۈك كەلمەسكە كەتتى، يارانلار،
تاھىر ۋە زوھرەلەر ياشىغان دەۋران.
ئارزۇلار ھەل بولۇپ ياشىنىدى ئىقبال،
كەڭ قۇچاق ئاچماقتا بەخت، شەرەپشان.

دۇنيادا ئارزۇسىز بولمايدۇ ئادەم،
شۇڭلاشقا ئۈمىتۋار ئادەم ئۇلۇقتۇر.



گەر كىمكى ئۈمىتنى ئاشۇرسا ئىشقا،
ئىقبالى پارلىغان كۈندەك يورۇقتۇر.

ئەي گۈزەل ئارزۇلار، گۈزەل ئارزۇلار،
بېرىسەن ھاياتلىق تومۇرىغا قان.
سەن بىلەن گۈل تېرىپ كېلىچەك ئۈچۈن،
ئارزۇنى قوغلىشىپ ياشايدۇ ئىنسان.

1984 - يىل، ئۆكتەبىر.

www.uyghurkitap.com

قېيۇم سوپى

## خەتلەر...

ئۇستىلىمدە ھەركۈن خەتلەر كۆرىمەن،
ئۇندىن ئۇچقان خۇشپۇراقتىن كۈلىمەن.
ئاشۇ خەتلەر شاگىرتلىرىڭ سالامى،
ئوقۇپ ئۇنى باھار پەيزىـن سۈرىمەن.

ئالىم ساڭا خۇشخەۋەرلەر يېزىپتۇ،
ئارزۇسىنى ھەم مارجاندەك تىزىپتۇ.
سېنىڭ بەرگەن نۇرلىرىڭدىن كۈچ ئېلىپ،
پەندە يېڭى بىر كەشپىيات سىزىپتۇ.

سېنىڭ ھاكىم ئوقۇغۇچىڭ سۆزلىگەن،
سۆزلىگىنى يېڭىلىقلار يۈزلىگەن.
زامانىۋى قىلىش ئۇچۇن ناھىيىنى،
چوڭ ئىشلارنى جۈرئەت بىلەن كۆزلىگەن.

چېگىرىدىكى شاگىرتىڭنىڭ خېتىدىن،
خۇشاللاندىم ئۇنىڭ جەڭچى ئېتىدىن.
ۋەتەن ئۇچۇن كۈچ - جاسارەت ئۇرغۇپتۇ،
تەربىيەڭدە يۈرىگىنىڭ قېتىدىن.



ئاي دالادا چېدىر تىكىپ ياتقانلار،
دەپتۇ خەتتە گېئولوگلار - يارانلار:
«بىلىمىڭىز دۇربۇنىدا قېدىرىپ،
ۋەتەن ئۇچۇن تاپتۇق يېڭى كۆپ كانلار...»

كومبايىنچى ئوقۇغۇچىڭ ئارزۇگۈل،
خەت ئارقىلىق ئەۋەتىپتۇ دەستە گۈل:
بىر كۆرسىڭىز يېزىمىزنى مۇئەللىم،
بۇندا يەختىم قات - قات قىزىل، ئەتىرگۈل...

ئوقۇتقۇچى، يەختىلىكسەن نەقەدەر،
گۈلچى ساڭا گۈل تېرىدۇ تاڭ سەھەر.
سەن دەۋرنىـڭ گوياكى بىر قانىتى
سېنىڭ بىلەن كۈلەر غايە، شان - زەپەر.

«ئوقۇتقۇچى» دېسەم شۇڭا يۈرەكتىن،
روھلىنىمەن كۈرەشلەردە يۆلەكتىن.
سېنىڭ ئۇچۇن جاراڭلايدۇ تا ئەبەت،
ناخشىلىرىم ئېشىپ ئاسمان پەلەكتىن.

تولدى قەلبىم ھاياجانلىق گەپلەرگە،
خۇشاللىقتا كۆزۈم تىكىپ خەتلەرگە.
چىدالمىدى سېنىڭ كۈيچى شاگىرتىڭ،
تۆكمەي يۈرەك كۈيلىرىنى بەتلەرگە.

## ئۈرۈمچى

كەلدىممەن، ئۈرۈمچى، ساڭا شاتلىنىپ،
ئالمىزار مېھرىنى ئېلىپ ئاتلىنىپ.
سېغىنىش ھىسسىنىڭ يالقۇنلىرىدا،
تۇرغان سەن قەلبىمدە ھەردەم يادلىنىپ.

كەلدىم - دە، چىقتىم مەن گۈزەل خۇڭسەنگە،
ياقتىممەن باغرىمنى ھەسەن - ھۈسەنگە.
گۈزەللىك دىلبىرى ئالدى يۈرەكتىن،
تىككەندە كۆزۈمنى پەسكە — گۈلشەنگە...

ھەيۋەتلىك بىنالار خۇڭسەندە قاتار،
يېشىللىق ئىچىدىن جاناندەك مارار.
رۇجەكلەر ياقۇتتەك، تاملىرى ئالتۇن،
چاقنايدۇ كۈندۈز - تۈن، رەڭدار نۇر تارار.

سەن بولدۇڭ بىر گۈلزار، مەن بىر كېپىنەك،
ئايلاندىم نەچچە رەت قانماستىن يۈرەك.
بەختىيار ھاياتنىڭ پەيزىگە چۆمگەن،
بارمىدۇ، ئۈرۈمچى، سېنىڭدىن بۆلەك؟!

ھاپاجان ئىلكىدە كۆردۈم رەستىنى،
كۆردۈممەن بىر بىرىدىن ئۈز گۈلدەستىنى.
خېرىدار ئارزۇسى قانىدۇ ھامان،
ھەم كۆردۈم ئىشچىنىڭ باتۇر بەستىنى.



شۇ ئاۋات بازاردا كاۋاپ پۇرىقى،
ناخشىدا جاراڭلار ئادەم قۇلىقى.
مېھماندوست ئۇستاملار چىللايدۇ سېنى،
ھە مانا شۇ دىگەن ئۆمۈر خۇۋلىغى.

ئادەملەر چېھرىدە چاقنايدۇ قۇياش،
سەن ئۈچۈن ھەر جايدا مېھرىۋان يولداش.
ئەنە ئۇ سەپەردە،
يېڭى سەپەردە،
ئۇ ئۇلۇغ سەپتىكى ئىجاتكار سەپداش.

كۆردۈم مەن ئەۋلاتنى گۈللۈك باغچىدا،
كۆلكىلەر ئەۋجىدە،
يېڭى ناخشىدا.
شوخ بىگىت، ئايدەك قىز گۈزەل ياشلىقنى،
چىرايلىق بېزەپتۇ بىلىم ئىشقىدا.

گۈدۈكلەر ياڭرىسا ھەر تاڭ، ھەر سەھەر،
باشلايسەن كۆرۈشنى ئەي غالىپ شەھەر.
ئالغاچقا سېنىڭدىن ئىلھام ۋە مەدەت،
ئېلى ھەم تارىمدىن كېلەر خۇشخەۋەر.

كۆردۈممەن سېنىڭدىن ئۆلكەم ئەھدىنى،
كۆردۈممەن نۇرلىنىپ كۆلگەن ئەتىنى.

كۆردۈممەن دەۋرىمىز روھىدەك يارقىن،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوتلۇق قەلبىنى.

بەختىيار، نۇرانە يۇرتسەن، ئۈرۈمچى،
مىسالى يالقۇنلۇق ئوتسەن، ئۈرۈمچى.
جىسمىڭدا ھە، بۈگۈن ئالەمشۇمول كۈچ،
بەيگىدە يول بەرمەس ئاتسەن، ئۈرۈمچى!



مەخمۇتجان ئىسلام

## تۈنجى قار

خۇددى ئاق گۈلچاچقۇدەك چۈشمەكتە مامۇق تۈنجى قار،
تۈنجى قار ياققاندا ئۆستەڭ قازغىلى يول ئالدى يار.

مەن دىدىم: «قىشنىڭ كۈنى زەپمۇ كۆڭۈلسىز، قار يېغىپ
كىشىنىڭ كۆڭلىدە غەشلىك قوزغىتار بىئەختىيار.»

يار دىدى: «ئۇنداق ئەمەس، لاچىننى تاۋلايدۇ بوران،
ياغسا قار — قارلەيلىسى كۆركەملىشىپ كۆز چاقنىتار.

باققىنا، ياغماقتا قار، گوياكى ئۇ ئاپپاق چېچەك،
ئانىجان ئەلدە، كۆڭۈلدە قىش ئەمەس، كۆكلەم — باھار.

مانا مەن ماڭدىم بۈگۈن ئۆستەڭ قېزىشقا، ئامرىغىم،
ياغسا قار ئۆستەڭ — ئېرىققا لىق تولۇپ زۇمرەت ئاقار.

تولسا خامان چەش بىلەن، تولغاندا ساڭلار ئاش بىلەن،
تۆتلەشتۈرۈش — يۈكسەك پىلان شۇنچە تېز ئىشقا ئاشار...»

ئاڭلىدىم يارىم سۆزىنى، ياندى مەڭزىم ئوت بولۇپ،
مەن دىدىم: «يارىڭ سۆزۈڭنى — ئامرىغىم، ئەستە تۇتار.

شان قۇچۇپ ئۆستەڭ قىرغىقىدا. يېزىغا قايتقان كۈزلۈك،
ئامرىنىڭ ھەم شان بىلەن كۆكسۈڭگە چوغدەك گۈل تاقار...»

×

تۈنجى قار ياققاندا ئۆستەڭ قازغىلى يول ئالدى يار،
سۆيگۈ - مېھرىم قار بولۇپ گۈلچاچقۇدەك يولغا ياغار.

## ئويغاق دەريا

ئۇماق تۇمەن — ئويغاق دەريا،
سۈيى كەۋسەر، ئويناق دەريا.
يۈرىكىمدە ئىشقىم ساڭا،
خۇددى لاۋا، قايناق، دەريا.

شوخلۇق بىلەن سەكرەپ - ئويناپ،
زەپ يېقىملىق شاقىرايسەن.
زۇمرەت سۈيۈڭ گويا ئەينەك،
كۆز چاقنىتىپ پارقىرايسەن.

چىرالاردا ھەمرا بولۇپ -
ساڭا، ئۆدەك باغرىن ياقار.
بوستانلاردا سېنى كۈيلەپ،
بۇلبۇل، كاككۇك قوشاق قاتار.

ساڭا تاغلار زوقلىنىدۇ،
چۆللەر سەندىن روھلىنىدۇ.



قىز - ئوغۇللار ئويناپ - كۈلۈپ،
بويلىرىڭدا تويلىشىدۇ.

شاۋقۇنۇڭغا بولار تەڭكەش،
ئانا يۇرتۇڭ بۇلاقلىرى.
يۈرىكىمدىن ئاقار ساڭا،
يارقىن سۆيگۈ قوشاقلىرى.

ئاققىن تۇمەن، جۇر بولۇپ ئاق،
بەختىمىزنىڭ كۈيلىرىگە.
ئاقسام ئىدىم تامچەڭ بولۇپ،
تەشنا دىلنىڭ چۆللىرىگە.

## ئاق كېچە

ئاق كېچە، ئاپپاق كېچە،
ناخشىغا تولغان كېچە.
لەرزىتى، مېھرى بىلەن،
دىلغا ئوت سالغان كېچە.

دىلغا ئوت سالغان كېچە،
سوقىدۇ سالقىن شامال.
تۇرىمەن يارنى كۈتۈپ،
كېلىدۇ ساھىبجامال.

كېلىدۇ ساھىبجامال،
ئاپمۇ - ئاق نۇرغا چۆمۈپ.

پەن - ئىلىم دەرياسىدىن،
بىباھا گۆھەر سۈزۈپ.

بىباھا گۆھەر سۈزۈپ،
كېلىدۇ خۇشخۇي كۈلۈپ،
يۈرىكىم ئەلبۇمىغا،
سۆيگۈدىن قوشاق پۈتۈپ.

سۆيگۈدىن قوشاق پۈتۈپ،
يار قويار كۆكسۈمگە باش.
لېۋىدىن بەرگەندە بال،
چاقنىدى دىلدا قۇياش...

ئاق كېچە، ئاپپاق كېچە،
ياقىسەن كۆڭلۈمگە سەن.
تۆكۈمەن ئۇتلۇق قوشاق،
زوقلىنىپ جىلۋىگە مەن.





## تاڭ لىرىكىسى

مەرھابا تاڭ، ياي ساماغا لەيلى - ياقۇت تونىنى ياي،
نۇر جامالىڭ ھۆسنى ئوخشاش تۈسكە كىرسۇن ھەممە جاي.

نەغمىچى قۇشلار چۇرۇقلاپ سايرىسۇن گۈل بەرگىدە،
گۈل ياساپ تاڭرەڭ پىيالە، غۇنچە سۇنسۇن بىزگە چاي.

تاقىسۇن شەبنەم بىلەن مۇنچاق دەرەخلەر ياپرىقى،
مەن شۇ ياپراق مۇنچىقىنى ئەتىۋالاپ، يۈز ياقاي!

قىبقىنۇس، ئەنقا ئۆزىنىڭ كۆلكىسىنى باشلىسۇن،
تاڭنى قۇتلاپ مەنمۇ دەرھال شادىمان سايراپ باقاي.

ئىخ! قېنى، تاڭ چەشمىسىدە ئاشكارا بولسۇن شەپەق،
مەنمۇ قەلبىم چەشمىسىدىن بىر شەپەق ئىزلەپ تاپاي...

ئىنتىزارىم تاڭ ۋىسالى، تاڭ كويى ئەردى، دەرىخ،
بۇ مۇرات ھەل بولدى، سۈترەڭ كۆككە چوغرەڭ گۈل تاقاي!

مەن ئەزەلدىن تاڭ خۇمارى، تاڭغا ئامراق ئەر ئىدىم،
تاڭنى بەختىم دەپ بىلەتتىم (تاڭدا ئاچقاچ خۇشچىراي).

چۈنكى تاك تۈنىنى غۇلاتقان، گۈننى نەخشەندە ئەيلىگەن،
ئاتمىسا تاك، چىقمىسا كۈن نۇرلىنامتى باغۇ - ساي؟

بىر مەھەل تاك داستىخىنىنىڭ ئۈستىنى ياپتى بۇلۇت،
تاغدا مايمۇن تەخت ئىگەللەپ، بولدى يولۋاسلار «مالاي».

يۇتتى ئەمدى شۇم بۇلۇتلار ۋەھمى، تاك تۇتتى قەدەھ،
باشلىۋدتتى كاتتا مەشرەپ يەردە بوستان، كۆكتە ئاي...

دىل بېغىمنىڭ مەلھەمى سەن ئاشىغىمەن سۈبھى تاك،
نەزمىلىك كۆڭلۈم بۇ دەم غەمدىن ئازات ھېسسىياتقا باي.

شاتلىغىدىن يۇتتى روزى سەن ئۈچۈن نەشتار - غەزەل،
مەرھابا تاك، ياي ۋەتەنگە گۈل پاياندازىڭنى ياي!

1978 - يىل، نويابىر، خوتەن.

## بىلسەك

(يېڭى «ئاساسقانۇن»نى قايتا ئۆگىنىشتىن تەسىراتىم)

يامانغا يانتايان بولغاق كىشى تەكتى يامان، بىلسەك،
بولۇپ ھامى زىياندا شقا ياپار پەداز - چاپان، بىلسەك.

ئايان ئەھلى جامائەتكە: «چەۋىن ئامراق نىجاسەتكە»
شۇڭا «كىنۇ-كىنۇ» قىلار، قەستى تېپىش لوقما - ھايان، بىلسەك.



ئاسان كۆزگە چۈشەر ھايۋان تېشىدا ئالىسى بولغاچ،
كۆڭۈل - كۆكسى «ئالا» ئىنسان سېزىلمەيدۇ ئاسان، بىلسەك.

نەزەر سالسام بۇ ئالەمگە دىلى ئاق - ياخشى ئادەم كۆپ،
نېچۈنكىن ياخشىلار رەنجىپ زىيان تارتتى ھامان، بىلسەك؟

ئادالەت بابىدىن سۆزلەش ئادالەتسىز ئۈچۈن ئادەت،
قاراقچى سوتچىنى قاغاپ دەيمىش «قاتىل، قاۋان»، بىلسەك.

مۇناپىق ئاغزىدا «سۇبھان»، قولىدىن چۈشمىگەي تەسۋى،
ۋە لېكىن باغرىدۇر شەيتان لەئىنگە جاي - ماكان، بىلسەك.

ئۇسۇپ مۆمىننى ئۆلتۈرگەي ئىكەن تەخەي مۆڭگۈز تاپسا،
مۆڭگۈزلۈكلەر بۇيانلاققا نېسىپ، تارتتى ساپان، بىلسەك.

ئۆگەنگەن قىغ تىتىپ مىكىيان، پالاقلاپ ئۇچسىمۇ گاھى،
ئاشالمايدۇ ئۇ لاچىندەك قىلىپ پەرۋاز داۋان، بىلسەك.

لاۋۇلداپ كۆيگىلى بەرھەق ئوتۇندەك ياخشى نەشيا يوق،
پارىلداپ كۆز يۇمار بىر پەس تۇتەپلا ئوت - سامان، بىلسەك.

دۇرۇس، تارىختا جىن - شەيتان، زىيانكەشلەر سېلىپ پوپاك،
ئۆرىگە تاپتى دەسمايە ۋاقىتلىق قۇچتى «شان»، بىلسەك.

مالامەت ئوقلىرى تەگدى «ئىبلىپ»نى «دال» دىمەسلەرگە،
ھەقىقەت گاھىدا بولدى خاتاغا يەم - نىشان، بىلسەك.

www.uyghurkitap.com

لېكىن بولمايدىكەن كۈلنى ئىتەكتە ياپقىلى مۇتلەق،
يورۇق تاڭ شەپىرەڭ، ھۇقۇش ئۈچۈن باسمايدۇ يان، بىلسەڭ.

كۆرۈپ دۇنيانى باتىن كۆز بىلەن كەلگەن خۇلاسەم شۇ:
چاقا ـ تۆھمەت ئالالماس نەپ يالاپ تەخسە، تاپان، بىلسەڭ!

«ئۇشۇق گەپ يۈك ئىشەككە» دەپتىكەن ئاقىل نەسەھەتگۈي،
«بۇرۇن باغداتتىكى نەرسە بۈگۈن باغدا» ياران، بىلسەڭ.

قېنى، روزى گېپىڭنى يىغ، ئۇقۇ «قانۇن» نىمە دەپتۇ،
ئۇنىڭ ھەر ماددىسى شۇنچە تېتىملىق ئابۇ ـ نان، بىلسەڭ.

1981 - يىل، ماي، خوتەن.

## جاھاندىن بەختىيار ئۆتكەي

(يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىدىن ھاياتىي كۈچ تاپقان
دىخانلار تىلىدىن)

مۇرادى بولسا ھەل ئىنسان جاھاندىن بەختىيار ئۆتكەي،
دىلىدا قالمىغاي ئارمان، مۇرات ـ مەقسەتكە يار ئۆتكەي.

يوقاپ دىشۋارچىلىق، كۈلسە ئۈممەتنىڭ دىلبىرى تاتلىق،
مۈلۈكسىز بىر گاداي خۇددى خەزىنە مۈلكى بار ئۆتكەي.

ئاتار پاۋانمۇ ئاھۇنى قىسىپ كۆز بىر ئۇزاق چەنلەپ،
ئەگەر ئوق كەتسە بوش ـ تەگمەي نىشانغا، زارۇ ـ زار ئۆتكەي.



باھار بۈلبۈللىرى ھەرتاڭ قونۇپ گۈل بەرگىگە سايرار،
ئۇنىڭ بۇ سايرىشىدىن غۇنچە شات ـ خوش، زاغ بىزار ئۆتكەي.

دەرىخا، لاي سۈدەك ئۆتتى شۇ يىللاردا ئۆمۈر نەپسىز،
قېنى، دەڭ كىممۇ بىزدەك بۇ سۈپەت دىشۋارۇ ـ خار ئۆتكەي؟!

مۇبادا ۋەسلى ئارمانغا زامان يەتكۈزمىگەن بولسا،
ئىدى ئەل بىباھار ئۆتكەي، ئىدى ھەم بىمادار ئۆتكەي.

ئۇتۇقتىن دوست خوشال، ھازىر گويا شاھانىدۇر تۇرمۇش،
سىياسەت ئىز بېسىپ تۇرسا ھامان باغ لەيلىزار ئۆتكەي.

سامانىڭ تەكتى سۈترەڭدۇر بۇلۇت پەردە ياپالمايدۇ،
قۇياشلىق تاڭ ساباسىدا قاچان، كىم دىل ئازار ئۆتكەي؟!

ئىسىل بۇ دەۋرىمىز بىزنىڭ ھايات كۈلمەكتە قاھ ـ قاھلاپ،
كىمىكى كۈلكىنى توسسا ئۇنىڭ جايى مازار ئۆتكەي.

زىمىن ـ ئاسمانچە ئىخلاستا بۇ روزى سۇندى مەي، دوستلار،
مۇرات ھەل ئەمدى مەشرەپتە، خەلق شات، بەختىيار ئۆتكەي...

1981 - يىل، ئىيۇن، خوتەن.

## باھارغا مەدھىيە

لەۋ باھار، بۇ كائىناتنىڭ ئەڭ ئىسىل كۆكلەم چېغى،
ياشنىغاي بىز چاغدا ھەرجان، نۇرلىنار يۇرتنىڭ بېغى.

ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ يەر كىيگۈسى يېشىل چاپان،
كەتكۈسى ھەم پەسلى قىشنىڭ جۇت - زىمىستانلىق دېگى.

رەڭ ئالار گۈل - غۇنچە خۇددى لەئلى، ياقۇتتەك قىزىل،
گۈل تاماشاسى ئەمەسمۇ ئەسلى ئىشنىڭ قىزىغى!

ئالدىرايدۇ نەۋ باھاردا قۇشمۇ چاڭگا تېزغىلى،
تەندە ھەركەت، ئىشتا بەركەت. ھىستا سۆيگۈ «توزىغى»...

«ھوت، قېنى كەتمەننى تۇت!» بۇ — ئانچىكى بىر گەپ ئەمەس،
كىم چىقارسا بۇنى ئەستىن كەم بولۇر ئاش - ئوزىغى.

مەھلىيا بولماق كېرەكتۇر ئۆز ئىشىغا ھەر كىشى،
چاڭگا تېزغان قۇشنى ئۆرنەك قىلسا باسماس غەم تېپى.

ئۇقمىسا ئەردى بۇ روزى نەۋ باھارنىڭ قەدرىنى،
دەرمەندى «ئەي، گەز يېكار — بوش كەتمىسۇن كۆكلەم چېغى!»

1982 - يىل، مارت. خوتەن.

## كۆككۆل نىزھارى

بۇلبۇل تاپتى بوستاننى ھۆقۇش قوغلاندى،
سابا خۇش ھىد ئېلىپ كەلدى، كۆككۆل شاتلاندى.

تاڭ تەۋەللۇت ئەيلىدى — تۇن تۇتقاچقا تونغاق،
بۇلبۇل كۈيى، ھۆقۇش زارى تەڭلا ئاڭلاندى.



ئۇندا ئەپغان، بۇندا خەندان... بوستاندا مەشرەپ،
ھەيھات! جاھان ئاستىن - ئۈستۈن، ھايات جانلاندى.

بۇ پەلەكنىڭ قىلمىشىنى ئەيلەڭ تاماشا،
چەرخى گەردۇن ستەمكارغا تەتۈر ئايلاندى.

«تەتۈر ئايلان، تەتۈر ئايلان مەڭگۇ مۇشۇنداق،
بۇ (ئايلىنىش) بىزگە ياقتى — تەتۈر ئوڭلاندى!»

شۇ سادانىڭ لەرزى كەتتى يىراق - يىراققا،
تاغۇ - دەريا، يەرۇ - ئاسمان كۈلدى - ئويغاندى.

ئەد - ئادالەت، ھەق تارازى تەڭپۇڭغا كەلگەچ،
ئەمدى شائىر يازمىلارنى قايتا ئويلاندى.

1982 - يىل، ئۆكتەبىر، خوتەن.

ئابدۇللا سۇلايمان

## خىسلەت ھەققىدە مۇخەممەس

ياپ - يېشىل باغۇ - چىمەننىڭ مىڭ تۈمەن گۈل زىننىتى،
خۇشپۇراق چاچقاشقا گۈلنىڭ ئاشقاي باھاسى - قىممىتى،
بولىدۇ بۇلبۇل شۇڭا دائىم ئۇنىڭ يار - ئۈلپىتى.
سۆيگۈنى كۈيلەپ ئۆتەر بىللە قۇرۇپ دىل سۆھبىتى،
مەڭگۈ تەقدىرداش — يېقىن گۈل بىرلە بۇلبۇل قىسمىتى.

كىشىلەر قىلدى ئۇنى سۆيگۈ - ۋاپاغا چىن مىسال،
دىدى: ئارزۇلار كۈلۈپ تاپسا ئاشۇ گۈلدەك كامال،
ئىزلىدى جانانىنىڭ ۋەسلىگە يەتمەكتە ئامال،
بۇ مۇشەققەتلىك، ئۇزۇن يولدا يېڭىپ توسقۇن - قامال،
كەلدى، كەتتى بۇ جاھاندىن يىغلاپ، كۈلۈپ ھەم ردت - رېتى.

قىلدى كەڭ ئالەم بىلەن قىسقا ئۆمۈر ئىسپات بۇنى:
قىلغۇلۇق ھەمرا گۈزەل خىسلەتنى دىلغا كۈن - تۈنى،
بولمىسا دىلدا ئەگەر ئۇنىڭ زەررىچە ئۇچقۇنى،
چىن ۋاپاغا قىلغۇسىدۇر ئۇ جاپالار ھەر دىمى،
پاك يۈرەكتە چاقنىغاي ئىنسان غورۇرى، خىسلىتى.



بۇ بۈيۈك خىسلەتنى ئۆرنەك قىلدى كۆپلەر ئۆمرىدە،
شان قۇچۇپ ياشاشنى مەرتلىك بىلدى كۆپلەر ئۆمرىدە،
ئەل سۆيگە ئەل بىلەن تەڭ كىردى كۆپلەر ئۆمرىدە،
تىغ بولۇپ تۈن كۆكسىنى تىلدى كۆپلەر ئۆمرىدە،
شۇ يوسۇن ئەيلەندى بەرپا بۇ ھاياتنىڭ جەننىتى.

ئۇلىنىپ ئەجدات داۋام قىلغان چېلىش ئەۋلادىغا،
يەتتى ئەجدات كۆچىتى ئەۋلات بىلەن ئابادىغا.
تاپقۇزۇپ ئىشتا ئۇلار مەقسەتنى چىن بەركاتىغا،
يازدىلەر ئۆز نامىنى تارىخ قۇرىغا - بابىغا،
تۇردى چاقناپ تاشقا گۈل باسقانغا ئوخشاپ مېھنىتى.

بەزىلەرنىڭ نامى يوقكى شان - ئۆتۈقنىڭ بابىدا،
تۇردۇ ئەمما ئۇلار مۇشكۇل - جاپانىڭ ئالدىدا.
بەزىلەر مەرت، مەرتلىكى پۈتكۈل ۋۇجۇدى - قانىدا،
بۇ كەبى ئىنسان ئىبتىنى ئەل تۇتار ئەس - يادىدا،
بارىدۇ دائىم ئېشىپ دىللاردا ئاعدەك ھۆرمىتى.

نە ئۈچۈن قىلدى ئۇلار ئەلنى سۆيۈشنى ئىختىيار؟
نە ئۈچۈن باش ئەگمىدى تۇرغاندىمۇ ئالدىدا دار؟
نە ئۈچۈن تاپتى ئۇلار ئەلدىن شەرەپ - شان، ئىپتىخار؟
چۈنكى خىسلەتلىك يۈرەكنىڭ باشقىچە چوغ تەپتى بار،
بۇ ھارارەت قەلبى ئۆلمەسلەر سىماسى - تەقلىتى.

گۈلكى، چىن خىسلەت شۇڭا ساپ دىل كىشىنىڭ قەلبىدە،
ئۇنى پەرۋىشلەپ يېتىلدۇرگەي چېلىشتا - بەيگىدە،
غۇنچىسى خىسلەت گۈلىنىڭ ئاچقاي چىچەك تەر ئەجرىدە،

قىلدۇ تەقدىم ئۇنى ئەلگە يەنە شات پەيتىدە،
ئاشىدۇ بۇنداق كىشىنىڭ ئالەمگە تارقاپ شۆھرىتى.

ساپ نىيەتلىك كىشىنىڭ ئۆمرى جاھان ئۆمرىگە تەڭ،
ھەممىشە توقتۇر كۆزى - قارىنى، نەزەر - پىكرىمۇ كەڭ،
كۆرىدۇ ئۆز بەختىنى كۆپتىن، قويۇپ ئىقبالىغا زەڭ،
قىلىدۇ ئۆز يۇرتىنى گۈللەش ئۈچۈن ھەرچاغدا جەڭ،
ئاقىدۇ دىلىنىڭ ئاڭا يۈكسەك تەشەككۈر، رەھمىتى.

## كۈلدۈرۈپ

تۇردى ئايشەمقىز سەھەر ماھى تابانىنى كۈلدۈرۈپ،
كۆتىرىلدى ئارقىدىن كۈن كەڭ جاھاننى كۈلدۈرۈپ.

دەستىگاھقا تارتتى چىڭ ئاقاق، ئۈرۈشنى شۇنچە تېز،
ئۆز ئىشىدىن ئانىسى ھەم سارىخاننى كۈلدۈرۈپ.

ئوينىدى ماھىر قولىدا پەنجىسى يىپلار ئارا،
باشلىدى شات ناخشىنى شىرىن زاباننى كۈلدۈرۈپ.

چەكدى ئۇ گۈلگە تىۋىت، سىزغان كەبى رەسسام سۈرەت،
گىلەمنىڭ ھۆسنىدە گۈلشەن ماكاننى كۈلدۈرۈپ.

پەنجە ئۇرغاچ ئويلىدى: «پۈتسە بۇ ئەجرىم پات - يېقىن،
ئوينىساق قوش-توي يېزامدا بارچە جاننى كۈلدۈرۈپ.»



لىپ قىلىپ ئۆتتى شۇ چاغ كۆز ئالدىدىن ئىشچان يىگىت،
ماگدى مەرتلەرچە ئېتىزغا، شوخ جاناننى كۈلدۈرۈپ.

ئۇ ئەنە يەڭگىنى تۈرۈپ سۇ تۇتتى «ھۆددە يېرى» گە،
سۇ ئەمەس ماڭلاي تېرىدىن مايسا - داننى كۈلدۈرۈپ.

يۇرتقا يايدى سېخى كۆز مەمۇرچىلىقتىن داستىخان،
يىگىتى چەش سورىماقتا كەڭ خاماننى كۈلدۈرۈپ....

قوندۇرۇپ قىز دەستىگاھنىڭ ئۈستىگە ئۈي قۇشىنى،
دىدى: «مەنمۇ قۇچىمەن شان، ھۆر زاماننى كۈلدۈرۈپ.»

ئاڭلا ئەتە بولىدۇ بۇ قىز - ئوغۇلنىڭ شات تويى،
چىن ۋاپا بىرلە ئۇلار ئۆتكەي جاھاننى كۈلدۈرۈپ.

## ئوغلاق تارتىشىش

چۈشتى «ئوغلاق تارتىشىش» قا توختى بىزدىن تاللىنىپ،
مىندى جەرەن قاشقىسىغا بەسلىشىشكە راسلىنىپ.

يېزىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈر دىسەك بۇ بەيگىدە،
يەردە قويمايمەن ئۈمىدىنى، دىدى دىلىدىن شاتلىنىپ.

قويۇلۇپ مەيدانغا «ئوغلاق» ياڭرىدى سىگنال ئۈنى،
چاپتى ئاتلىقلار گويا جەڭگاھقا بىردىن تاشلىنىپ.

ئۆتتى قولدىن قولغا «ئوغلاق» كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە تېز،
گاھى بىرسى يانپىشىدا، گاھ ئىگەردە قاتلىنىپ.

چېپىشىپ ماھىر چەۋەندازلار ئىلىشتى كۈچ بىلەن،
توختىمۇ كىردى بۆسۈپ سەپكە، تېخىمۇ شاتلىنىپ.

بېسىپ «ئوغلاق» نى ئىگەر ئۈستىگە ئۇ، ئۇچقان چېغى،
تۇردى مەيداندا ئۇزاق ئالقىش ساداسى ئاڭلىنىپ.

«ئولجا» نى ئۇ تارتقۇزۇپ قويماي، يېتىپ جاي ـ پەللىگە،
غەلىبىسىدىن كۈلدى ئات ئۈستىدە يانغا قايرىلىپ.

تۇرغىنىدا شۇنچە مەغرۇر، خۇشچىراي ئالدىمدا ئۇ،
كەلدى ئېسىمگە ئۇنىڭ كەچمىشلىرى تېز پادلىنىپ:

ئىدى بىر چاغلاردا ئۇ نامرات بولۇپ ئۆتكەن دىخان،
بولدى كۆپ سەرسان، ئۆيى ـ كۆكتات يېرىدىن ئايرىلىپ.

جان ئېتىش كويىدا ئۇ مىڭ تەستە باقسا بىر قوزا،
قالدى «خۇسۇسلۇق ئېغىر» دەپ ئاڭا تۆھمەت چاپلىنىپ.

كۆپ ئۇزاققا بارمىدى زارلاپ ئۇنىڭ ئۆتكەن كۈنى،
كۈلدى مىليونلار قاتارى گۈلگۈن ھاياتى باشلىنىپ.

ماڭلىيىغا ھۆر بەخت سۆيگەندە ئۇ سەزدى ھوزۇر،
دىدى: ئاپتى ئاخىرى ئات ئۆز ئوقۇرىنى ئايلىنىپ.



ئۇ قوشۇپ قىزغىن ئاۋاز كومپارتىيە پەرمانىغا،
روھلىنىپ ماڭدى يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ.

مانا ئۇ ئەمدى مەھەللە بويىچە بىر كاتتا باي،
ئەجرىدىن بايلىق ياراتتى، مېھنەت ـ چېلىشتا تاۋلىنىپ.

ئەلمۇ باي، دۆلەتمۇ باي، ئەركىن ـ ئازات مېھنەت، ھايات،
بەختىمىز دۈشمەنلىرى قالدى يىراقتا داتلىنىپ.

كۆر مانا، كەڭ يېزىدا ئۆتمەكتە تۇرمۇش زەپ بەلەن،
توي بىلەن ھەر كۈنلۈگى بارماقتا قويىنى جانلىنىپ.

بولدى «ئوغلاق تارتىشىش» بۇ جانلىنىشقا بىر مىسال،
كۈي ـ غەزەل يازدىم دىخاننىڭ بەختىدىن ئىلھاملىنىپ.

نۇردۇن موسا

## قىزىلگۈل

قىزىلگۈل باھارنىڭ گۈزىلى — سۇلتانى،
بۇلبۇللار ئۇنىڭغا ئىشقىنى بەرگەن.
بارچە جان شاتلىنىپ سۆيۈنۈپ دىلدىن،
كۆڭلىگە مۇھەببەت گۈلىنى تەرگەن.

پۈرايدۇ قىز - يىگىت باغلاپ رىشتىنى،
خۇش ھىدى راھەتلىك بىغىشلار جانغا.
شائىرلار كۈيىگە بولىدۇ مەزمۇن،
بىزەكتۇر يارالغان تۈمەن داستانغا.

يايرايمەن شاتلىنىپ ئىستىگىم ئۇلۇغ،
بولغاچقا شۇ گۈلدەك دەۋرانىم گۈزەل.
قىزىلگۈل مەۋسۈمى باھار بىلەن تەڭ،
بىر ئۆمۈر ياڭرىتىپ ئېيتىمەن غەزەل.

1983- يىل، ماي، بېيجىڭ.

## ۋەتەن باھارى

باھارنى ئوخشاتسام بەختىيار قىزغا،
مەن ئۇنىڭ مەڭزىگە ياراشقان خالى.



باققاندا ئۇ پەرى جىلۋە - ناز بىلەن،
قالمايدۇ يۈرەكنىڭ زەررىچە ھالى.

ئاشۇ قىز كېلىدۇ ئېتىز ئارىلاپ،
ياپ - يېشىل كىمخاپتىن كىيىپ تون - لىباس.
بويىنغا چىچەكتىن مۇنچاقلار ئېسىپ،
شاتلىقتىن بەزمىگە قۇرىدۇ ئاساس.

ئاشۇ قىز كېلىدۇ يايلاق ئارىلاپ،
ئېچىلار گۈل - غۇنچە پۇراقلار چېچىپ.
چوپانلار شاتلىقتىن ئالىدۇ ھوزۇر،
ئۇنىڭ ئۆز ۋەسلىدىن مەي - شاراپ ئىچىپ.

ئاشۇ قىز كېلىدۇ ئېدىر ئارىلاپ،
ئورمانلار ئالقىشلاپ قىلىدۇ تازىم.
ھەيۋەتلىك قار - مۇزلار ئېرىپ تەپتىدىن،
ساناقسىز ئېقىنلار بەسلىشەر دائىم.

زەپ ئىسىل، زەپ كۆركەم ۋەتەن باھارى،
ياڭرايدۇ ھەر ياندا ئۇنىڭ شات كۈيى.
باغلاردا گۈل ھىدى، تاغلاردا ناخشا،
قىزىيدۇ ئۇ بىلەن مېھنەتنىڭ كۈيى.

مەن گويا بىر بېلىق بولۇپ شۇڭغۇسام،
باھارنىڭ ئېقىنى — زۇمرەت سۈيىدە.

ۋەتەننىڭ كۆكىدە قاناتلار قاقسام،
دەيدىغان ئۈمىت بار يۈرەك تۆرىدە.

ۋەتەننىڭ باھارى - مېھرىگە قېنىپ،
بوي تارتسام ئىپتىزدا ئايلىنىپ گۈلگە.
باھارنىڭ شاتلىقى پەيزىدە يايراپ.
سايرىسام بۇلبۇلدىن ئېلىپ يا نۆلگە.

1983 - يىل. باھار.





## يولداش

يولداشنىڭ مەنىسى بەش قولدەك ئېنىق
ئۇ - ئىمەك. مەقسىدى، نىشان، يولى بىر.
يولداشلىق ئەجرىدىن كۆكلەيدۇ ئىنسان،
يولداشلىق كۈچىدىن ئېچىلار ھەر سىر.

ئۆمۈرنىڭ يوللىرى ئەگىر - توقايلىق،
ئەمەستۇر ھېچقاچان تاناپتەك تۈپ - تۈز.
بەزىلەر مۈدۈرۈپ پاتقاندا لايغا،
بەزىلەر تاپىدۇ زەپەرلەردىن يۈز.

بەزىلەر بىر مەھەل چۆپقالسا سەپتىن،
بەزىلەر ئىلگىرىلەپ قۇچار نام - ئاتاق.
بەزىلەر يىقىلسا بىخەستەلىكتىن،
بەزىلەر ئۈنىڭدىن ئالىدۇ ساۋاق.

ئاشۇنداق خوشاللىق - قايغۇ پەيتىدە،
يولداش — ئۇ، ئۈزىتار خالىسلىق قولنى.
قونغان چاڭ - توزاڭنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ،
قول تۇتۇپ نىشانغا سالىدۇ يولنى.

ۋە لېكىن ھۇقۇشلار چىللىغان يىللار،
يوقالدى «يولداش» نىڭ ئۇلۇغ مەنىسى.
يۈز بەرگەن تېرىقتەك سەۋەنلىك ئۈچۈن،
ئويىندى باشلاردا پىيپەن دەررىسى.

يولداشلىق غۇنچىسى ئۈزۈلدى شاختىن،
ئۆچمەنلىك ئۇرۇغى ئۈندۈردى تىكەن.
قانچىلاپ «چىنار» لار بولدى «قارا يىپ»
قانچىلاپ «قارىغاي» ئاتالدى يىكەن.

«يامانغا يان باستى» دىدى قانچىنى،
ئۈزئاتقاچ دوست - يارەن بىر پىيالە ئاش.
قانچىلار «دۈشمەن» دەپ سولاندى ئۆيگە.
كۆرەلمەي كۆر يۇمدى تۇققان - قېرىنداش...

پاھ، بۈگۈن ۋەتەندە باشقىچە بىر ھال.
«يولداش» بۇ — ئۇلۇغ نام بەردى زور مەنا.
يولداشلىق مېھرىمىز ئۆركەشلەپ ئاقتى.
ئېپ كەلگەچ باھارنى پارتىيە — دانا.

يۈكسىلىش كۆكىدە ئۇچقان ۋەتەندە،
كۆپچىلىك ھەممىسى بىر تۇققان، ئىناق.
«يولداش» تىن ئىبارەت بۇ ئىسىل خىسلەت
ياشايدۇ ئۇزاق، كۈرمىڭ، كۈرمىڭ يىل.

1980 - يىل، ماي، ئاقتۇ.



# ئارازا ھەققىدە

ئارازا، ئىسمىڭمۇ شۇ قەدەر يەلەن،
سۆيگۈنۈم مەن سىنى — ھەۋەستىن ئەمەس.
ئۆلچەيدۇ سىنىڭدە ئالتۇن - كۈمۈشنى...
ئۆلچەم — ئۇ ئادىللىق، ئەمەس ئۇ ھەۋەس.

سەن تاكى ئەزەلدىن خىسلەت تاجىسى،
خىسلىتىڭ نەق شۇكى — راستلىققا گۇۋا.
تاشلىرىڭ ئاشكارا، ھىساۋىڭمۇ ھەم،
ئېتىسەن يوقنى - يوق ھەم بېرىنى بار.

تۇرىسەن سەۋىمى، خاسلىققا چۆمۈپ،
كار قىلماس ساڭا ھىچ تونۇش - ناتونۇش.
كار قىلماس ۋە ياكى يېقىنۇ - يىراق،
ئىپادەڭ: دىلدا سان، ئۆزۈڭ جىم تۇرۇش.

ئادىللىق سەھنىسى — ئۆلچىمى ئۆزۈڭ،
ساختىلىق بىر ئۆمۈر دۈشمىنىڭ سىنىڭ.
شۇ سەۋەپ ئادىللىق بابىدا ئەبەت،
بولىسەن ھەقىقى ئۇستازىم مىنىڭ.

1981 - يىل، سىنتەبىر، قەشقەر.

www.uyghurkitap.com

## تۇرسۇن نىياز

# كۆمۈلگەن ئەنجۈر

كۆز پەسلى يەتكەندە ئىككى تال مېۋە،
تۆرەلدى كېچىكىپ ئەنجۈر شېخىدا.
زورايدى بىرى، تېز پىشتى مەي باغلاپ،
بىرى كۆك پېتىچە قالدى ئۇچىدا.

كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە كەلدى كەچكۈزمۇ،
ئالتۇن رەڭ ياپراقلار يەرگە تۆكۈلدى.
پىشمىغان ئەنجۈرمۇ شاختىن ئايرىلماي،
باغۋەننىڭ قولىدا يەرگە كۆمۈلدى.

«ھەي!..» دېدىم بۇ ھالنى كۆرۈپ بىردىنلا،
«شۇ ئەنجۈر بولسام مەن قىلاتتىم قانداق؟»
باغۋەنمۇ ئۆزىچە سۆز قاتتى ماڭا:
«تەبىئەت ئەزەلدىن رەھىمسىز شۇنداق».

ئويلاندىم ئۆيگىمۇ كىرىپ بىر ھازا،
«دەرەخقۇ كېلەر يىل كۆكلەيدۇ يەنە.
مەن ئەگەر ئەنجۈردەك خام كېتىپ قالسام،
دۇنيادا ياشاشتىن مەقسىدىم نىمە؟»



# جىگدە بىلەن ئازغان

ئۆستى باغ قىرىدا جىگدە باراقسان،
خوشنىسى ئازغانغا زادى يول بەرمەي.
ئەپسۇسكى، كەچكۈزدە جىگدىنىڭ شېخى -
كېسىلدى ئانچە كۆپ دەۋرى سۈرەلمەي.

بۇ ھالدىن شاتلىنىپ ئازغان ئالدىراپ،
دېدىكى جىگدىگە: ئۆمرۈڭ شۇنچىلىك.
ئالدىمدا گىدىيىپ تۇرغىنىڭ بىلەن،
يوق ئىنسان ئالدىدا قەدرىڭ مەنچىلىك.

شېخىدىن ئايرىلغان جىگدىنىڭ غولى،
— ئالدىراپ خوش بولما، — دېدى ئازغانغا،—
تۇپراقتا بار تېخى مەزمۇت يىلتىزىم.
مەن قۇرۇپ كەتمەيمەن شاخسىز قالغانغا.

كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە كەلدى نەۋ باھار،
ئويغاندى يەر - زېمىن قىشلىق ئۇيقۇدىن.
ئۆزگەردى شېخى يوق موقات جىگدىمۇ.
قىشتىكى كۆرۈمسىز تەقى - تۇرقىدىن.

كېسىلگەن ھەر شاختىن چىقىپ نوتىلار،
بىرگە ئون، يۈز بولۇپ ئۆستى باراقسان.
«ئوكۇممۇ - چۈشۈممۇ» دېدى ھەسرەتتە -
ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان ئازغان.

«چۈش ئەمەس، بىلىپ قال، — دېدى جېگدىمۇ، —
بىلىپ قال، تۇپراقتا يىلتىزىم چوڭقۇر؛
كېرەكلىك بولغىنىم ئىنسانلار ئۈچۈن،
ئەڭ بۈيۈك شان — شەرەپ، ئەڭ بۈيۈك غۇرۇر».

## ئىشەك بىلەن ئۆكۈز

ئىشەك بىر كۈن دېدى ياتقان ئۆكۈزگە:
كۆيۈنمەيسەن نىمانچىلا ئۆزۈڭگە.
قوشتىن چىقىپ سۆرەمگىمۇ ماڭىسەن،
بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق ياتىسەن.
بولغان بىلەن ئۆزۈڭ ئىشچان، يۈزۈڭ يوق،
ياخشى — يامان ئوت — چۆپ بىلەن ئىشىڭ يوق.
يوغان مۈڭگۈز بولغان بىلەن بېشىڭدا،
ئۇسسۇپ ئادەم قاچۇرغىدەك دېتىڭ يوق.
شۇڭا سېنى ھەركىم بوزەك تاپىدۇ،
ئۇرۇپ — تىللاپ ھارۋىلارغا قاتىدۇ.
بەرگىنىدە خۇدا مۈڭگۈز بېشىمغا،
يولاتمايتتىم ھېچ كىشىنى قېشىمغا.
ئۆكۈز دېدى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا:
كېتىۋەرگىن بىلجىرلىماي يولۇڭغا.
يالغان ئاقساپ، سەنمۇ بىر كۈن كۆرىسەن،
چۆل — دەشتلەردە بۆرىگە يەم بولىسەن.
بولسا كىمدە ھىيلە — مىكىر، ساختىلىق،
كەلمەس ئۇندىن ئۆزىگە ھەم ياخشىلىق.
خۇي — پەيلىڭدىن ساڭا ئاپەت كەلمىگەن،
بىلىپ خۇدا شۇڭا مۈڭگۈز بەرمىگەن.



ياسىن ھاۋازى

## قانماسمەن

ياش قەلبىمنىڭ ئىشتىياقىنى،
مەشۇت ئوخشاش دىل رىشتىم بىلەن
باغلاپ مېھرى — مۇھەببىتىڭگە.
ۋۇجۇدۇمدىن قىلدىم چىن ئىخلاس،
دىل چىرىغى، كۆڭۈل ئاپتۇۋى،
سىر ئاچقۇچى خىسلەتلىرىڭگە.

قانچە يىلدىن تەشنالىق ئۈچۈن،
ئىچتىم شەرۋەت بۇلاقلىرىڭدىن،
ۋە نۇر ئالدىم يۈرەك — قەلبىمگە
دىل مەشئىلى — چىراقلىرىڭدىن؛
قىزىل غۇنچە بولۇپ جاي ئالدىم —
مەرىپەتلىك قۇچاقلىرىڭدىن.

بېسىپ ئۆتتۈم نەچچە پەللىنى،
ئۈنۈم چېچىكىدىن بەلگە — ئىز قويۇپ،
بۈگۈن سىتودېنت ئاتالماقتىمەن.

www.uyghurkitap.com

كۆزۈم سالسام ئالدىمدا يەنە
تالاي - تالاي ئېگىز چوققىلار،
ھەممىسىدىن تەل ئاشماقچىمەن.

چىقماق ئۈچۈن يۈكسەك پەللىگە،
ئىشتىياقىم ئاشماقتا ئۆرلەپ —
فونتان بولۇپ دولقۇنلىرىدىن؛
ۋۇجۇدۇمۇ كۆيەر بۇ يولدا
گۈلخان بولۇپ يېنىپ چاراقلاپ،
ئوت چاچرىتىپ يالقۇنلىرىدىن.

يۈرىگىمدىن سادا ئاڭلىنار:
قانچە ئىچسەم قانماسمەن يانا!
ئازلىغىدىن ئەمەس شەرۋەتنىڭ،
لەززىتىنىڭ تاتلىقلىغىدىن...
ئىچكىنىمنى تا ھازىرغىچە
بىر تامچە دەپ بىلەرمەن شۇڭا.

ئەقىل شەرۋىتىدىن ئىچسەم شۇنچە كۆپ،
چەكسىز كامال تاپسام چىچەكلەپ؛
ھەر مىنۇتنىڭ بىلىپ قەدرىنى،
ئىجات مېۋىسى ياراتسام كۆپلەپ.
سوغا قىلسام ئۇنى ۋەتەنگە،
سېنىڭ ئۈچۈن ياغسا شان - شەرەپ.

ئەرىز مەكتەپ، تاتلىق شەرۋىتىڭ،
قانچە ئىچسەم شۇنچە قانماسمەن!
كومپارتىيە، خەلقىم يار - يۆلەك،



يۈرىگىمنىڭ ئوتى ئۆچمەس ئوت،
ئارزۇلىرىم تاپقۇسى مۇرات،
يېرىم يولدا ھېرىپ قالماسمەن.

1961 - يىل، ماي، بېيجىڭ.

## يولىمىزمۇ بىر ئىكەن بىزنىڭ

— بىر ساۋاقدىشىمغا ئاتاپ

مۆكۈ - مۆكۈلەك،
تەنتەكلىك مەھەللىسىدىن
بەرگەندە شەرەت بىلەن چىقىشقانتۇق.
يېتىلەپ ئاپارغان بىزنى ئانىمىز،
مەكتەپتە شاتلىق بىلەن تېپىشقانتۇق.

«ئا» دىن باشلىغاندا تۇنجى ساۋاقنى،
كۆڭلىمىز نۇرى بۇ دەپ قىزىشقانتۇق.
يېڭىچە ئەخلاقنىڭ بەھرىدە يايراپ،
كەلگۈسىگە ئۈمىت بىلەن بېقىشقانتۇق.

ئاشۇ كۈن، شۇ مىنۇتتىن تا بۈگۈنگىچە،
ئون ئىككى يىل بىلەن قۇچاقلىشىپتۇق.
ھەر قەدەم رېتىمى، سالمىغى تەڭكەش،
پەللىدىن پەللىگە بىرگە ئېشىپتۇق.

بەختىمىز غورۇرى بېيجىڭ قوينىدا
ئوت - ياشلىق گۈلىمىز ياشىندى بىللە.

ستودېنت ئىزىنىڭىنى تاقىدۇق بۈگۈن،
كۆكسىمىز شەرەپتىن چاقنىدى بىللە.

ئىلىم – پەن بېغىنى ياشناتماق ئۈچۈن،
گۈل تىكمەك بولغان چۈنەكمۇ بىللە.
دىمەك بۇ ئۇستىلەپ قوشۇلغان ئامەت،
نەپەسمۇ، قەدەممۇ، ئۆمۈرمۇ بىللە.

بىز شۇنداق شادىمان، قەلبىمىز بوستان،
شۇ تەلەي شېخىنى ئەككەن پارتىيە.
كۆيىمىز ئۇرغۇيدۇ ئەمدى شۇكىمۇ،
خەلقىمىز مېھرىگە ئۇقۇپ مەدھىيە.

يەتمىسەك بۇ ئامەت، شاتلىق قەدرىگە،
ئەمدىكى ئۆتكەلنى ئاشىمىز قانداق؟
ھەر مىنۇت بويىنغا مارجان تىزىشقا،
بىلىمنىڭ كانىنى ئاچىمىز قانداق؟

يەتمىسەك شۇ ئامەت، شاتلىق قەدرىگە،
ئەتىگە جاۋاپنى بېرىمىز قانداق؟
مىڭىگە تولمىسا بىلىم شەرۋىتى،
خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىمىز قانداق؟

نەدىلا پولۇقساق، بىر – بىرىمىزدىن
ھەر كۈنى نەچچە رەت سورايلى شۇنداق.
بەس – بەستە ئاتلىنىپ بىلىم ئىشقىدا،
ھە، قېنى ئوت بولۇپ يانايلى شۇنداق!

1962 – يىل، ئاۋغۇست، بېيجىڭ.



**قاسىم سىدىق**

## پەندىيات

«شائىر» لىقتا ئەۋجىگە چىقتىم،
تارىخ بىر پەس قىلسا سۈكۈنات.
بۇلۇتلارغا تەختىمنى قۇردۇم،
خوشامەتتىن چىقىرىپ قانات.
ياغدۇردۇممەن نەزمە يامغۇرى،
زىمىننى كۆل ئەيلىدىم، ھەيھات!

تاغار – تاغار مەدھىيە يازدىم،
ئىبلىسلارغا كەلگەندە «ئامەت».
«گۇناھ»لارغا بەردىم گۇۋالىق،
باشلانغاندا ھەر بىر قىيامەت.
ھەر نەپەستە «زامان» غا ياقتىم،
ياشاۋەردىم شۇڭا سالامەت.

ياۋۇزلۇققا بەردىم پەتىۋا،
جادىگەرنى كۆرسەتتىم بۇۋى.
شېئىرلىرىمدا: جىن چىراقلاردىن
خىجىل بولدى باھار ئاپتىۋى.
ئەل دۈشمىنى چۈپرەندىلەرنىڭ،
بولۇپ كەلدىم روھىي كاتىۋى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەرك قىلدىم خەلق قەلبىنى،
پاسىقلاردىن ئەيلىدىم مازا.
ئەل يىغلىسا كۆلدۈم قاقاھلاپ،
ئەل كۈلگەندە باشلىدىم ھازا.
شائىر دېگەن ئۇلۇغ ئاتاقنى
قىلدىم رەسۋا، تارتمىدىم ئىزا.

يېزىۋەردىم بازار قوغلىشىپ،
قول قەلەمدە، كۆزۈم غەللىدە.
ئىپلاس تۇيغۇ ئۇندۇردۇم شۇنداق،
ئادەملەرنىڭ ساغلام قەلبىدە.
يېرىلغىچە بۇ شۇم پىشانەم،
ئات چاپتۇردۇم تىنماي چەللىدە.

گۆرگە كىردى ئەمدى ئۇ يىللار،
داغدا قويدى ئۆتكەن نەس ھايات.
دېيىشمەكتە ئادەملەر ماڭا
ھەر دوقمۇشتا لەنەت ۋە ئۇيات.
شۇنداق رەسۋا شائىرلىق ئۈچۈن،
مەنمۇ ئوقۇي يۈزمىڭ پەندىيات.

1980- يىل، ئىيۇل.

## يار ھەققىدە مۇخەممەس

ئەزىز يارىم، قەلەم بۇدەم ئۆزۈڭنى ئىختىيار قىلدى،
قىزىللىق پارلىغان مەڭزىڭ مۇخەممەسنى ئانار قىلدى،



زەئىپ مىسرالىرىم شۇدەم قېشىڭنى زۇلپىقار قىلدى،
يۈزۈڭ ئاپتابىنى نەزمەم ئۆزىگە ئىپتىخار قىلدى،
ئۆزەم بىخۇت يىگىت ئەردىم، ئىشق شۇنداق قارار قىلدى.

يۇمۇلماس شام بىلەن تاكى گۈزەل سۈبھىگىچە بۇ كۆز،
ۋە مەيلى گۈل - چېچەك پەسلى، ياۋايى قىش، غېرىپ كەچكۈز،
جاپالىق ئۈشبۇ مېھنەتتە بولار پارە يۈرەك يۈز - يۈز،
بۇ مېھنەت ئاز كېلۇر، ئىلھام ئىلاھى، ھەسسىلەپ يەتكۈز،
نىگارىمنىڭ ئۆزى تۇرماق خىيالى بەختىيار قىلدى.

كۆزۈڭنىڭ تەسۋىرىگە خاس تاپاي قانداق بوياق - ئەنداز،
كۆزۈڭ ئەندازكى چولپانغا، نەھاجەت غەيرى بىر پەداز،
گۈگۈم ئاسماندا بىر چاقناپ ئىشارە ياكى قىلدىڭ ناز،
قۇياش ئەمرىڭگە لەببەي دەپ ساماغا ئۆرلىدى پەرۋاز،
تىكىلدىم تۈنلىرى كۆككە، تاماشاڭ ئىنتىزار قىلدى.

تالاي شائىر نىگارىنى مەدھىيىلەپ ئاي جامال دەپتۇ،
ئېلىپ جامى مۇھەببەتنى زېمىندىن ئايغا تەڭلەپتۇ،
تۆكۈپ ئاي كىرپىكى نۇسرەت ئىشق ئىزھارى ئەيلەپتۇ،
پېقىرمۇ ھەم مېڭىپ دەم - دەم ئەنە شۇ يول بىلەن كەپتۇ،
كۆرەمسىز، بۇ گۈزەل سەۋدا دىلىمنى نۇرغا يار قىلدى.

پەلەكتە قوپسا گاھ غەليان قالامتىڭ دىل ئازارسىز سەن،
بولۇتلار كەينىدە ھەسرەت چېكەرسەن ئىختىيارسىز سەن،
پەرەنجە قايرىبان مۇڭلۇق كۈلەرسەن نۇ — مادارسىز سەن،
ئەزىز سەن شۇندىمۇ مەرتكە، لەئىنگە ئەمدى نۇرسىز سەن،
تىلەپ ۋەسلىڭنى تۆككەن ياش يۈزۈمنى بىغۇبار قىلدى.

تالايلار يارىغا گۈلنىڭ ماقامىنى كۆرۈپ ماقۇل،
چېكىپتۇ ھەر سەھەر ئەپغان ئۆزىنى چاغلىبان بۇلبۇل،
ھەۋەسكار دىلىغا خوپ ياقىقاچ مىسلىسىز خۇشپۇراق بۇ يول،
پېقىرمۇ قاقمىدى ھەرگىز كۆرۈنگەن شاخ ئارا شاپتۇل،
ۋاپا قىلغاچقا مەن گۈلگە، مېنى ئەھلى باھار قىلدى.

زېرىككەن قايسى بىر شائىر سېنىڭدىن شۇڭغىچە، رەنا،
ياشانغان نىمشېھىت ياكى مۇتەللىپتەك يىگىت بەرنا؟...
كېزىپ كۆكسۈڭنى شەيدالار تېپىپتۇ بىھىساپ مەنا،
يەنە قېپقاپتۇ كۆپ تەبىر نىمانچە كەڭرى بۇ سەينا،
ئۇلۇغ تارىخ مۇھەببەتنى ئاۋال - ئاخىر شوئار قىلدى.

1981- يىل.

## شېئىر بىلەن سۆھبەت

شېئىر، ساڭا ئامراقمەن نەجەپ،
دەرت تارتساممۇ ئامراقلىغىمدىن.
بىلىسەنغۇ ئامراقلىغىمنى،
كېچىلەردە ئويغاقلىغىمدىن.

قانچە تۈننى ئۆتكۈزدۇق شۇنداق،
سېنىڭ بىلەن مۇڭلۇق سىردىشىپ.
سەن نەقەدەر گۈزەل ۋە ئوماق،
قاتمىندىمغۇ شۇنچە چىرمىشىپ.

ئەي، ئامرىغىم، يۈرەك باغرىمنىڭ،
قىيامەتلىك ھالال جۈپتىسەن.



نومۇسۇمنىڭ گۈزەل ھۆسنىسەن،
ھېسلىرىمنىڭ يالقۇن - تەپتىسەن.

ئاھ، بىر زامان قىسىلدىڭ شۇنچە،
خۇنخورلارنىڭ دىلىغا ياقماي.
مېنىڭ بۆۋەك تۇيغۇلىرىمنى،
ئېقىمىڭدا ئويىنتىپ ئاقماي...

تۇتمىدىڭسەن چۈنكى قۇلاقتا،
ئۇ زاماننىڭ تەلەپلىرىنى.
«بەتتە - پولۇ» دىمىدىڭ ھەرگىز،
ئاداپ بىلەن ھەلەپلىرىنى.

دەرتكە ئىلپەت بولساڭمۇ مەيلى،
خەندە ئۇرۇپ كۈلۈپ بەرمىدىڭ.
ئاچ قوساققا سېسىق كىكىرىپ،
كاناي - سوناي چېلىپ بەرمىدىڭ.

يىرتقۇچلار قىلسا جاللاتلىق،
سائادەت دەپ قىلمىدىڭ پەداز،
يالىنمىدىڭ تاۋاق ۋە يالاق،
كۈچۈكلىنىپ كۆرسەتمىدىڭ ناز.

تەستەك تەگدى شۇڭا مەڭزىڭگە،
شۇ سەۋەپتىن سىقىلدى گېلىڭ.
باشلىرىڭدا چېقىلدى ياڭاق،
شۇ سەۋەپتىن ئويۇلدى كۆزۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لېكىن ئەۋزەل بىلدىڭ شۇندىمۇ،
چىن قايغۇنى يالغان كۈلكىدىن.
بىلدىڭ نومۇس بولماقنى ھامان،
ھارامزادە، قېرى تۈلكىدىن.

×

رىيازەتتە كەتمىدىڭ ئۆلۈپ،
ياشىدىڭ سەن يەنە مەردانە.
باقماي قويدۇڭ «زامان» غا ھەرگىز،
باقمىسىمۇ ساڭا زامانە.

بولساڭ گاھى روھىمدا قۇدرەت،
گاھى بولدۇڭ ئىلكىمدە ياراق.
گاھى تۈننى يورۇتقان مەشئەل،
گاھى مەنزىل قوغلىغان بايراق.

گاھ تۆكۈلۈپ كۆزدىن ئۈنچىدەك،
ئايلاندىڭسەن ياقۇت تىزىقتا.
گاھ ھايقىردىڭ يارىدار شىردەك،
نەرىلىرىڭ كەتتى ئۇزاقتا.

×

ئەمدى قۇياش سىخىلىك قىلىپ،
قىشنى قوغلاپ كەلتۈردى باھار.



مېنىڭ روھىي كائىناتىمدا،
ئېرىمەكتە كۆك مۇز بىلەن قار.

كۆز كۆرگەننى كاللا ئويلايدۇ،
ئويلىغاننى سۆزلەيدۇ ئېغىز.
«زەھەر يىدىم» دىمەيدۇ ۋىجدان،
چايناپ تۇرۇپ ناۋات ھەم مېغىز.

شېئىر، ئەمدى كۈلگىن قاقاھلاپ،
مەنمۇ سېنىڭ كۈلكەڭگە رازى.
قالسۇن ئېيىپ تاپالماي بىزدىن،
تارىخ كېيىن بولغاندا قازى ...

1981 - يىل، فېۋرال.

ئابدۇكېرىم مەخسۇت (بۇلبۇل)

## نېفىت ئىشچىسىغا

ۋىشكىلار قامىتىڭ ـ بەستىڭدۇر سېنىڭ،
نېفىتلار ئاتەشلىك مېھرىڭ ۋەتەنگە.
ۋە لېكىن بىلسەڭ ئۆزەڭنى ھامان،
ۋەتەن خىزمىتىدە بىر تال سەرەڭگە.

ئۇرغۇسا ئانا يەر تەكتىدىن نېفىت،
كۈلكىلەر لېۋىڭگە بولىدۇ مېھمان.
شوخ كۈلكەڭ قوزغايدۇ قەلبىمدە مېنىڭ،
گويا تاغ سۈيىدەك جۇشقۇن ھاياجان.

نېفىتلار دەرياسى ئاقسا ئۆركەشلەپ،
ھايات كۆزلىرىدە چاقنايدۇ شاتلىق.
چۈشۈڭدە ۋىشكىلار، چۈشۈڭدە نېفىت،
بۇ چۈشلەر سەن ئۈچۈن نەقەدەر تاتلىق.

نېفىتنىڭ ھىدىدۇر سېنىڭ نەپەسىڭ،
قەدىمىڭ ھاياتقا بېغىشلايدۇ جان.
نېفىتمۇ ۋە ياكى قىپ ـ قىزىل قانمۇ،
ئېيتقىنا، نېفىتچى، جىسمىڭدىن ئاققان؟!



قامغاقلار سىردىشىڭ، تاشلار مۇڭدىشىڭ،
كۆرۈنەر كۆزۈڭگە چۆللەرمۇ بوستان.
كۆزۈڭ قارچۇغىدا تۇرىدۇ چاقناپ،
ئۈممەت مۇنبىرىدە بىر ئىسىل ئارمان.

ئىنساننى ماڭلايىڭ ھالال شەبنىمى،
ھۆرمەتىڭ تەختىگە چىقىرار تەھقىق.
سەن ئانا يۇرتۇمنىڭ ئۇللىق ساغرىدا،
نېفىتتەك ياشاشقا تامامەن ھەقلىق.

## كۈل، قىزىم

غۇنچىلار ئاچقىنىدەك لەۋلىرىڭنى،
جەستە لەۋلىرىڭدە كۈلكە كۆردۈم.
كۈلكەڭدە ئىستىقبالىڭ بولدى ئايان،
بەختىڭنىڭ لەرزىتىنى قانماي سۈردۈم.

كۈل، قىزىم، بۇ گۈلشەننىڭ چېچىكى سەن،
سۈبھىدەم كۆكتە چولپان كۈلگىنىدەك
كۈل، قىزىم، ئاتا ـ ئانىڭ يۈرىكىڭسەن،
كەڭ زېمىن تاڭ نۇرىغا چۆمگىنىدەك.

كۈل، قىزىم، قۇچتى باھار كۆڭۈللىرىنى،
كۈلكىلەر زەپ ياراشتى جامالىڭغا
كۈل، قىزىم، گۈل قۇچاقلاپ ئانا يۇرتنى،
توسقۇنسىز يول سېلىنغان مۇرادىڭغا.

كۆل، قىزىم، ئەجداتلارنىڭ، ئەۋلاتلارنىڭ
كۈلكىسى مۇجەسسەمدۇر كۈلۈشۈڭدە.
كۆل، قىزىم ۋىسال، ئامەت تىنىقى بار،
بويۇنۇمدىن قۇچۇپ كۈلۈپ سۆيۈشۈڭدە.

ئەركىلەپ قاھ - قاھ ئۇرۇپ كۈلۈشلىرىڭ،
يېقىملىق ناخشا بولۇپ تۇيۇلىدۇ.
سەن كۈلسەڭ ئۇپۇقلارنىڭ جىيەكىدە،
شەپەقمۇ لالىرەڭگە بويىلىدۇ.

كۆل، قىزىم، يۈرىكىڭدىن چىققان كۈلكە،
كەلمىگەن يۈرتىمىزغا بىلسەڭ ئاسان.
كۈلكىدە تەلەي - مۇرات شاتلىقى بار،
كۈلكىدىن ئۆمۈر گۈللەپ ياشنار ھامان.

كۆل، قىزىم، قوڭغۇراقتەك ئاۋازىڭدا،
ئارزۇلار، ئۈمىدلەرنىڭ پەرۋازى بار.
كۈلكەڭدە بۈيۈك ئۇررا سادالىرى،
كۈلكەڭدە زەپەرلەرنىڭ شوخ سازى بار.

يۈرەكنىڭ بىغىشىغا بېرىپ تەكسۈن،
كۆل، قىزىم، كۈلكەڭ مۇقام ساداسىدەك.
كۆل، قىزىم، بەخت - تەلەي مۇنبىرىدە،
ياڭرىسۇن كۈلكەڭ بۇلبۇل ناۋاسىدەك.



## جۇڭغارنىڭ باغرىدا كېلىمەن ئويچان

كېلىمەن جۇڭغارنىڭ باغرىدا ئويچان،
ماشىنا ئۇچىدۇ كۈمۈش يوللاردا.
ئارقامدا قالماقتا تۇغۇلغان يۇرتۇم،
ھىجران ئوتىنى يېقىپ دىللارغا.

كېلىمەن جۇڭغارنىڭ باغرىدا ئويچان،
يۇلغۇنلار خوش ئېيتىپ قالار ئارقىمدا.
شورتاڭلار چاقنايدۇ قۇياش نۇرىدا.
بارخانلار قەد كېرىپ تۇرار ئالدىمدا.

كېلىمەن جۇڭغارنىڭ باغرىدا ئويچان،
كېلىدۇ ئۆمىلەپ بىر جەڭچى ھالسىز.
قۇتلۇق قانلىرى قالار ئارقىدا.
قانلاردىن ئىقبالغا سېلىپ كېلەر ئىز.

قىزارغان يۇلغۇنغا باقىدۇ زوقمەن،
يۇلغۇنغا ئاتەشلىك لېۋىنى ياقار.
قاپقارا كۆزىدە يوق قايغۇ - ئەلەم،
تاراملاپ شاتلىقنىڭ نۇرلىرى ئاقار.

كىرپىكلەر جۇپلەشتى ئايرىلماس بولۇپ،
كۆكسىدىن بۇلدۇقلاپ ئاقىدۇ قېنى.
قولىدا يۇلغۇننىڭ يۇمران بىر شېخى،
يۇلغۇندەك كۆكلەر ئۇنىڭ ئارمىنى.

كېلىمەن جۇڭغارنىڭ باغرىدا ئۇيچان،
ماشىنا ئۇچىدۇ شامالدىنمۇ تېز.
ئاندەك مەرتلەرنى ئالدىڭ باغرىڭغا،
يالىلدار ۋە لېكىن ئۇلار باسقان ئىز.

خىياللار، خىياللار، دولقۇنلار مىسال،
ئۇلىشىپ قەلبىمنى سالار لەرزىگە.
خىياللار، خىياللار قاناتلىق قۇشتەك،
ئۇچۇرۇپ بارىدۇ مېنى ئەتىگە.

كېلىمەن جۇڭغارنىڭ دالاسىدا مەن،
ئالدىرار ەنزىلگە شوپۇر شۇ مەھەل.
ئۇچىدۇ ماشىنا جۇڭغار باغرىدا.
ياڭرايدۇ قەلبىمدە بىر ئىسسىل غەزەل.

باسقىنا، ئەي شوپۇر، تورمۇزنى بىردەم،
يۇلغۇنلار توۋىدە تۇراي باش ئېگىپ.
يۇلغۇنلار چېچىكى تارىخقا شاھىت،
تۇرىدۇ ئۇمىتنى ئىستەككە چېتىپ.

جۇڭغارنىڭ باغرىدا كېلىمەن ئۇيچان،
قەلبىمدە يانىدۇ ئارزۇ گۈلخىنى.
ئارزۇلار ئىنسانغا بەرگەچكە قانات،
كۆلمەكتە ۋىلقلاپ ئىقبال گۈلشىنى.



# ھەزەللەر

## 1

ۋەتەن، سۆيگۈ بۇلاغىڭدىن قىلاي ئابىھايات پەيدا،
تىلىڭ پەرمان بىرەر بولسا، بولۇر تەندە قانات پەيدا.
ئۇچار بولسا چېچەك ھەريان ئانا شاخنى تەرك ئەيلەپ،
تۆكۈپ شەربەت بولۇر شاختا ئىسسىل مىۋە - ناۋات پەيدا.
ئانا تۇپراق قۇچاق ئاچماي كۆكەرگەن گۈل - كۆچەت نەدە،
مەگەر يىلتىز قۇرار بولسا بولۇر شۇئان مامات پەيدا.
ۋەتەندە بىر گادايلىقنى بېشىمغا تاجى دۆلەت قىل،
ۋەتەنسىز بولمىغان دىلدا ئىسسىل غايە، مۇرات پەيدا.
تىكەننىڭ زەخمىدىن قورقماي ۋەتەن بېغىدا ئاشىيان تۈز،
شۇ چاغ، بۇلبۇل، ساڭا بولغاي بۇ ئەلدە ياخشى ئات پەيدا.

## 2

باھار پەسلى ئىدى دىلدا، سېنى گۈلشەندە كۆرگەن چاغ.
يۈزۈڭ ئۆزرە بولۇپ سايە تۇرار شاختا تۈمەن ياپراق.
گۈلى رەنا، سېنىڭ ئاتەش كۆڭۈل مۈلكىڭنى ئاختۇرسام،
تۇرار چىللاپ ۋىسال پەيزى بىلەن كۈلگەن تۇتاش گۈلباغ.
ئۇشول سۆيگۈ چىمەندە باھار زوقىغا چۆمگەچكە،
نىچۈك بولغاي مېنىڭ ئۆمرۈم پايانسىز چۆل ئارا قامغاق.
نىگارنىڭ مېھرى ياققاندا پىراقنىڭ ئىشقىدىن گۈلخان،
ماڭا مەڭگۈ نېسىپ بىلمەك ۋىسالغا كۆكسىنى ياقماق.
نىگار، باسقان ئىزىڭ دىلنىڭ زىياسى — تۇتىياسىدۇر،
كۆزىگە سۈرمە بۇلبۇلنىڭ سېنىڭ كويۇڭدىكى تۇپراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3

كەل، جېنىم جانانىسى، مەن ساڭا كوپتار ئېتەي،
دىلدا پىنھان ئويلىرىمنى تىل بىلەن ئىزھار ئېتەي.
سەن كۆڭۈل قەسرىنىڭ نۇر چىراغى، خوشلۇغى،
باغ ئارا، بوستان ئارا سەيلىدە دىدار ئېتەي.
قايسى تىل ئەيلەر بايان، جانان، سېنىڭ ۋەسپىڭنى شات،
تەرلىرىم يامغۇرىدىن چۆل كۆكسىنى گۈلزار ئېتەي.
يەرگە تامغان تەر ئەمەس، يۈرىكىمنىڭ قانلىرى،
ئىش - چېلىش مەيدانلىرىدا بىر ئۆمۈر دىلدار ئېتەي.
كېلىدۇ، بۇلبۇل، سېنىڭ ھۆسنۈڭ تاماشا ئەيلىبان،
دىلـرابا، ئىشقىڭنى مەڭگۈ توختىماي ئەشئار ئېتەي.

4

ئېلىڭ ئىبرەت كۆڭۈلنىڭ بۇ ئەلەملىك پەندىياتىدىن،
نادانلىق يۈزىگە تەككەن ئەقىلنىڭ بىر كاچاتىدىن.
ھەۋەس بازارىدا بىر گۈل ئىدىم — ئۇ چاغ باھاسى يوق،
ئېگىلدى قامىتىم يادەك بولۇپ مەھرۇم قاناتىدىن.
قىلىپ مەيخانىنى كەبە، تۈمەن ئۇلپەتكە يار بولدۇم،
قۇۋاندىم روزىنى كۆرمەي ئۆمۈرنىڭ بۇ باراتىدىن.
دالالەت ئەيلىسە دوستلار، مېنى ئېرپان چىمەنىگە،
بويۇن تولغاپ قۇرۇق قالدىم ئىلىم - پەننىڭ ناۋاتىدىن.
نادانلىق دامىدا ياشلىق غازاڭلىق مەۋسۇمى تاپتى،
بېرەلمەي ئىمتىھان ئەمدى ھاياتلىقنىڭ ساۋاتىدىن.
ئىلىم - ئېرپان قۇچاغىدا كۈلەر تەڭتۇشلىرىم خەندان،
پۇشايماندىن كىرەي يەرگە بوگۇن ۋىجدان ئۇياتىدىن.
پۇشايماندىن قۇتۇلماققا ئەقىلنى ئىشقا سالغىن سەن،
ئېلىپ ئىبرەت پۇشايمانغا تولۇق بۇلبۇل ھاياتىدىن.



ۋاھىتجان غوپۇر

## بۇلاق ۋە ئاي

كۆرۈنەر ئاي ئەكسى سۈزۈك بۇلاقتا،
شۇ قەدەر يېقىملىق، شۇ قەدەر لېۋەن.
(ۋە لېكىن تاش ھەرگىز ئاينىڭ ئەكسىنى
كۆرسىتىپ بېرەلمەس مىڭ قىلغان بىلەن).

ۋەتەننىڭ جىلۋىلىك ھۆسنى ئوخشىسا
ئەگەردە كۆكتىكى شۇ تولۇن ئايغا؛
ئوخشايدۇ يۈرىكى ۋەتەنپەرۋەرنىڭ -
سۈزۈك سۇ ئۇرغىغان تىنىق بۇلاققا.

تولۇن ئاي جامالى ئەكس ئەتكەندەك
سۈپ - سۈزۈك بۇلاقنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە؛
ۋەتەننىڭ ئىشقىمۇ كۆرۈنەر ئايدەك
ۋەتەننى سۆيگەن شۇ كىشى قەلبىدە.

بىراق، تاش قېتىدا كۆرۈنمىگەندەك،
كۆكتە نۇر چاچقان شۇ ئاينىڭ سۈرىتى؛
ۋەتەنگە مېھرىسىز كىشى قەلبىدىن،
جاي ئالماس ۋەتەننىڭ چىن مۇھەببىتى!

# كۆچەت تىكىش قوشىقى

سال جىرىم، دوستۇم، ۋەتەن بولسۇن گۈلىستان، سال جىرىم،
ناز بىلەن كۈلسۇن چېچەك، ھەرياندا رەيھان، سال جىرىم،
يېتىلىپ تۇرسۇن مېۋە باغلاردا چەندان، سال جىرىم،
قەد كۆتەرسۇن ئەجرىمىزدىن كەڭرى ئورمان، سال جىرىم،
ئوقۇسۇن شاخلاردا بۇلبۇل نەغمە، داستان، سال جىرىم.

مۇشۇ ھۆر ئەلدە تۇغۇلدۇق، ئەلنى گۈللەش بۇرچىمىز،
تەر تۆكۈپ، ئۆستەڭ چېپىپ چۆلنى باغ ئەيلەش بۇرچىمىز،
كۆكسىگە ئەلنىڭ يېشىل بوستان نەقىشلەش بۇرچىمىز،
ئاشۇ يولدا بىر ئۆمۈر مەردانە ئىشلەش بۇرچىمىز،
گۈل چىمەنزار كەلگۈسىگە قىل پىدا جان، سال جىرىم.

تىكمىسەك يەرگە كۆچەت، ئەل - يۇرت گۈلىستان بولمىغاي،
ئانا يەر رۇخسارىدا شاتلىق نامايەن بولمىغاي،
ئۆمرىمىزگە شوخ لىرىك ھىسسىيات، گۈزەللىك قونمىغاي،
ياپ - يېشىل ئورمان ئارا كاككۇك ۋە تورلار قونمىغاي،
بوشقا كەتكۈزمە ۋاقىتنى، بول تىرىشچان، سال جىرىم.

ئويلىغىن، ئەجدادىمىز تىككەچ كۆچەت، ئەل باغ بولۇپ،
پىشتى خىلمۇ - خىل مېۋە شاخلاردا قەن ھەم ياغ بولۇپ،
سايىسىدا سايىداپ يەيمىزغۇ مېۋە زوقلىنىپ ...
ئاشۇ مەرت ئەجدادىمىزنىڭ روھىغا ۋارىس بولۇپ،
كەلگۈسى ئەۋلاتقا سەنمۇ بول كۆيۈمچان، سال جىرىم.



باغ بىنا قىلغان يىگىتنىڭ ئۆچمىگەي ئەسلا ئىتى،
ئۆلسىمۇ ئۇ، گۈل بېغى بىرلە كۆكەرگەي ھۆرمىتى،
بەلكى ئەۋلاتلارغا ئۆرنەك. ئۈلگە بولغاي مېھنىتى.
ئەل تىلىدىن چۈشمىگەي داستان بولۇپ پاك خىسلىتى،
خاسىيەتلىك ئىش شۇدۇر، قۇچقىن شەرەپ - شان، سال جىرىم.

بىپايان قەغەز زېمىن، رەڭدار قەلەم كەتمەن گويا،
ساپ پەشانە تىرىمىز ئۆچمەس بوياق - پۈتمەس سىيا،
كەل، سىزايلى بىر سۈرەت، بولسۇن بۇ ئالەم مەھلىيا،
نۇرلىنىپ تۇرسۇن چىمەنزار، گۈللىنىپ تاغۇ - دالا،
ئىشقا ئاشسۇن ئەڭ بۈيۈك ئارزۇيۇ - ئارمان، سال جىرىم.

يول بويى، ئېتىز قىرىغا ئالا قويماي سال تېرەك،
شاپتۇلا، نەشپۈت، گىلاس... كۆكلەت، ئۆسۈپ ئاچسۇن چېچەك،
تاۋلىنىپ تۇرسۇن ئانا يەر مىسلى رەڭدار زىلچىدەك،
ياپ - يېشىللىقتا ئورالسۇن گۈل دىيار، كۈلسۇن يۈرەك،
نوتا - سۇمبۇللارغا ئەجرىڭدىن بېرىپ جان، سال جىرىم.

مېۋە پىشقاندا بالاڭ بارماس بىراۋغا تەلمۈرۈپ،
ئالما، ئەنجۈر كۆچىتى تىكسەڭ قىلىپ باغ، يەڭ تۈرۈپ،
تۇرمۇشۇڭ تاپقاي روناق مەمۇرچىلىق يۈز كەلتۈرۈپ،
ئەلمۇ يەر شىرىن مېۋەڭنى، ساڭا ئالقىش ياغدۇرۇپ،
گەر دېسەڭ خەلققە بولاي سادىق بىر ئىنسان، سال جىرىم.

باغ بىنا قىلساڭ، ئۆتۈپ يىللار، باراقسان كۆكلىسە،
كۆز چېقىپ شاخ مانتۇسى، نېمەت پاراۋان كۆكلىسە،
سالسا ھەركىم بىر نەزەر، كۆڭلىدە ئىلھام كۆكلىسە،

www.uyghurkitap.com

قىسقىسى، ماڭلاي تېرىڭدىن بۇ ئانا يەر گۈللىسە،
ئاشۇ زور بەختىڭ ئەمەسمۇ، ئەي قەدىردان، سال چىرىم.

پارتىيە بىزنى چاقىردى يېڭىچە پەرمان قىلىپ،
دىدى: گۈللەت ھۆر ۋەتەننى جەڭگىۋار روھقا كىلىپ،
ئاشۇ پەرماننى ئادا ئەيلەيلى تاغدەك قەد كېرىپ،
ئەجرىمىزدىن بۇ ئانا تۇپراققا گۈزەللىك بېرىپ،
قولغا ئال كەتمەننى كەل، تور يەڭنى! ئاتلان، سال چىرىم!

## ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ پاجىئەسى

(مەسەل)

تىمىشقىدۇر ئەركەك، چىشى ئىككى پىل ـ
يىرىكلەشتى، بىر ـ بىرىگە سالدى تىل.

تۇغۇلغانغا ئاي توشمىغان بالىسى،
چىقىردى، ئاشتى كۆكتىن نالىسى.

پەرزەنتىنىڭ زارىغىمۇ باقماستىن،
بوغۇشۇشتى ئۇلار پىسەنت قىلماستىن.

سۇرۇپ چىقتى چىشى پىلنى ئەركىگى،
غەزەپ ئوتى بىلەن تولۇپ يۈرىگى.

بىر ـ بىرىگە پەشۋا ئېتىپ، چېپىشىپ،
قالدى نۆيدىن ئۇلار يىراق كېتىشىپ.



ئاشۇ پەيتتە بىر ئاچ يولۋاس بۇ تامان،
يېتىپ كەلدى. سالدى نەزەر ھەر قايان.

كىچىك پىلنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ ئۇ،
قالدى كەلگەن جايىدىلا توختاپ ئۇ.

(چۈنكى، پىلغا يولۇقۇشتىن ھەمىشە،
يەتتى بەكمۇ خەۋپسىرەپ ئەندىشە.

كۈچى ئاڭا يەتمىگەچكە داۋاملىق،
قىلالمايتتى يولۋاس ئاڭا يوغانلىق).

تۈيدۈرماستىن قاچماق بولۇپ ئارقىغا،
ئىختىيارسىز قارىدى ئۇ ئالدىغا.

كۆردى شۇ چاغ يىغا سېلىپ كىچىك پىل،
ئۇۋىسىدىن چىقىپ كەلدى يالاپ تىل.

توختاپ يولۋاس مۆكتى يەنە جايىغا،
قاراپ تۇردى قادىلىپ ئۇ، بوپ ئاگاھ.

كۆرۈنمەيتتى پىلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى،
زارلانماقتا ئىدى مۇندا بالىسى.

چوڭ پىللارنىڭ يوقلىقىغا ئىشىنىپ،
چىقتى يولۋاس مۆككەن جايدىن ئېتىلىپ.

بىرلا بوغۇپ، بالا پىلنى چىشلەپ ئۇ،
كۆتىرىپلا چاپتى ئوقتەك تېزلەپ ئۇ.

ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىگە بېكىنىپ،
يەدى بالا پىلنى تويۇپ - كېكىرىپ.

بولالماي بۇ بىر ئۆيلۈك پىل ئىتتىپاق،
ياۋغا پۇرسەت تۇغدۇرۇشتى ئاشۇنداق.

دۈشمىنىدىن ئۆزى كۈچلۈك بولسىمۇ،
ھەيۋىتى زور، روھى ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ؛

قوغدىيالماي پەرزەنتىنى يۈتتى قان،
نادامەتتە قالدى، چەكتى ئاھ - پىغان.

دىمەك، ئىبلىپ كىبلەر جىدەل، ئاداۋەت،
تىنچ ھاياتقا يۇقۇرقىدەك رىيازەت.



## ھەسەتخور قاغا

(مەسەل)

كەلدى ئورمانغا قىران بۈركۈت ئۇچۇپ،
قاچتى كۆرگەن تۈلكە بۇ ھالدىن چۆچۈپ.
سەزدى بۈركۈت قىچقۇاتقان تۈلكىنى،
ئاتتى ئوقتەك تۈلكە ياققا ئۆزىنى.
ساغرىسىنى تۈلكىنىڭ قاماللىدى،
تۈلكە قاخشاپ جار سېلىپ «ۋايجان! ...» دېدى،
چىشلىمەك بولغاندا تۈلكە باش بۇراپ،
تاشلىدى بۈركۈت كۆزىنى تىرنىلاپ.
يىقىلىپ تۈلكە، كۆزىدىن ئاقتى قان،
قويمىدى قوۋۇ تۈلكىنى بۈركۈت ئامان...

كۆردى قاغا ئاشۇ ئىشنى پەيتىدە،
(ئەسلى ئۇ تۇرغان قاراپ شاخ ئۈستىدە).
دېدى (كۆڭلىدە بولۇپ پەيدا ھەسەت):
— ئاشۇ بۈركۈتتىن كېمىم يوققۇ پەقەت.
بارغۇ ئۇچماققا ئۇنىڭدەك قانىتىم،
ئۆتكۈر تۇمشۇق، تىرنىقىم، كۈچ قۇدرىتىم.
نە ئۈچۈن شۇنداق تۇرۇقلۇق جىم يېتىپ،
پوچى بۈركۈتتەك بولالماي گەپ سېتىپ؛
ئۆتكۈزەرمەن كۈنلىرىمنى بىھۇدە؟!
بىر ھاماقەتتە ئەزەلدىن مەنمۇ - زە!
ھىلىھەم پۇرسەتنى كەتكۈزمەي بىكار،
تۈلكىنى تۇتماققا ئەيلەي مەن شىكار.
ئەلگە شانۇ - شۆھرىتىمنى تارقىتاي،
بۈركۈتتىن ئەۋزەللىكىمنى تونۇتاي.
شۇ نىيەت بىرلە ھەسەتخور قاغا نەس،
تۈلكىنى ئۇۋلاش ئۈچۈن قىلدى ھەۋەس.
ئايلىنىپ ئورماننى بىرمۇ بىر كېزىپ،
تۈلكىنى ئۇچراتتى ئاخىر ئىز بېسىپ.
دوراپ بۈركۈتنى ئېتىلدى ئوقسىمان،
ساغرىسىغا تۈلكىنىڭ قوندى شۇئان.

www.uyghurkitap.com

چۆچىگەن تۈلكە ئالاقزادە بولۇپ،
قاچتى ئۈركۈپ ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ.
بىر پەس ئۆتكەندە يىغىپ ئۇ ئېسىنى،
ئەتتى پەرق ئۈستىدە تۇرغان قاغىنى.
«ۋاي ئىسىت! بۆركۈتكە دۇچ كەلدىم...» دىگەن -
ئەنسىرەشتىن ئۇ خالاس بولدى روشەن.
يۈرىگى چۈشتى ئىزىغا تۈلكىنىڭ،
چېھرىدە چاقناپ زىياسى كۈلكىنىڭ.
شاقىدە قايرىپ بېشىنى ئارقىغا،
قاغىنىڭ بوينىنى ئالدى ئاغزىغا.
قاغا ۋاي داتلاشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى،
كەتتى ھۇشىدىن، زۇۋان ھىچ سۈرمىدى.
كەتتى بىر ياققا ئۇچۇپ «باتۇر»لىغى،
«پوچى بۆركۈت» تىن «چىۋەر، شاتۇر» لىغى.
قاغىنى تۈلكە يىدى مەززە قىلىپ،
قولىغا چۈشكەن ئىسىل ئولجا بىلىپ.
قاغىنىڭ شۇنداق تاماملاندى جېنى،
بولدى ھەسەتتىن ئۇنىڭ شۇ تاپقىنى!...



دىلبەر قەييۇم

# رىزۋانگۈل

## مۇقەددىمە

باتۇرلۇق ھەققىدە سۆز بولسا ئەگەر،
كېلەر كۆز ئالدىمغا قامەتلىك يىگىت.
ھەممىگە قادىردەك تۇيۇلار ئەرلەر،
ھەتتاكى بولسىمۇ قۇرۇق ئىسكىلىت.

مۇقەددەس تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ،
باتۇرلۇق بابىدا ئاياللارمۇ بار.
شۇ ئايال زاتىدىن بولغاچقا مەنمۇ،
سېزىمەن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار.

ئەنە شۇ باتۇرلۇق بابىدىن بۈگۈن،
مەن سۆزلەي دوستلارغا مۇنداق ھىكايەت؛
بۇ ئانا تۇپراقتا تۆكۈلگەن قانىنىڭ
ھەققانى شاھىدى، ئەمەس رىۋايەت.

1

باش شىتاپ ئەتراپى ئادەمگە تولغان،
پىدائىي بولۇشقا كەلگەن چوڭ - كىچىك.
قەلبىدە دۈشمەنگە بولغان نەپرىتى،
ۋولقانغا ئايلانغان ئاۋام — كۆپچىلىك.

ئەي يولداش! تىزىملاڭ مېنى،
— مېنى! — دەپ،
بەس - بەستە بۆلۈمگە كىرەر كىشىلەر؛
پىدائىي قوشۇنغا تىزىملاۋاتقان -
ئىگىز بوي يىگىتكە قاراپ تىكىلەر.

— بىزنىمۇ تىزىملاڭ كۆپنىڭ قاتارى، —
ئاڭلاندى ئارىدىن نازۇك بىر ئاۋاز. —
تازىلاپ ۋەتەننى قاغا - قۇزغۇندىن،
لاچىندەك سامادا قىلايلى پەرۋاز.

«يالت» قىلىپ قارىدى ئىگىز بوي يىگىت،
بۇرۇلۇپ بۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە.
تۇراتتى يېنىدا بىرنەچچە قىزلار،
قاتناشماق بولۇشۇپ پىدائىي سەپكە.

ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى يىگىت،
قىزلارنىڭ چىرايلىق نازۇك بەستىگە.



ئويلىدى ئىچىدە «بۇ قىزلار قانداق -
قاتنىشار ئىس - تۈتەك قاپلىغان جەڭگە؟...»

— سىڭىلار، — دېدى ئۇ سەل - پەل ھىجىيىپ، —
ئويلانماي كەپسىلەر تىزىملىتىشقا.
جەڭ دېگەن ئۇ قونچاق ئويۇنى ئەمەس،
قورقۇمسىز ئەر كېرەك بۇنداق ئۇرۇشقا.

— ياق! خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز ئاكا، —
سۆزلىدى بىر قىزچاق تەمكىنلىك بىلەن —
قىز - يىگىت ئايرىشنىڭ پەيتى ئەمەس بۇ،
پىدائىي بولۇشقا ھەقلىق ھەممەيلەن.

گەرچە قىز بولساقمۇ تۇغۇلغاندىلا
«كەل قوزام» دەپ ئاچقان ئانا يەر قوينى.
ئەرلەرگە ئوخشاشلا پەپىلەپ باققان،
«قىزكەن» دەپ ھەرگىزمۇ تولغىماي بوينى.

ئاھ! بۈگۈن ۋەتەننى باسقاندا زۇلمەت،
بىز چەتتە قانداقچە قاراپ تۇرىمىز؟
ئاتلىنىپ ئۇرۇشقا — ئالدىنقى سەپكە،
دۈشمەننىڭ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرىمىز!...

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قويۇق قاش يىگىت،
قەلەمنى تۇتقانچە قېتىپلا قالدى.
ئەتراپقا توپلاشقان ھەممە كىشىنى،
ھاياجان ھېسلىرى ئىلكىگە ئالدى.

— رىزۋانگۈل پۈتۈنلەي توغرا ئېيتىدۇ،
ئۇ بىزنىڭ ھەققانى يۈرەك سۆزىمىز.
ۋەتەنىنىڭ ئەتىسى — كېلىچەك ئۈچۈن،
پەيدائى بولۇشقا كەلدۇق ئۆزىمىز.

خەلقىمىز قوزغىلىپ ئاتلانسا جەڭگە،
بىز ئۆيدە غەلىبىنى كۈتۈپ ياتامدۇق؟
«ئەركىنلىك كېرەك» دەپ ياڭرىسا «ئۇررا»،
دالدىغا مۆكۈنۈپ ماراپ تۇرامدۇق؟

«جەڭ دىگەن ئۇ قونچاق ئويۇنى ئەمەس»
دىسىڭىز بىز ئۈچۈن ئەلەم ئەمەسمۇ؟
گومىنداڭ قانخورنىڭ بۇ ۋەتەن ئۈچۈن -
كەلتۈرگەن خورلۇغى بىزگە يەتمەسمۇ؟

تىزىملاڭ بىزنى تېز پەيدائىلىققا،
چاتاق يوق بارىمىز ئالدىنقى سەپكە.
غەزەپ ۋە نەپرەتتىن ياسالغان ئوقنى
ئاتىمىز دۈشمەنىنىڭ رەزىل كۆكسىگە.

— بولىدۇ سىڭىللار، — دىدى ئۇ يىگىت،
تىزىملىك ئۈستىدە تەۋرىدى قەلەم.
سۆھبەتنىڭ شاھىدى بولۇپ كۆرۈندى،
پېشانە ئۈستىدە مەرۋايىت شەبنەم...



## 2

رىزۋانگۈل قوي كۆزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق،
قاراقاش، قاڭشالىق، بۇغداي ئۆڭ ئىدى.
سەپ تۈزۈپ تۇراتتى تال - تال كىرپىكى،
قاپىغى بادامدەك توم ۋە دۆڭ ئىدى.

ئون توققۇز ياشلارغا كىرگەن بۇ قىزچاق،
شۇنچىلىك چېچەن ۋە ئەقىللىق ئىدى.
دوستلىرى ئىچىدە تېتىك، تىرىشچان،
قىلىقى چىرايلىق، يېقىملىق ئىدى.

قوشۇنغا كىرىپلا ئۇزۇن ئۆتمەستىن،
ئىگەللەپ ئالدى ئۇ ھەربى ماھارەت.
پىلىمىيوت، بەش ئاتار، گىراناتلارنى،
نىشانغا تەككۈزۈپ ئاتتى كارامەت.

بىر كۈنى كىردى ئۇ — شىتاپ باشلىقى
ئالدىغا يەنىلا تەلەپ قويغىلى:
— باراي مەن ئالدىنقى سەپكە — فۇرۇنتقا،
شوم، قانخور دۈشمەنىنىڭ كۆزىنى ئويغىلى.

— بۇ تەلەپ - مەقسەتنى ئۆزۈڭدىن بۇيان
قويدىڭىز تەشكىلگە، بۇنى بىلىمەن.
قەلبىڭىز بەش قولدەك ئاياندۇر بىزگە، —
سۆزلىدى باشلىقمۇ تەمكىنلىك بىلەن، —

سىر ھازىر ئارقا سەپ گوسپىتالىدا،
بۇمۇ بىر دۈشمەنگە قارشى ئىستىھكام.
ئۇرۇشتا يارىدار بولغان سەپداشلار
كېلىدۇ شۇ يەرگە، رىزۋانگۈل ئۇكام.

بارمىسا ئەگەردە ئالدىنقى سەپكە،
بولامدۇ دۈشمەنگە قارشى تۇرغانلىق؟
بۇ ئارقا سەپنىمۇ چىڭ تۇرۇپ ئىشلەش،
بولىدۇ دۈشمەنگە خەنجەر ئۇرغانلىق.

— بىلىمەن ئارقا سەپ ئىشىمۇ مۇھىم،
ئارقا سەپ ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن يۆلەك.
باشقىچە ئارزۇ يوق مېنىڭدە، باشلىق.
ئالدىنقى سەپكىلا بېرىشتىن بۆلەك.

مەن بېرىپ ئۇرۇشقا — ئالدىنقى سەپكە،
دۈشمەننىڭ كۆكسىگە بىر خەنجەر ئۇراي.
ئەجداتتىن مىراس بوپ قالغان تىغىمنى
رەقىپنىڭ قېنىدا راسا سۇغىراي.

قانداقىچە ئۆلەركىن ئەلنىڭ دۈشمىنى،
مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي.
رەقىپلەر قانلىرى ئاقسا دەريادەك،
شاتلىقتىن قاھ - قاھلاپ قانغىچە كۈلەي.

سۆزلەيتتى رىزۋانگۈل غەزەپ ئىلكىدە،
يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان ئىدى.



بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىققان ياشلىرى،
چىرايلىق كۆزىدە ئاستا ئەگىدى.

ئۇنىڭ شۇ ھالىتى بەكمۇ ئوخشايتتى،
يېرىلىش ئالدىدا تۇرغان بومبىغا.
شۇ ھالدا ئالدىدا بولسا گەر دۈشمەن،
يېرىلغان بولاتتى بومبا «گۈممىدا».

— بولىدۇ! قوشۇلدۇم، رىزۋانگۈل سىڭلىم،
قەلبىمگە يازدىڭىز ئۈچمەس خاتىرە.
ئالدىنقى سەپتىكى سەپداشلار ئۈچۈن،
سىز بولۇڭ ياخشى بىر شەپقەت ھەمشىرە.

3

«ئاق لىباس يېپىنغان يانۋار ئايلىرى،
ئاق قاردىن دەل - دەرەخ چېكىسىدە گۈل».
كۈندىلىك يېزىشنى داۋاملاشتۇردى،
يۇقۇرقى تەسۋىردىن باشلاپ رىزىۋانگۈل.

«شۇ قاردا، شۇ سوغدا دەرەخ شېخىغا
قونۇپتۇ بىر جۈپ قۇش ھەممىنى ئۇنتۇپ.
سۆزلىشەر ۋىچىرلاپ ئۆز تىللىرىدا،
گاھىدا بىر - بىرىنى قويار نوقۇشۇپ.

ئېھتىمال بۇ قۇشلار ئاشۇ شاختىكى
ئاق قارنى چېچەككە مىسال ئەتكەندۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ياكى شۇ ئاق قار سىھىرى كۈچ بىلەن،
چىچەكنىڭ ھىسسىدىن لەززەت بەرگەندۇ.

مەنمۇ بىر ياش غۇنچە سۆيگۈ - مۇھەببەت،
غۇبارسىز قەلبىمدە تۇرۇپتۇ تولۇپ.
ئەنە شۇ قۇشلاردەك نىگارىم بىلەن،
ئۆتۈشنى خالايتتىم مەڭگۈ جۈپ بولۇپ.

قول تۇتۇپ يۈرۈشسەك ئەركىن - ئازادە،
يۇرتۇمنىڭ ئازادە قۇچاقلىرىدا.
ساياھەت قىلساق بىز ئاھۇدەك يايراپ،
ياپ - يېشىل چىمەنزار يايلاقلىرىدا.

چەكلىك ۋە قىسقىكەن ياشلىق مەزگىلى،
شۇڭا ئۇ ئىنسانغا بەكمۇ قىممەتلىك.
كۈتىدۇ شۇ ياشلىق ھەر بىر كىشىدىن،
ئۆزگە بولۇشنى سېخى - ھىممەتلىك.

خالىماس قايسى ياش گۈلشەنلەر ئارا،
ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر گۈل بولۇشنى؟
خالىماس قايسى ياش گۈلنىڭ شېخىدا
سايرىغان ۋاپادار بۇلبۇل بولۇشنى؟

بىراق بۇ كۈنلەردە ۋەھشى قۇزغۇنلار،
گۈلزارلىق باغلارنى يەنچىپ چەيلىدى.
غەزەلخان، خۇش ناۋا بۇلبۇلجانلارنىڭ
نەۋ باھار پەسلىنى ۋەيران ئەيلىدى.



شۇ سەۋەپ كۆپلىگەن سادىق يۈرەكلەر،
بىمەھەل چەكمەكتە ھىجران ئازاۋى.
باقمايدۇ داۋاملىق كاج پەلەك تەتۈر،
يۈز ئاچار ئاخىرى سۆيگۈ ۋىسالى.

شۇ گۈزەل كۈنلەرنىڭ تەشناسى بولغان،
ئوت يۈرەك، پىداكار قىز - ئوغۇللار بىز.
ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئەۋلات بەختىچۈن
كۈرىشىش قەرزىمىز ھەمدە بۇرچىمىز.

يوقاتساق شۇم نىيەت ئالۋاستىلارنى،
كۆكرەر قايتىدىن چەيلەنگەن گۈلزار.
جەم قىلىپ قوينىغا پەرزەنتلىرىنى،
شاتلىنار ۋەتىنىم، گۈللىگەن دىيار.

ئەنە شۇ چاغلاردا مۇھەببەت گۈلى،
ئېچىلار كۆزلەرنى قاماشتۇرغىدەك.
ئاڭلىنار باغلاردىن بۇلبۇل ناۋاسى،
پۈتۈن يەر - جاھاننى چاڭ كەلتۈرگىدەك.

گەر نېسىپ بولمىسا ئۇ كۈنلەر بىزگە،
ياتارمىز قەۋرىدە روھىمىز كۈلۈپ.
ئەۋلاتلار چېھرىدە نۇر چېچىپ تۇرغان،
بەختىنىڭ يۇلتۇزىنى كۆرۈپ، سۆيۈنۈپ».

## 4

ئۆرلىگەن چاغدا كۈن نەيزە بويىدەك،
باشلاندى دەھشەتلىك ئۇرۇش يەنىلا.
ھەرەمباغ غەربىدە تۇرغان جەڭچىلەر،
ئاق قارغا كۆمۈلۈپ باسماقتا ئالغا.

شاھاجى بېغىدا تۇرغان سەپ ئىچرە،
بار ئىدى بىرنەچچە شەپقەت ھەمشىرە.
بۈركۈتتەك كۆزىنى تىكىپ جەڭگاھقا،
تۇراتتى رىزۋانگۈل كۈتۈپ ۋەزىپە.

قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سېپى دۈشمەنىنىڭ
خەتەرلىك ئوت كۈچى تەرەپكە كەتتى.
ئالدىدا سىلجىغان بىرنەچچە جەڭچى،
ئۇلارنىڭ پوتىيى ئالدىغا يەتتى.

ئورنىدىن چاچراپلا تۇردى رىزۋانگۈل،
سۆزلىدى جاراڭلىق سەپداشلىرىغا:
— نە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرىمىز قاراپ،
چىقايلى بىزمۇ جەڭ مەيدانلىرىغا...!

بۇ سۆزگە بەزىلەر ئۇنىماي قالدى،
چىڭ تۇردى رىزۋانگۈل ئۆز تەكلىۋىدە.
ئاستى - دە، سومكىنى يۈگۈردى ئوقتەك،
يالقۇنلاپ ئۆچ - غەزەپ ئوتلۇق كۆزىدە.



ئەل - ۋەتەن ئىشقىدا يانغان ئوت يۈرەك،
تېپەتتى ئەجداتلار روھىنى يادلاپ.
«ئەركىنلىك، ھۆرلۈك» دەپ تومۇردا قېنى
قاينايتتى ئۈزلۈكسىز تىنماي پورۇقلاپ.

ئەل - ۋەتەن سۆيگۈسى ئالدىدا ئۆلۈم،
ئۇنىڭغا ئويۇندەك كۆرۈنەر ئىدى.
قەيەردە يېقىلسا بىرەر ياردار،
خەۋپكە قارىماي يۈگۈرەر ئىدى.

دەھشەتلىك تۈس ئالدى بارغانچە ئۇرۇش،
ئۇچماقتا ۋىژىلداپ دۈشمەن ئوقلىرى.
يىرتقۇچ ھايۋاندەك چىقىراپ تۇرار،
ھەرياندا مىلتىق ۋە پىلىميوتلىرى.

ئۈچ نەپەر جەڭچىگە ئوق تەگدى دېگەن -
خەۋەرنى بىردىنلا ئاڭلىغان ھامان،
ئۇچقاندەك يۈگۈردى ئۇلار ئالدىغا،
ھەممىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان رىزۋان.

— توختاڭ، رىزۋانگۈل!
— توختاڭ، ھەي سىڭلىم!
توۋلىدى سەپداشلار ئارقا - ئارقىدىن.
ئاڭلانماس ھېچقانداق سۆز قۇلىقىغا،
ۋىژىلداپ ئۇچسىمۇ ئوقلار ئالدىدىن.

«جەڭچىگە ئوق تەگدى!... ئۇ ماڭا مۇھتاج»
شۇنىلا ئويلايتتى رىزۋانگۈل پەقەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىددەتلىك ئوق ئىچرە ئىلگىرىلەيتتى ئۇ،
قەلبىدە يانغاچقا ئەلگە مۇھەببەت.

ئاجايىپ چەبدەسلىك بىلەن رىزۋانگۈل،
ياردار جەڭچىنى ئەپچىقتى چەتكە.
ئوق تەككەن جايلارنى تازىلاپ - تېڭىپ،
يۈگۈردى يەنە بىر جەڭچى تەرەپكە.

ئۈتۈشۈپ تۇراتتى قايچا شەكلىدە،
دۈشمەنىنىڭ ئوت كۈچى ئۈچ تەرەپتىن تەڭ.
پىچىرلاپ دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى:
«ئەي رىزۋان، غەيرەت قىل، بۇ مۈشكۈلنى يەڭ!...»

كۆتىرىپ جەڭچىنى قىيسەر رىزۋانگۈل،
ئەپكەلدى بىر چولاق تامنىڭ يېنىغا.
سۆرتتى جەڭچىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى،
ئاخىرى كەلتۈردى ئۇنى ھوشىغا.

دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسى سۇنماقتا ئىدى،
ئىلگىرىلەپ باراتتى بىزنىڭ جەڭچىلەر.
ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالدى،
ئەجەلنىڭ ھاڭلىرى، نۇرغۇن خەتەرلەر.

ئىنتايىن خەۋپلىك پەيتتە بىر جەڭچى،
يىقىلدى دۈشمەنگە يېقىنلا جايدا.
«قۇتقۇزۇش كېرەك، دەپ، — ياردارنى
يۈگۈردى رىزۋانگۈل قاراپ ئۇنىڭغا.



سول ياندىن ۋىژىلداپ كەلگەن ياۋ ئوقى،
يىقتتى رىزۋاننى تېگىپ بېشىغا.
«ئاھ! رىزۋان» دېگەنچە يەنە بىر قىزچاق،
شامالدەك يۈگۈردى ئۇنىڭ قېشىغا.

— رىزۋانگۈل، رىزۋانگۈل! ئاچقىن كۆزۈڭنى! —
چۇقچۇتتى بۇ ئاۋاز ھەممىنى تەڭلا، —
ئاھ! دوستۇم، جان دوستۇم! ماڭا قارىغىن،
كىشىلەر توپلىشىپ كەلدى بىردىنلا.

ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇلغان،
سەدەپتەك چىشلىرى كەتكەن كىرىشىپ.
پېشانە - ماڭلايغا چۈشكەن قاپ - قارا
چاچلىرى تۇراتتى شۇنچە يارىشىپ.

يۇمىلاق يۈزىنى بويلاپ ئاققان قان،
سىرغىيتتى ئاستىلاپ ئانا تۇپراققا.
مۆڭلىنىپ سايرايتتى «ئىلى تورغىيى»
تەلپۈنۈپ ئالدىدا ياتقان ياپراققا.

ئۆزىنى گۇناكار سەزدىمىكىن، تاڭ؟
نەگىدۇ غايىپ بوپ قاچتى ئىس - تۈتەك.
ئاپپاق قار ئۈستىگە تۆكۈلگەن قانلار،
چاقنايتتى گوياكى كەچكى شەپەقتەك.

### خاتىمە

ئىلىنىڭ ئالمىلىق باغلىرى ئارا،
بۇلبۇللار چاكىلداپ قىلىدۇ ناۋا.
كۈيلەيدۇ دولقۇنلۇق ئىلى دەرياسى،
كۈي - ناۋا مەناسىن تارقىتار سابا.

«ئۆتسىمۇ قانچىلىك يىللار، ئەسىرلەر،
ياشايدۇ ئەل بىلەن رىزۋانگۈل ھامان،
پاك بولغاچ شېھىتلەر روھى، بىگۇمان -
ئۇنىڭكى ماكانى «جەننەتۇل رىزۋان».



**ئەسرۇللا ئابلەت**

## تيانشان، تويۇڭغا كۈيلىرىم بولاق

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن)

تاغ سۈيى، ئۇنىڭنى بەرسەڭچۇ ماڭا،
ئوقۇيمەن سېنىڭدەك تۈگىمەس ناخشا.
ئوقۇغاي جۆر بولۇپ بۇ ناخشىنى ھەم،
بۇلبۇللار سۆيۈنۈپ گۈلشەندە - شاختا.

ئورمانلار، بويۇڭدىن ئېلىپ ئەندىزە،
تۇرايمەن سېنىڭدەك قەد كېرىپ رەتتە.
ياڭرىتاي سېنىڭدەك شاۋقۇنلۇق غەزەل،
قىلماقتا يۈرىكىم شۇ دەم تەنتەنە.

مەجنۇنتال سۆيۈندۈم نازۇك جىلۋەڭدىن،
ئىشقىڭدىن ئويغاندى سۆيگۈم قوشىقى.
لال قىلدى قەلبىمنى شىۋىرلاشلىرىڭ،
بولدۇقلاپ تالغايمۇ كۈيۈم بۇلىقى.

شەھەرلەر، رەستەڭگە بولاي پايانداز،
ئۈستۈمدىن خەلقىمىز ئۆتسۇن بەھوزۇر.

بارايمەن پاراتتا ئەل بىلەن بىللە،
سۈبھىگاھ سايانغا، دېمەك بۇ ھوزۇر.

خانتەڭرى، پەددىگىنى مېنىڭدە كۆرسەت،
ئەي مۇزات چوققىسى، ھەيۋىتىڭدە ھەم.
ئەي بوغدا، ئېلىڭدە مەن بىر ئاق چېچەك،
ھە دېمەك. شاتلىقىم قەلبىمگە مەلھەم.

ئەي مۇز تاغ، ھاياتلىق بەخش ئېتىكۈچى،
ئېرىسۇن ۋۇجۇدۇم ئېقىنلىرىڭدا؛
قەترە بوپ قۇيۇلاي چاڭقاق دالىغا،
يېشىللىق ئاينىسۇن بېقىنلىرىڭدا.

ئاتا قىل، بۈركۈتلەر قاناتلىرىڭنى،
قىلايمەن ئاسماندا تالماستىن پەرۋاز.
تىيانشان، ئانىجان تويۇڭدا سېنىڭ،
بۈركۈتتەك ئۇچمىغىم پارلاق بىر ئوبراز.

ئەي جۇڭغار دالىسى، تارىم ۋادىسى،
بولايمەن سېنىڭدە بىر تۈپ ئوت - گىيا.
يېشىللىق دۇنياسى كۆلسە ھۆپپىدە،
بىلىمەن ئۆزۈمنى شۇ چاغ بەسباھا.

ئالتاينىڭ ئالتۇنى چاقناپ زەررىگىدە،
يۈرىكىم پاكلىقى بولسۇن بىر ئايان.
تىيانشان، كۆشۈكۈم پەخىرلەن ھامان،
شىر يۈرەك ئوغلانىغا تولغان بۇ ماكان.



قاراماي نېفتىسى — سانائەت جېنى،
قوشۇلۇپ قېنىمغا كۆيىمەن شۇئان،
نامايەن بىر دەقىق پارلىغان نۇرمال،
نۇر بەرسە بۇ جاھان ئۇنتۇغاي قاچان؟!

قاشتېشى يۇرتىدا قاشتېشى بولۇپ،
چاقنايمەن تويۇڭدا قەدىم تىيانشان.
بەختىدىن شاتلانغان دېخان سىماسى
مەن سەندە، زەرەپشان مۇبارەك ماكان.

ئەي ئاتۇش ئەنجۈرى، قەشقەر ئانارى،
كورلىنىڭ نەشپۈتى جانىنىڭ باھارى.
تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قومۇل قوغۇنى،
ئېلىنىڭ ئالمىسى دىلىنىڭ خۇمارى.

بەردىڭلار تىل يارار تەمىڭلارنى كۆپ،
جەم بولۇپ بۇ تويدا بارچىڭلار مەندە.
تىيانشان ئانىمىز تېتىدى، قاندى،
شاتلىقتىن يېرىلدىم سىغماي ھېچ تەنگە.

ئانىجان، تويۇڭدا سوقماقتا يۈرەك،
ھېسسىيات دولقۇنى ئۇرغۇتقاچ قانىنى.
مەرىكەڭ ئەل تويى، ئەل ئازاتلىقى،
قاپلىسۇن كۆيىمىز كۆكنى - جاھاننى.

## يېڭى يىل كۈيى

مەرھابا، يېڭى يىل، يېڭىچە كەلدىڭ،
كۆز تىكتىم ساڭا مەن مۇھەببەت بىلەن.

ئالدىمدا تۇرىدۇ يېڭى ۋەزىپە،
ئورۇنلاش ئەھدىمدۇر زور غەيرەت بىلەن.

شەكسىزكى، يېڭىدىن تىكلىگەن كۆچەت،
يىل ئۆتۈپ چوڭىيار، كۆچىيەر غولى.
يېڭىنىڭ يېڭىچە قەيسەرلىگى بار،
يېڭىنىڭ يېڭىچە هاياتىي كۈچى.

شۇڭلاشقا، يېڭى يىل، مۇبارەك ساڭا،
سەن بىلەن پاك قەلبتە ئارزۇ ئۇلغىيار.
سەن بىلەن يارىلار يېڭى مۆجىزە،
سەن بىلەن يېڭىچە پىكىر ئويغىنار...

ئەلىسەك بىز باسقان هەر مۇساپىدە،
يېڭى يىل يۈرەكتە قوزغىغان ئىلھام.
يىللارغا يېڭىلىق سوغا قىلىدۇق بىز،
شۇڭلاشقا قويۇلغان مەرتلەر دىگەن نام.

ئەلىسەك، يىللارنىڭ ئۆزىمۇ گۇۋا،
غەلبىمىز تۇغىدۇ ئۇپۇققا شەپەق.
يېڭى يىل لەۋھەسى ھەسىن - ھۆسەندۇر،
ئۇنىمۇ چاقناتقان ئەجرىمىز پەقەت.

ئۆزىنى يىللارغا بېغىشلاپ ئۆتتى،
ۋەتەننىڭ مەرتلىرى، ۋىجدانلىق ئوغلان.
ئۇلارنى قوينىدا ساقلايدۇ يىللار،
يىللارنى ياشىنتار ئاشۇ قەھرىمان.



يېڭى يىل، يولۇڭدا تەر تۆكۈش شەرەپ،
بار بىزدە شىجائەت، كۈچ - قۇۋۋەت، دەرمان.
بىلىمىز پاك تەردىن قەترە قېتىلسا،
قۇرىماي دولقۇنلاپ تۇرىدۇ ئوكيان.

تۆھپىكار ۋاقىتنى ئالتۇندىن قىممەت -
بىلىدۇ مىنۇتنى ئۆتمەس بىھۇدە.
يىللارنىڭ قەدرىنى بىلىدۇق تېخىمۇ،
تەجرىبە - ساۋاق بار ھەربىر غەلبىدە.

## دوست

چەكمىگەن بارمىدۇ هاياتتا كۈلپەت،
(بۇنىڭغا ئىنسانلار ئاسانسەن ئۆلپەت!).
بەزىلەر چەككەندە كۈلپەت - رىيازەت،
بەزىلەر ئۇنىڭدىن تاپتى تاپاۋەت.
بېشىغا كۈن چۈشەر ئادەم دىگەننىڭ،
چېكىشتۇر سىرلىرى ئالەم دىگەننىڭ.
بېشىمغا كۈن چۈشتى قاچتى قانچىلار،
قاچقانلار — قاسقانلاپ يىگەن مانتىلار.
قانچىلار بولۇشتى تېخىمۇ ئۆلپەت،
كۆيۈندى دىلىدىن كۆرسەتتى خىزمەت....
ئەپەندى سوراپتىكەن سۇلتان پاشادىن:
ساناپ بەر دوستۇڭنى هازىر بارلاردىن.
دەپتىكەن شۇ چاغدا سۇلتان پاشايىم:
مەن تەختتىن چۈشكەندە بىلگىن پۇقرايىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئابدۇللا ساۋۇت**

## ۋەتەن ھەققىدە غەزەللەر

**1**

ۋەتەننى ئۆز نىگارىم دەپ يۈرەكتىن سۆيگىنىم ئەلا،
ئۇنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا بولۇپ ئوت، كۆيگىنىم ئەلا.

نە ھاجەت بولمىغىم ئۆلپەت گۈزەل جەننەتتە ھۆرلەرگە،
ۋەتەنىنىڭ دەشتىنى جەننەت ھىساپلاپ يۈرگىنىم ئەلا.

يىراق ئەلدە ياشاپ مىڭ يىل ھىجىر ئوتىدا كۆيگەندىن،
ياشاپ بىر كۈن دىيارىمنىڭ يۈزىنى كۆرگىنىم ئەلا.

ۋەتەندىن ئۆزگە نە بەختىم، سۇلايمان تەختىنى بەرسە،
ۋەتەنىنىڭ قوينىدا يايراپ خوشال بىر كۈلگىنىم ئەلا.

رىزامەن ناشتىلىق بولسا ماڭا بىر بۇردا نان ئۈچ كۈن،
ۋەتەنىمنىڭ ئىشقىدىن لەززەت ئېلىپ كەيپ سۈرگىنىم ئەلا،

قاقاس تاغدەك ئېگىز كۆككە قاراپ بوينۇمنى سوزغاندىن
بولۇپ بىر تال گىيا، يۇرتىنىڭ بېغىغا ئۈنگىنىم ئەلا.



ۋەتەننى تەرك ئېتىپ بىر كۈن باشالمايدۇ پىدائى ھېچ [illegible]
ۋەتەن جاندىن ئەزىز، قىممەت. ئۇنىڭسىز ئۆلگىنىم ئەلا

**2**

بۈگۈن شاتلىقتا زوق ـ ئىلھام قىزىنى دىلرابا ئەيلەي [illegible]
يۈرەكتىن جوش ئۇرۇپ چىققان سۆزۈمنى ئىپتىدا ئەيلەي

گۈزەل مەنزىل قىلىپ مەپتۇن مىنى چىللاپتۇ زور تويغا [illegible]
مۇھەببەت نۇرىغا چۆمگەن دىلىمدىن «مەرھابا!» ئەيلەي

مانا، مەنمۇ بۈيۈك سەپتە ساما، چولپانغا يول سالدىم،
ئىجات گۈلزارىدا خەلقىم بىلەن بىللە ساما ئەيلەي.

شىجائەت ـ غەيرىتىم بىرلە ئۆتتۈپ مۈشكۈل سىناقلاردىن،
يەڭگىتىلىكنىڭ ماقامىدا قارارىمنى ئادا ئەيلەي.

ئەگەر بۇ يولنى شۇم مەلئۇن ـ رەقىپلەر توسسا ھەرياندىن،
ئادالەت شەمشىرى بىرلە ئۇرۇپ، جاندىن جۇدا ئەيلەي.

ۋەتەن ئىقبالى بىر سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئاتا قىلدى،
شۇ سۆيگۈ ئىشقىدا بۇلبۇل كەبى سايراپ ناۋا ئەيلەي.

پىدائى دەيدۇ: پەرھاتتەك قازاي بىستۇننى ھارماستىن،
شېرىن ۋەسلى مېنىڭ بەختىم، بۇ يولدا جان پىدا ئەيلەي.

3

ۋەتەن ئىشقى بىلەن تاپتى مورۇۋۋەت، ئىتىۋار كۆڭلۈم،
ئەلەملەر ۋەھىمىدىن خالى، قۇياشلىق نەۋ باھار كۆڭلۈم.

تەۋەللۇت قىلدى، ئۆستۈردى، بېرىپ سۈت كوكسىدىن دائىم،
ۋاپا - مېھرى سىڭىپ كەتكەچ، ئەجەپ پاك، بىغۇبار كۆڭلۈم.

ۋەتەن گۈلشەنىدە ھەر گۈل - گىيا جىسمىمغا جان بەرگەچ،
ئۇنىڭ ئەنبەركەبى خۇشبۇيى پۇراقىغا خۇمار كۆڭلۈم.

تېگىشمەيمەن ئۇنىڭ بىر تال تېشىنى زەرگە - ئالتۇنغا،
ئىچىپ ئابىھايات زەمزەم سۈيىنى زەپ قانار كۆڭلۈم.

ماڭا چىمىدىم توپا - خاكى بېرەر ئالەمچە بايلىقنى،
شىپالىق، ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالسام تىنار كۆڭلۈم.

ۋەتەنگە مەرت ئوغۇل بولماق شەرەپلىك، ئالى بۇرچۇمدۇر،
ساداقەت گۈلىدىن دەستە تىزىپ سوغات سونار كۆڭلۈم.

پىدائى تەر تۆكۈپ ئىشلەپ ئىچىلدۇرماق ئۈچۈن لالە،
ئىجاتىنىڭ دىلبىرى بىرلە داۋام سۆھبەت قۇرار كۆڭلۈم.

4

ماڭا يەتكۈزدى ھەر مەنزىل مۇھەببەت، رەھنىمالىقنى،
ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدىن تاپتىم بۇ سۆيگۈ - ئاشىنالىقنى.

ئەزىز يۇرت خاكىدىن جىسمىم پۈتتۈن، مەۋجۇت ئىبتىلگەندۇر،
ئاتا قىلغان سۆيى جان - كۆچ بېرىپ مەلھەم - شىپالىقنى.

ئۇنىڭ مېھرى - قۇچاغىدا تېپىپ ئەركىمنى ئۆستۈم شوخ،
كىيىكتەك بى تىنىم ئەركىن كېزىپ گۈلشەن، قىيالىقنى.

گۈزەل بوستانىدا لەۋ ئاچتىم قىزىل غۇنچە كەبى تاڭدا،
كۆرۈپتۇ كىم بۇنىڭدەك پاك نەپەسكە ساپ ھاۋالىقنى.

دىيارىم قوينىدا ھەر تاش سۇلايمان گەنجىدىن ئارتۇق،
گىياسى ئەيلىگەي مەپتۇن نىچە لەيلى زىبالىقنى.

شۇڭا مەجنۇنى ئاشىقمەن، ئەقىدەم تاغ كەبى يۈكسەك،
ئىشەنمەي كىم سوراپ قالسا بېرەر ۋىجدان گۇۋالىقنى.

ئۇلۇغ ئەجداتلىرىم بەرگەچ يېگىش جەڭنامىسىدىن دەرس،
ئۈگەندىم ئاشۇ قامۇستىن ۋەتەنگە جان پىدالىقنى.

ياشاپ بىر كۈن ئەجەل يەتسە دىلىمدا قالمىغاي ئارمان،
پەقەت سەرسە ۋەتەن، تۆھپەم - ئىجادىمغا رىزالىقنى.

تېنىم تۇپراق قېتىدا جىم ۋىسال پەيزىنى سۈرگەي خوپ،
پىدائىغا مۇھەببەت ھېچ راۋا كۆرمەس جۇدالىقنى.

5

جاھان گۈلزارىدا تەنھا ۋەتەن بىر گۈلگە ئوخشايدۇ،
نە گۈلكى، ھۆسنى ئۈز، زىبا چىمەن سۇمبۇلغا ئوخشايدۇ.

www.uyghurkitap.com

سا باسى يەلپۈسە تاغدا كۈلەر يۇمران نىهال باغدا،
ئۇنىڭ شوخ تەۋرىشى نازۇك، نەپىس ئۇسۇلغا ئوخشايدۇ.

ئاقار دەرياسىدا كەۋسەر، تېشى قىممەتباها گۆھەر،
شەھەر، ھەتتاكى سەھرامۇ ھەرەم - بەيتۇلغا ئوخشايدۇ.

تېغىدا خىلمۇ - خىل مەدەن، قېزىشقا كانچىلار زوقمەن،
يولىدا ئۇشبۇ مەقسەتنىڭ ئۇلار مۇقبۇلغا ئوخشايدۇ.

ياشار قوينىدا ھەر مىللەت، تۆكۈپ قان - تەر، قىلىپ مېھنەت،
گويا ھەر بىرسى بىر بارماق، تۈگۈلگەن قولغا ئوخشايدۇ.

داۋام غەلبە - زەپەر، شاندىن خەۋەر كەلمەكتە ھەر ياندىن،
ناۋانىڭ ئەۋجىدە شاتلىق جۇلا - مەرغۇلغا ئوخشايدۇ.

مۇھەببەت بابىدا شۇنداق، سۆيۈملۈك بۇ ئانا تۇپراق،
پىدائى تېنىمىغاي كۈيلەپ، ئۇنى بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ.



ئابلىكىم باقى

## كۆردۈم

قۇياش كۈلدى گۈزەل تاغدا بەخت ئەنۋارىنى كۆردۈم،
سائادەتتىن كامال تاپقان ۋەتەن دىيارىنى كۆردۈم.

ئېچىلدى رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر، قەلبلەر ياشنىدى گۈللەپ،
باھار بۇلبۇلىدەك سايراپ چىمەن گۈلزارىنى كۆردۈم.

ئۇسۇلغا چۈشتى خانتەڭرى، ئىلى ئۆركەش ياساپ ئاقتى،
قىزىلتاغ ھەمدە ھېيتكادا چېلىنغان ناغرىنى كۆردۈم.

جىمى ئادەم بولۇپ بۇلبۇل ئۇرۇپ خەندان گۈلىستاندا،
مۇقام كۈيلەرنى ياڭراتقان ساتار، دۇتارىنى كۆردۈم.

ۋەتەن تاپقاچقا ھۆر نىجات، ئىلىم - پەنلەردە زور ئىجات،
تەشەككۈر ياغدى دەۋرىمگە خەلق ئىزھارىنى كۆردۈم.

يۈرۈش باشلاندى ھەيۋەتلىك، قوشۇن جۈرئەتلىك - غەيرەتلىك،
يېڭىش مارشىنى ياڭراتقان كۈرەش سەردارىنى كۆردۈم.

ئەسىرلىك ئىشقا قول سالغان، يىراق مەنزىلگە يول ئالغان،
ئۇلۇغ غايىگە تەلپۈنگەن زەپەر شۇڭقارىنى كۆردۈم.

نىشان بويلاپ قەدەم تاشلاپ، شېرىن ئارزۇغا يەتمەككە،
ۋىسال ئىشقىدا پەرھاتنىڭ سۆيەر نىگارىنى كۆردۈم.

كېلىچەك دىلبىرى كۈلدى، ئۇنىڭ قولىدا گۈلدەستە،
چېلىشقا چۈشتى پالۋانلار، پولات تۇلپارىنى كۆردۈم.

ئۇلۇغۋار غايىمىز پارلاق، ئۈمىتۋار ناخشىمىز ياڭراق،
ئېلىمگە ئالقىشى پۈتمەس — پۈتۈن يەر شارىنى كۆردۈم.

## مەن كەلدىم

مەن كەلدىم گۈزەل يۇرتۇم غۇلاچ تاشلاپ،
سېغىنىش دەرياسىدا سەلدەك ئېقىپ
مەن كەلدىم گويا ھەسەل ھەرىسىدەك،
مەرىپەت گۈلزارىدىن شىرنە يىغىپ.

مەن كەلدىم قاناتلىنىپ شامالدىن تېز،
باغرىمنى ياقاي ساڭا، قوينۇڭغا ئال.
مەن كەلدىم ۋۇجۇدۇمنى ئاتاپ ساڭا،
تەرىمدىن، مېھنىتىمدىن بېرىشكە بال.

## خۇشخەۋەرنى ياڭرات كەپتىرىم

ھېيتكادىن قوپۇپ بەردىم مىڭ جۈپ كەپتەر،
ھەر كەپتەرنىڭ قانىتىدا تۈمەن دەپتەر.
ياڭرايدۇ ئۇندىن يۈرەك سادالىرىم،
خانتەڭرى، پامىر ھەتتا بەيتىك قەدەر.



پەرۋاز قىل كەپتەرلىرىم قېقىپ قانات،
نەزەر سال ئاۋات ھېيتكا بازارىغا.
سالام بەر يەرگە بېقىپ ھۆرمەت بىلەن،
شۆھرەتلىك بوۋام مەھمۇت مازارىغا.

خۇشخەۋەر! تاپتى ئەزىز ماكانىنى،
ئالەمگە مەشھۇر دىۋان — بۈيۈك كىتاپ.
چاقنىدى كۆكتىن ئەمەس، قەشقەرىمدىن —
بىر چولپان، يەر-جاھانغا قىلدى خىتاپ.

كەپتىرىم، ياڭرات ئەرشكە خۇشخەۋەرنى،
شاتلانسۇن. پەخىرلەنسۇن بارچە يۈرەك.
چىشلەپ كەل رەڭدار چېچەك سۆيۈنچىگە
قويايلى بىز قەۋرىگە گۈلچەمبىرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## يۇرتۇمنىڭ سۈيى

ئېخ!...
غۇلۇدىن سۇ ئىچتىم،
يۇرتۇمنىڭ سۈيى،
بالمۇ سەن ـ قىياممۇ، شۇنچىلا لەزىز؟!
بىلىمەن: سەن بۈگۈن بىكار ئاقمايسەن،
تاتلىغىڭ ـ ئىشىڭدا، مېھنىتىڭ ئەزىز.

× × ×

قەدىمىي يارلىقنىڭ ئورنىدا توپ ـ توز،
قېلىپتا قويغاندەك دەريا ئاقىدۇ.
بۇرۇنقى بەڭۋاش سۇ شۇنچىلا رەيىش،
ئۆي ـ ئۆيگە توك بېرىپ، يۇلتۇز ياقىدۇ.

نۇرلانغان ئۆيلەردە خوشال دىخانلار،
ھالال تەر ـ ئەجرىنىڭ ماغزىن چاقىدۇ.
شۇ نۇرنىڭ مەشۇغى ـــ چوكانلار، قىزلار،
توغاچتەك مەگزىنى نۇرغا ياقىدۇ.

سىم بىلەن زاۋۇتقا ئاقار كۈچ ـ قۇۋۋەت،
ماشىنا ـ ئىستانوك گۈرۈلدەر سېختا.



ھەممە يەر گۈرۈلدەر، ھەممە ئۆي يورۇق،
ھەممەيلەن يورۇقتا، كارخانا ئىشتا.

× × ×

يۇرتۇمنىڭ سۈيىدىن ئىچتىم يېنىشلاپ،
لەززىتى تېنىمگە دەرھال تارىدى.
سۇ ئۇيناقلىدى: «يەنە ئىش بەر» دەپ،
مەن كۈلۈپ قارىدىم، خۇلقى يارىدى.

مەن دىدىم: «ھازىرچە ئويناپ كېتىۋەر،
ئالدىڭدا يەنە بىر نودىن چۈشىسەن.
ئۆرۈلۈپ نەچچىلەپ چاقىقا، ئاخىرى ـ
ھالسىراپ ئېتىزغا ـــ تۇزگە كۆچىسەن!...»

## ئامرىغىم

«ئامرىغىڭ كىم؟»
سورىدى مەندىن،
بىر ئاغىنەم جاۋاپقا قىستاپ.
دىدىم: «ئۇنىڭ ھىكمىتى چەكسىز،
ئىسمى ـــ ئاددى بىرلا سۆز ـــ كىتاپ».

جاۋابىمدىن كۈلدى ئاغىنەم،
گويا مېنى چاخچاق قىلدى دەپ.
چۈشەندۈردۈم: «گۇۋاچىممۇ بار،
بۇ ـــ ئايگۈلۈم ئىسپاتلىغان گەپ.

دەيدۇ دائىم ئايگۈلۈم ماڭا:
«جۈپ كۆزىڭىز ھامان كىتاپتا...»
قارىمايلا بىلىمەن مەنمۇ،
ئۇنىڭ كۆزى نەدە شۇ تاپتا.

ئۇمۇ ئامراق كىتاپقا شۇنداق،
كىتايلاردىن تېرەر گۈل - چىمەن.
دەيمەن (دەيدۇ): مەڭگۈ بىللە مەن،
ئامرىقىمنىڭ ئامرىقى بىلەن...»



**يۇسۇپجان ھېيىت**

## غەزەللەر

### 1

دىيارىم گۈل، گۈل ئارا سەرخىل قىزىل گۈلنىڭ ئۆزى دەيمەن،
جاھان ئالتۇن ئۈزۈك بولسا، سېنى ياقۇت كۆزى دەيمەن.

كۆيۈك ئىشقىڭدا پەرمانە ھىساپسىز ئەلخۇمار كۆردۈم،
شۇ يالقۇنلۇق نەزەرلەرنىڭ گۈزەللىك ئەندىزى دەيمەن.

ھاياتىمغا قۇياشتىن نۇر، شىپالىق ساپ نەپەس بەردىڭ،
مېھرى - ئىشقىڭنى مېھنەتتە جېنىمنىڭ يىلتىزى دەيمەن.

يېرىڭ مۇنبەت، سۈيۈڭ ئەلۋەك، تېغىڭ زەر، باغلىرىڭ جەننەت،
بۇنى چىن ئىپتىخار بىرلە ھاياتىمنىڭ يېزى دەيمەن.

تىيانشان باغرىدا ھەر كۈن بۈيۈك بەستىڭگە باش قويدۇم،
سەۋەپكى، مەن سېنى نۇرلۇق ئۈمىتىمنىڭ يۇلتۇزى دەيمەن.

تەرىپىڭ كاتتا قامۇسكى، تارىخ ئىچرە مۇقەددەستۇر،
سېنى ئەلنىڭ بۆشۈگى ھەم غەزەلخان دېڭىزى دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەن ئالتۇندەك دىيارىمسەن، جېنىمسەن، جان نىگارىمسەن،
ئۇلۇغ ئەھدىڭنى ئاقلاشنى جېنىمنىڭ رىشتىسى دەيمەن.

2

مېنى ھەيرانۇ ـ ھەس قىلغان، نىگار، مەگزىنگدىكى شەبنەم،
نە شەبنەمكى، ھايات مەناسىدا ئابىھايات — زەمزەم.

زەمزەمكى، ھالال تەر ئۈنچىسى، تەنىنىڭ قۇۋۋەت سەرپى،
شۇ تەردىن بىنا بولغان گۈلىستان باغ ـ ئىرەم، ئالەم.

زېمىنىغا يۈك — ۋەتەن ئەلگە بىبەھرى ئول قۇرۇق ئۇستىخان،
ئايان ھەر چاغ جاھانغا مېھنىتى ـ ئەجرى بۈيۈك ئادەم.

جامالىڭ مىسلى چوغلۇقتۇر، يۈزۈڭ يورۇق تولۇن ئايىكىم،
شۇڭا جىسمىڭنى زەر قۇچقان ياسانغاندەك بولۇپ ئايەم.

خۇمالىق قاپ ـ قارا ئاھۇ كۆزۈڭدە چىن مېھىر ـ شەپقەت،
نىگاھىڭ ئەلگە قەلبىڭنى قىلار ئاشكار ـ ئايان ھەردەم.

قارا زۇلفىڭ بولۇپ سالغا كۆكۈل رىشتىمنى ئۇۋ قىلسا،
لېۋىڭ تاتلىق، بازاردا قەن باھاسىن سۇندۇرار بال ھەم.

بۈيۈك ئارزۇلىرىم شۇكى، تېرىمدىن ئەلگە باغ ئەتمەك،
راۋا كۆرسەڭ ئەجەپكىم بىر يېزىلسا بۇ ھايات سەھپەم.

3

مەن ئەسىر بولدۇم ئىشقىقا گۈلى رەنانى كۆرۈپ،
ھۆسنى كۈلگۈنچەك تولۇنئاي زېھنى دەنانى كۆرۈپ.



باغ ئىدىكىم گۈل چىمەن غۇنچە ـ چېچەكلەر گۈلشىنى،
ياش كۆچەتلەر مەيتۈنى ئول مېھرى دەريانى كۆرۈپ.

يار سالام قىلدى كۈلۈپ ئىللىق تەبەسسۇم يامرىدى،
مەن جۇدا بولدۇم ھوشۇمدىن مىسلى زوھرانى كۆرۈپ.

ئىلتىپات ئەتتى مەرىپەت باغچىسىدىن قىلدىم تاۋاپ،
باغ ئارا يار مېھرىنى، ئۆز ھۆسنى تەنھانى كۆرۈپ.

ھەممە ياقتىن قوڭغۇراقتەك نەۋقىران ئاۋاز كېلۇر،
نۇر ـ بېزەكلەردىن تۈزۈلگەن يېڭى دۇنيانى كۆرۈپ.

خەستە جاننى قوشتى شاتلىق، يەتتى ئاسمانغا بېشىم،
ئىلمۇ ـ پەننىڭ ئەھلىنى — چىن سۆيگۈ ھەمرانى كۆرۈپ.

ئەي، يۈسۈپجان، قىل شىجائەت، قويما يارنى كۈتتۈرۈپ،
سەت بولۇر، ئات سالمىساڭ بەيگىگە تەشنانى كۆرۈپ.

## ئانا تىيانشان

ھۆيۈپكە قورقۇنچلۇق سۈرلۈك، تىك قىيا،
بۇركۈتكە ئانا ماكان — سۆيۈملۈك ئۇۋا.

(خاتىرەمدىن)

ئالدىمدا ئاپپاق قار يېپىنغان چوققا،
ئاسمانغا تاقاشقان مەغرۇر كۈمۈش تاغ.

تىك خادا تاشلاردا ناۋاترەك نوكچا،
باغرىدا زەر كەشتە باسقان كەڭرى باغ.
باغلاردا قايىنايدۇ تىرىشچان ھايات،
دىمەككى، قىش پەسلى كېلىپ - كېتەر چاغ.

ئاپپاق قار تاغلارغا مامۇقتەك يەكتەك،
ئۈستىدە ئەگىگەن بۇلۇتلار رومال.
كۆك مۇزلار ئاستىدا گىيالار سەگەك،
باھاردىن خۇشخەۋەر بېغىشلار شامال.
ئۈستى قار، كۆپ - كۆك مۇز، باغرىدا باھار،
ئويلايمەن ئاجايىپ قىسمەتقۇ بۇ ھال؟!

ئەبەتلىك بەخشەندە ئەمەس ئاڭا مۇز،
ھاڭلاردا بى مەزگىل ھۇۋلىغان بوران.
بەرگەندە بەخش قىپ ئىسسىقنى تومۇز،
مۇزلاردىن يامرايدۇ بوستانغا قىيان.
كەڭرىدۇر كائىنات، سېخى تەبىئەت،
ئۇلۇغدۇر ھەممىدىن كۈرەشچان ئىنسان.

بوز تاغلار ئارچىزار - يېشىل قارىغاي،
ئورمانلار كەشتىدەك رەتلىك ئۈز سۈرەت.
ھەر قانداق رەسسامغا نېسىپ بولمىغاي،
تەبىئەت تەسەددۇق ئەتكەن بۇ ھالەت.
سوغاقتا بوي بەرمەي قەددى تىك تۇرار،
دىيارغا بېغىشلاپ كۆركەم سەلتەنەت.

دەريالار شاۋقۇنلۇق، تىرەندۇر ئېقىن،
دولقۇنلار مىنگىشىپ ئۇخچۇپ ئاقىدۇ.



ئۈستى مۇز، ئاستىدا قىزغىن زور ئېقىم،
جۇت قانچە قۇترىسا مۇزنى چاقىدۇ.
ئېقىنغا ھارارەت بېرىدۇ زېمىن،
ئۆز ئانا - ئۆز بالا يۈرەك قاقىدۇ.

باغاشلاپ سۆيگەندە ئۇنى زەر قۇياش،
نەۋباھار كۆكلەمدىن ياپىدۇ يوپۇق.
رەڭگا - رەڭ نۇرلارغا چۆمۈلۈپ قۇم، تاش،
تەبىئەت بويىنغا ئاسىدۇ تارتۇق.
بۇ سەۋەپ دۇنياسى، ساپ تەردە مول ئاش،
كۆرەرسەن ھالاۋەت ئەجرىڭدىن ئارتۇق.

ئانامدۇر تىيانشان، خان ئەۋلادى تاغ،
كارۋان بوۋامدىن تونۇش يول - داۋان.
ئارچىزار ئورمانلار ئاتامغا بەلۋاغ،
جەڭ - كۈرەش ئۆتكەلدە چىدامغا نىشان.
زەپەرگە ھۆر ۋىسال ئاچار كەڭ قۇچاق،
ئىرادە بىرلىگى كۆتىرىپ ۋولقان.

بۇ ئانا بۆشۈگۈم سۆيۈملۈك دىيار،
چوققىلار مىنگەشكەن تاغلار تىزمىسى.
دۇنيانى مەھلىيا قىلغان دىلخۇمار،
قاتمۇ - قات يەر ئاستى بايلىق غەزنىسى.
تارىختا شۆھرىتى ئالەمگە داڭدار،
مۇقەددەس تىيانشان بۈركۈت ئۇۋىسى.

قەرزدا، ئوغلۇڭمەن، ئانا تىيانشان،
ھاياتىم ـ بارلىقىم تەسەددۇق ساڭا.
يەلكەڭگە مىلىڭ پاتمان ئۈمىت ئارتىلغان،
قەرزىمنى ئاقلاشقا ھەردەم جان پىدا.
بۈركۈتنىڭ ئوبرازى دىلغا ئىلىنجا،
ھەر چىمدىم تۇپرىقىڭ ماڭا تۇتىيا.



ئالىم مەخمۇت

## قىيا تاش

تۇرىسەن ھە زامان قىرغاقتا مەزمۇت،
دەريانىڭ دولقۇنى ئۇرسىمۇ قانچە.
پۈكۈلمەس قامىتىڭ، ئېيتقىنا قېنى،
نە ئۈچۈن بەرداشلىق سەن زادى شۇنچە؟

ئېسىمنى بىلسەم مەن تۇراتتىڭ شۇنداق،
ھازىرمۇ تۇرۇپسەن ئاشۇ ھالەتتە.
قاچاندىن باشلىغان شۇنداق تۇرۇشنى،
تۇرارسەن يەنىمۇ قاچانلارغىچە؟

دىدى تاش شۇ ھامان كىرىپ زۇۋانغا:
كۆلەيمۇ، ھەي يىگىت، ئەخمەقلىقىڭغا.
فارابى، قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
نە سەۋەپ كەلمىدى سىنىڭ يادىڭغا؟!

بىلىپ قوي! مەزمۇتلۇق ئۇلاردىن كەلگەن،
پۈكۈلمەس قامىتىم ـــ ئۇلارنىڭ روھى.

تارىخنىڭ بېتىگە ياقۇت گۈل چەككەن،
ئۇلارنىڭ بەرداشلىق شۇ ماھىر قولى.

قەدىمدىن مەۋجۇتمەن مۇشۇ زېمىندا،
ئەجدادنىڭ ئىشىغا بولۇپ گۇۋاچى.
كۆرگەيمەن سېنىڭ ھەم نەۋرە - چەۋرەڭنىڭ،
قانچىلىك ئىشلارنى قىلغىنىن تېخى.

1984 - يىل، ئۆكتەبىر.



ئابلىز ھەسەن

# ئايدىڭ كېچە

ئىمانچە كۆڭۈللۈك بۇ ئايدىڭ كېچە،
خىلۋەت تۈن دىلدا زوق، ھىسلار ئويغىتار.
ساپ ھاۋا، شامالنىڭ پەيزى ئۆزگىچە،
يۈرەكنى سەگىتىپ ئىلھام قوزغىتار.

كۆكتىكى يۇلتۇزلار قونغاندەك يەرگە،
چىراقلار جىمىرلار پارلاپ يىراقتا.
قىرمۇ - قىر ئېشىپ چۆمۈلۈپ تەرگە،
سۇ باشلاپ كەلمەكتە دېخان بۇ ياققا.

قولىدا كەتمىنى، بېلىدە پوتا،
ئايالى بەرگەن ئاق ياغ نان چېكىلگەن.
باشاقلار ئۆزئارا پىچىرلاپ گويا،
دېخانغا خوش تازىم قىلىپ ئېگىلگەن.

ئۇ — ئېتىز ئىگىسى، ئەلگە خوجايىن،
باشلىدى دان سۈيى لاي كېچىپ يۈرۈپ.
دان تۇتقان بۇغدايلار چايقىلار مەيىن،
سۈچىنى ئۆزىگە غەمگۇزار كۆرۈپ.

www.uyghurkitap.com

دولقۇنلاپ زىرائەت كىرىشتى سۆزگە:
«دېخانغا بەرگەن كىم مۇنداق جاسارەت؟...»
دېخان دەر: «ھۆكۈمەت يەر بەردى بىزگە،
بولدى كۈچ ‹بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججەت›.

كىمكى تەر تۆكسە ھوسۇلى شۇنىڭ،
كەلدى خوپ، ئېڭ قاتتىق ئىشلەيدىغان چاغ.
ئېتىزىم مايسىزار، ھويلام باغ - ۋاران،
بۇ — ئەجىر مېۋىسىن چىشلەيدىغان چاغ...»

شۇ مەھەل مەشرىقتىن كۆز قىستى چولپان،
گوياكى بۇ سۆزلەر ھەق - راست دېگەندەك.
دېخان، يەر، مايسىلار تەڭلا شاتلانغان،
ئۈزىدۇ كۆكتە ئاي خۇددى يەلكەندەك.

ئاسماندا ئۇشتۇمتۇت سايرىدى «چۇۋ - چۇۋ»،
گۈزەل تاڭ ئەلچىسى — سەگەك تورغايلار.
دېخانغا بېغىشلار خوشاللىق، ھوزۇر،
دېڭىزدەك چايقالغان بولۇق بۇغدايلار.

1983 - يىل، ئىيۇن، كورلا.



ئابدۇقادىر ھەسەن

## كىتاب

ئەلدىن - ئەلگە، دىلدىن - دىلغا داغدام يوللار ئاچقان كىتاب،
ئۆتمۈش، بۈگۈن، كەلگۈسىنى باغلاپ يىپقا چاتقان كىتاب.

تۇرمۇش — ھايات جەۋھىرىنى تىزىپ نۇرلۇق بەتلىرىگە،
ئەجدادىدىن ئەۋلادىغا ئۆچمەس مىراس سۇنغان كىتاب.

مۇئەللىپلەر ئەجىر - تەرى — گۈل - چېچەكلەر شىرنىسىدۇر،
تەپەككۇرنىڭ تۇلپارلىرى سەندە قىلار جەۋلان كىتاب.

قۇرى مەشئەل، قۇرى بۇلاق، قۇرى ھاۋا، قۇرى ئوزۇق...
مۇجەسسەمدۇر بەتلىرىدە ھېكمەت، ئىلىم - ئېرپان كىتاب.

مەيلى دىيار، مەيلى ساما، تىلسىماتنىڭ يوللىرىغا،
چېچىپ ھەردەم ئىللىق شولا نۇرلار تۆككەن ھەريان كىتاب.

ئادەم ئۆمرى قىسقا بەكمۇ، بىراق سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزاق،
تۈمەن يىللىق گۆھەرلەرگە ئەجەپ ئەپچىل ماكان كىتاب.

فاتلىرىڭدۇر پەۋەس - پەۋەس ئىپار جامى مېھرىڭىيا،
شۇمۇرگەندە شەرۋىتىڭنى مەڭگۈ ئۆلمەس ئىنسان، كىتاپ.

كىمىكى تەشنا بولسا ئەگەر قۇۋۋەت بېرەر، ئىلھام بېرەر،
تەنگە راھەت. دەرتكە شىپا، ئۇسسىغانغا دەرمان كىتاپ.

سېنى سۆيۈپ، ساڭا كۆيۈپ. باغلاپ ئوتلۇق ئىشتىياقنى،
پەن كۆكىدە جەۋلان قىلىپ. راسا قىلاي خەندان، كىتاپ.

1980 - يىل، ئۆچتۇرپان.

## ئەجىر ئەزىم

ئىپار چاچقان چېچەكلەردىن سورىسامەن:
شېرىن پۇراق، ئىسىل رەڭنى ئالدىڭ نەدىن؟
دېدى چېچەك مەغرۇر كۈلۈپ جاۋاپ بېرىپ:
ئالدىم ئىشچان مەرتلەر تۆككەن كۈمۈش تەردىن.

سەيرى ئەتسە ساما ئارا سۇنئى يۇلتۇز،
ھەۋەس بىرلە قاراپ قالدۇق بىھساپ كۆز.
كەلدى شۇتاپ سۇنئى يۇلتۇز خۇش ساداسى:
«يارالغانمەن ئالتۇن تەردىن» دېگەن بىر سۆز.

يېشىللىققا پۈركىنىپتۇ كەڭ كائىنات،
گۈلزار ئارا تۇرار يېنا قاتار، قات - قات،



ئەجىر - مېھنەت كامىل ئىكەن جىمى ئىشقا،
پۈتەر ئىكەن ئۇنىڭ بىرلە زور كەشپىيات.

بىلدىم، تەردىن چېچەك پۇراق چاچار ئىكەن،
ساما ئارا يۇلتۇز مەغرۇر ئۇچار ئىكەن.
ئىشچان تەرى — ھايات گۈلى — ئەجىر ئەزىم،
شۇڭا دىيار مەڭگۈ ياشناپ تۇرار ئىكەن.

1980 - يىل، ماي، ئۆچتۇرپان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تىيانشان مۇھەببىتى

ئەسسالام تىيانشان — قۇياش سۆيگەن تاغ،
جاھانغا مەشھۇرسەن — تاغلار ئاتىسى.
بەستىڭگە كۆز تىكسە ھەر بىر پەرزەنتىڭ،
ئېسىگە كېلىدۇ ئاتا - ئانىسى.
سەن بىزگە ئاتىسەن — تاغدەك يۆلەكسەن،
باغرى كەڭ ئانىسەن — ساھىپجامالسەن.
ئاتىسى، ئانىسى ئۆلمىگەن كىم بار،
لېكىن، سەن قېرىماس، ئۆلمەس مىسالسەن.
تىيانشان، مەن سېنىڭ پۇشتۇڭ — ئۆز جىسمىڭ،
تۆرەلدىم سېنىڭدەك ئەزىز جان - تەندىن.
سەن بىلەن ھاياتىم كۆزلىرى روشەن،
خەلقىمنىڭ ئوبرازى كۆرۈنەر سەندىن.
تىيانشان، سەن خەلقىم ئۆزى ئاچقان تاغ،
تىيانشان، سەن خەلقىم ئۆزى تىككەن باغ.
تىيانشان، سەن ئاتا - ئانام كۆرگەن يەر،
قارىغۇم كېلىدۇ بەستىڭگە ھەر چاغ.
ھەر باقسام كۆزۈمدىن سىڭىپ يۈرەككە،
رۇسلىنىپ تۇرىدۇ كۆڭلۈم قىبلىسى.
نامىڭنى يادلىسام، سېغىنسام دائىم،
مەي باغلاپ پىشىدۇ ئىلھام مېۋىسى.



دەيدىكەن: گۈزەللىك كۆزدىن يىراقتا،
ئەمما سەن كۆزۈمگە، كۆڭلۈمگە يېقىن.
شۇ تاپتا ياش كۆڭلۈم باھاردەك ئوچۇق،
ئەپسۇسكى، ساڭا خاس سۆز تاپماق قىيىن.
تىيانشان، گۈزەللىك شاھىسەن ئۆزەڭ،
بۇ ئانا زېمىننىڭ گۈزەللىكىمسەن.
گۈزەللىك ئانىسى ياراتقان سېنى،
گۈزەللىك ئانىسى — بۇ بىزنىڭ ۋەتەن.
گۈزەللىك، بايلىققا ئىنسانلار مۇھتاج.
سەن ئىنسان قەلبىنىڭ ئۈمىت - ئارزۇسى.
بېغىشلاپ ھەر دىلغا چەكسىز مۇھەببەت،
جان قاقشاڭ تۈگەيدۇ ھايات قايغۇسى.
سەن كۈلسەڭ يەر - ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەر،
يىغلىساڭ يىغلايدۇ بىللە ئېسەدەپ.
تىيانشان چاچلىرىڭ ئاقارغان شۇنداق،
بۇ قەدىم مىللەتنىڭ غېمىنىلا يەپ.
سەن تارىخ ئالدىدا ئادىل باھاچى،
جاھاننى جىڭلايسەن تارازا قويۇپ.
ھەممىنى بىلگۈچى داناسەن گويا،
يىراقنى كۆرىسەن ئېگىزدە تۇرۇپ.
خان تەڭرى، بوغدادەك چوققىلىرىڭ بار،
بىر گىگانت ئادەمدەك مەزمۇت ۋە مەغرۇر.
مۇھەببەت، نەپرەتتىن دەرس بېرەر ماڭا،
سەندىكى خىسلەتكە مۇجەسسەم غورۇر.
قۇياشنىڭ ماكانى، ئالتۇن تەختىسەن،
ئەڭ بالدۇر كۆرىسەن كۈندە نۇر - ئاپتاپ.
جەننەتنىڭ يۈزىدەك كۆرۈنەر چېھرىڭ،

شەپەقنىڭ نۇرىدا چوغلىنىپ چاقناپ.
زېمىننى تالىشۇر قامىتىڭ، سايەڭ،
دەرياغا زىننەتتۇر ئەكسىڭ، سۈرىتىڭ.
ھەر دىلغا بېرىدۇ لايىق تەسەللى،
بىر سېنىڭ ئىززىتىڭ، شانۇ - شۆھرىتىڭ.
زەر چايقاپ ئاقىدۇ قىنىغا پاتماي،
باغرىڭنى سەگىتىپ، كۈلدۈرۈپ تارىم.
بويۇڭغا رەڭگا - رەڭ يىپەك تارتقاندەك،
ئاقىدۇ ئىشقىڭدا، ئانا دىيارىم.
كۆكسۈڭ كەڭ سېخىسەن، قوينۇڭ تىلسىمات،
تۈگىمەس بايلىقسەن، دەپىنە - دۇنياسەن.
بىزنى دەپ ساقلايسەن، كۆمەك - بوخچاڭدا،
زىخچىلاپ ئالتۇن ۋە كۈمۈش - تىللاسەن.
سەن ئۇلۇغ ھاياتلىق ئانىسى بىزگە.
شۇ ئىسسىق باغرىڭدا بولدۇق بىز ئۈچۈم.
قالغاچتەك يەم توشۇپ ئۇۋىلار تىزدۇق،
زاتى پاك ئەجداتتىن ئېلىپ بىز ئۇدۇم.
چوڭ بولدۇق، ئۆك بولدۇق، ئويىندۇق، كۈلدۇق،
باغ ياساپ، زىرائەت تېرىپ، مال بېقىپ:
ئىشقىڭدا زوھرادەك دىلبەرمۇ بولدۇق،
گاھىدا تاھىردەك دەريادا ئېقىپ.
باغرىڭغا قان ئىزى چۈشمىگەن جاي يوق،
تولىسى تۆكۈلگەن قۇملۇققا، سايغا.
قەۋرىسىز ياتماقتا سانسىز قەھرىمان،
تاشلارغا باش قويۇپ نامەلۇم جايدا.
بەزىسى جاي ئالغان يۇلغۇن تېگىدىن،
بەزىبىر جەسەتلەر قالغان قىيادا.



ئەمدى مىڭ يادلىنار دۆلەت ئۆلۈم دەپ،
تارىخنىڭ بېتىدە، خالىس دۇئادا.
ئەجەپكى، نادانلار كۆرسە بىر گۈمبەز،
مەككىنى كۆرگەندەك قىلىدۇ تاۋاپ.
(مازارغا سېغىنىش ئەزەلدىن بار ئىش)
ۋە لېكىن بۇ كىم دەپ باقمايدۇ سوراپ.
ھازىرمۇ ئاسارە - ئەتىقە بولۇپ،
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ گۈمبەزلىرى بار.
ۋاراقلاپ كۆرگەندە تەزكىرىسىنى،
ئۇ ئىكەن خان، خاقان، ئىشانلار قاتار.
يۇرت سوراپ، يەپ - ئىچىپ ئۆتكەن جاناپلار،
قۇببىلىق گۈمبەزدە — شەھەردە ياتقان.
ئەلگە جان كۆيدۈرۈپ، شېھىت بولغانلار،
قەۋرىسىز — چۆللەردە، ھەر يەردە ياتقان.
سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار،
ئەمما بىر خۇي باركى، قالىدۇ تەندە.
ئۇ ئەمەس مال - دۇنيا، ھەۋەسنىڭ كويى،
ئۇ خۇيكى، ئەقىدە — ئانا ۋەتەنگە.
شۇ خۇيدا تۇغۇلغان، ياشىغان، ئۆلگەن،
بۇ قەدىم مىللەتنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرى،
تاڭ خۇمار چولپاندەك چاقناپ تۇرىدۇ.
تارىخى تۆھپىسى، ئىجتىھاتلىرى.
ئېھ، ئانا تىيانشان، ئانا يەر - زېمىن،
سەن پارلاق سۆيگۈنىڭ يۈكسەك چوققىسى.
تۈگىمەس ناخشىسەن، تۈگىمەس كۈيسەن،
سېنىڭسىز قىزىماس ھايات سەھنىسى.
تىيانشان، سەن ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى،

www.uyghurkitap.com

قويۇنۇڭدىن تارقالغان ئۇن ئىككى مۇقام،
باغرىڭغا كۆز ئېچىپ تۇغۇلسا ھەر كىم،
قېنىغا، خۇيىغا تەقدىرداش بۇ نام.
بۆشۈكتە «ئەللەي»گە سالىدۇ قۇلاق،
تەمتىلەپ ماڭغاندا ئوينايدۇ ئۇسۇل.
تىل چىقىپ ئۆگىنەر تېپىشماق، قوشاق،
ئۆمىلەپ ئۇزىتار چالغان سازغا قول.
بەش ياشتا ئېچىلار ئەقىل بۇلىغى،
ئالتىدە قويىنىغا ئالىدۇ مەكتەپ.
ئەمگەكتە پىشىدۇ مۇشتەك چېغىدا،
يىگىتلىك يېشىدا باشلايدۇ مەشرەپ.
تۇغۇلۇپ زېمىنىغا يىغلاپ چۈشكەندە،
تىيانشان، سەن ئاۋال سۆيۈنگەن ئىدىڭ.
سەن ئالتۇن بۆشۈگۈم، كىمخاپ تۆشىگىم،
ئۆمرۈمگە. بەختىمگە كۆيۈنگەن ئىدىڭ.
شان - شەرەپ گۈلىگە كۆمۈلگەن تاغسەن،
سەن گويا تۈگىمەس ناخشا، كۈي - قوشاق.
ھاياتنى ئۇلايسەن يېڭى ھاياتقا،
ھەر ئەۋلات باغلايدۇ شۇڭا ئىشتىياق.
بۈركۈت ۋە شۇڭقارلار تۇغۇلار سەندە،
قويىنۇڭنى قىلىشىپ ماكان ۋە قونداق.
(بەسلىشىپ بوي تارتقان يانداش چوققىلار
قۇياشقا، بۈركۈتكە، شۇڭقارغا ئامراق).
تىيانشان ئىشقىڭغا زوقمەن بۈركۈتلەر،
كۆك يېرىپ ئۇچىدۇ كۆز - كۆز قىلىشىپ،
جاھانغا داڭلايدۇ ئىشقىڭنى كۈيلەپ،
بۇلبۇللار مەس بولۇپ قانات قېقىشىپ.



بۈركۈتلەر باغرىڭنى ياقىدۇ ساڭا،
بۇلبۇللار تەلپۈنۈپ باقىدۇ ساڭا،
مۇز بولۇپ، قار بولۇپ، يامغۇر - سۇ بولۇپ،
بۇلۇتلار ئېرىيدۇ، ئاقىدۇ ساڭا.
تەبىئەت بىر يىلدا كۆرسە تۆت پەسىل،
ھەر كۈنى كۆرىسەن شۇنىڭ ئەسلىنى.
يەلكەڭدە كۈز بىلەن قىشنى ئۇخلىتىپ،
باغرىڭدا قۇچىسەن باھار ۋەسلىنى.
ئۈستۈڭدىن ئاۋايلاپ ئۇچىدۇ ئۇچقۇ،
باغرىڭدا ئويناقلاپ چاپىدۇ پويىز.
ئويغانسا خوشلۇقنىڭ تاتلىق تۇيغۇسى،
كۆڭلىمىز ئۆسىدۇ سەندىنمۇ ئېگىز.
بەستىڭگە تىكىلىپ كۆزۈم تالسىمۇ،
تالمايدۇ قالغاچتەك ئۇچقۇر خىيالىم.
قەلبىمگە ئورناتتىڭ ئالەمچە ئىشق،
ئەي ئانا تىيانشان، ئانا دىيارىم.
تىيانشان، باغرىڭغا باغرىمنى ياقسام،
بىر سۆيگۈ بەخش ئېتەر ئانا تەبىئەت.
ئۇ سۆيگۈ — ئانا يەر، ئانا سۆيگۈسى،
ئۇ بېرەر تېنىمگە جەننەتچە راھەت.
كۆز دىگەن مۇھەببەت ئەينىگى بولسا،
كۆزۈمدىن يۈرەكنى كۆرىدۇ كۆزلەر.
تىزىلىپ چىقىدۇ مەرۋايىت كەبى،
يۈرىكىم سىرلىرى — ئالتۇندەك سۆزلەر.
خىجالەت تۇيغۇسى ئۆلۈمگە تەڭ،
ئۆلگىچە كۈيلەيمەن مىڭ، ئون مىڭ قېتىم،
مۇھەببەت، ناخشا، كۈي بىلەن ياشىشىڭ،

قەدرىگە يېتىدۇ بۇ ئەزىز خەلقىم.
تىيانشان بۇ مېنىڭ ئۆز سۆزۈم ئەمەس،
يەتكۈزدۇم ئامانەت ئانا لەۋزىنى.
تىلىمغا بىر تۇتاش ئىخلاس - ئەقىدەم،
شۇ سۆزدىن تاپتى بۇ ئىلھام پەيزىنى.
سەن تاغلار ئاتىسى، يەر - جاھان گۇۋا،
سەلتەنەت بابىدا ساڭا سىغماس گەپ.
كەڭلىكتە، چوڭلۇقتا تەڭدىشىڭ يوقتۇر،
ئېيتقىنا، يۈرەككە سىققىنىڭ ئەجەپ.
ھەيرانمەن سېنىمۇ كۆتەرگەن زېمىن،
(زېمىننىڭ قۇدرىتى نېمانچە ئۇلۇغ.)
بۇ ئانا زېمىنغا خالدەك ياراشقان،
سەن ئەسلى زېمىندىن كۆتىرىلگەن تۇغ.
بىلىنمەس كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى،
ئەسقاتقان چېغىدا بولار قىممىتى.
سەن بىزگە ئەزىزسەن، چۈنكى سېنىڭسىز،
تولمايدۇ ۋەتەننىڭ تەرىپ - سۈپىتى.
تىيانشان تولۇپ كەت گۈزەللىككە سەن،
ئالتۇن كۈكۈلىلىق ئەۋلات قولىدا.
قايغۇ ۋە خوشلۇغىڭ، ئارزۇ - ئىستىگىڭ،
جەم بولسۇن ئىلىم - پەن، ۋەتەن يولىدا.
ئانىنىڭ چېھرىنى، ئاتا مېھرىنى،
سېغىنساق باقىمىز ساڭا تىيانشان.
بۇ ساڭا خەلقىمنىڭ يۈرەك سالىمى،
مۇقەددەس شەنىڭگە ياغسۇن شەرەپشان.

1984 - يىل، ئۆكتەبىر.



不平凡的足迹　（维文）
（诗歌集）
责任编辑：阿布力米提·阿吉

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　11·4375印张　1 插页
1985年3月第一版　1986年4月第一次印刷
印数：5250

统一书号：M10264·56　定价：0·93元